# تارىم

AltunOq

2

1985

## تەھرىر ھەيئىتى

**باش مۇھەررىر:** ئابلىمت سادىق.

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:** ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل.

**ھەيئەت ئەزالىرى** (ئىسىم فامىلىسى تەرتىپى بويىچە): ئابدۇكېرىم خوجا، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابلىمت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، غوپۇرجان بۇرھانوپ، قاھار جېلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدا بەردى.

# تارىم

( ئايلىق ئەدەبىي ژورنال )

28 - يىل نەشرى

AltunOq

1985

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلار


توخۇ باقتۇچى ...................... مەتتىمىن ھوشۇر 21
لامپۇچكا يېقىلغان چاغدا ...................... ئابدۇرۇپ پولات 27
ئەپۇ (پوۋېست) ...................... قاھار جېلىل 57
قۇربانلىق ...................... توختى ئايۇپ 102
مەھەللىدىكى ئىشلار ...................... ئابدۇكېرىم ھاشىم 115


## شېئىرلار


كۆكۆل مەرۋايىتلىرى ...................... بوغدا ئابدۇللا 10
بوز تورغاي ...................... ئىسىن ئەخمىدى 15
لىرىك شېئىرلار ...................... ئەركىن ئىبراھىم 17
ئىككى شېئىر ...................... م. زەيىدى 18
شېئىرلار ...................... ئابدۇللا ساۋۇت 43
كۆكتە پەرۋاز قىلغاندا ...................... مىرزاھىد كېرىمى 47
شېئىرلار ...................... ماخمۇت مىھەممەت 48
چوققىدا ...................... زەينۇرە ئەيسا 49
ئىككى شېئىر ...................... مەتتوختى ئەخمەت 50
يېزا ناخشىلىرى ...................... ئابدۇللا ئەبەيدۇللىن 51
يۇرت ئىلھاملىرى ...................... مەتتىمىن زىبىبۇللا 53
گۈل ئېيتقان ھېكايە (باللادا) ...................... ئىلغارجان سادىق 54
قەلب غەزەللىرى ...................... ئەزىم ناسىر 87
يول ناخشىلىرى (سىكىل) ...................... ئابدۇللا ياقۇپ 92
شېئىرلار ...................... مۇتىللا ئىبراھىم 93
ئۆزگىچە ...................... سىدىق قاۋۇز 95
ھۆسنىخەت ...................... ئىلھامجان ئابلىز 96
رۇبائىي ۋە پارچىلار ...................... ئابلىكىم تۇردى 97
بەختىمنى كۈيلەيمەن نەزمەمدە ھەركۈن ...................... ئۆمەر مۇھەممەت ئىمىن 98
ئىككى شېئىر ...................... ئەرشىدىن راشىدىن 99
ئىككى شېئىر ...................... پەرھات ئىلياس 100

# مۇندەرىجە


ئەدىبلەر مۇنبىرى

پىشقەدەم شائىر — ئەلقەم ئەختەم ........................................ 121
ئىقتىدارلىق يازغۇچى — قەييۇم تۇردى........................................ 123

تەرەپ گۈللەر

ساقال ھەققىدە پاراڭ (ھېكايە) ............ ... ......... مەمتىمىن ئابدۇزۇلى 125
ۋەتەن مېھرى (شېئىر) ........................................ تۇرسۇن غازى 129

ئوبزور ۋە ماقالىلار

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز ......... خۇجىلى 4
جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى .................. 9
«دادىل قەدەم، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىزلىنىش» ناملىق ماقالا ۋە فورمال لوگىكا
.......................................... ھېزىم قاسىم 130
ئەدىبىي ئاتالغۇلارنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى........................................ 155

باھار غۇنچىلىرى

شېئىرلار ........................................ ئەزىز ئېلى 142
ئېمىزگە (شېئىر) ........................................ ئابدۇقەييۇم ئىمىن 144
ئىككى شېئىر........................................ۋاھىتجان ئوسمان 144
شېئىرلار........................................ تاھىرجان قاسىم 145
ئىككى شېئىر........................................ ھاجى مۇھەممەت 146
«قوچاقنىڭ ئانىسى» غا (شېئىر) . ... ........................................ غالىپ راخمان 147
ساڭا ھەمدەم بولاي شۇندا (شېئىر)........................................ رىسالەت شېرىپ 147
ئەجدات ۋە ئەۋلات (شېئىر) ........................................ غالىپجان مۇھەممەت 148

ئەدىنە ك

ئادىل ھەم دادىل ۋەزىر ........................................ تېيىپجان ئېلىيوپ 149
رەسىمنى ئابلىمىت تۇردى سىزغان

## جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ

# 4-قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز

1984-يىل 12-ئاينىڭ 29-كۈنى

**خۇ چىلى**

ۋەكىللەر، يولداشلار، دوستلار:

مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە، قۇرۇلتاينى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش ۋە مەملىكەت بويىچە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پۈتۈن زېھنىنى توپلاپ، جان-دىل بىلەن 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا دۆلەتنى چاپسانراق گۈللەندۈرۈش، خەلقنى چاققانراق باي قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېنچ-ئىتتىپاق بولۇش، جانلىق-تېتىك بولۇشتەك سىياسىي ۋەزىيەت ياراتتى. مۇشۇ مەزگىلدە، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمۇ مىسلىسىز راۋاجلاندى، نادىر ئەسەرلەر ئارقىمۇ-ئارقا مەيدانغا كەلدى، يازغۇچىلار قوشۇنىدا ئىختىساسلىق كىشىلەر تۈركۈملەپ يېتىشتى، بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەر ئەدەبىيات مۇنبىرىگە مەردانە قەدەملەردە چىقىپ كەلدى. جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات — كىشىلەرنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كېلەچىكىنى چوڭقۇر بىلىشىگە ياردەم بېرىشتە، كىشىلەرنىڭ دۆلىتىمىز ۋە مىللىتىمىزنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى ئېچىشقا ئىلھام بېرىشتە، كىشىلەرنىڭ گۈزەل، رەڭدار مەنىۋىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا غايەت زور رول ئويناپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا، ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولماقتا. پاكىتلار يازغۇچىلار قوشۇنىمىزنىڭ تامامەن ئىشەنگىلى بولىدىغان ياخشى قوشۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. پارتىيە ۋە خەلق سىلەرگە رەھمەت ئوقۇيدۇ!

Altun...

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى — ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت، دەپ كۆپ قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتتى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى قاتلاشنى قولغا كەلتۈرۈش دەل مۇشۇ تۈپ ۋەزىپىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشىدۇر. بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا دۆلەتنىڭ گۈللەپ-ياشناپ قۇدرەت تېپىشىغا ۋە خەلقنىڭ پاراۋان، بەخت-سائادەتلىك بولۇشىغا پايدىلىق بولغان-بولمىغانلىقىنى بارلىق خىزمەتلەرنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى قىلىمىز. ئەدەبىيات-سەنئەت — دەۋر روھىنىڭ ئىپادىسى، دەۋرنىڭ ئالغا بېسىشىغا تۈرتكە بولىدىغان كۈچ. يازغۇچىلىرىمىز پارتىيە ۋە خەلق بىلەن قەلبداش. سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى، تەبىئىكى، ئەدەبىيات سېپىمىزنىڭمۇ تۈپ ۋەزىپىسى.

يېڭى تارىخىي دەۋردە، يازغۇچىلىرىمىز تىرىشچانلىق بىلەن ئۇلۇغ دەۋرىمىزنى سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە پەن-تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم، خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى ئەمگىكى ۋە كۈرىشىنى، غايىسى ۋە ئىنتىلىشىنى، مۇۋەپپەقىيەت ۋە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلىرىنى، شات-خۇراملىقى ۋە ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى قاينام-تاشقىنلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، باتۇرانە يېڭىلىق يارىتىدىغان، پائال تۈردە ئىسلاھات ئېلىپ بارىدىغان، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان يېڭى ئادەملەر ئوبرازىنى يارىتىپ، پاسسىپ، چىرىك ئىدىيە ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى قامچىلاپ، خەلقنى كوممۇنىستىك ئۇلۇغ غايە بىلەن تەربىيىلىشى لازىم. بۇ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى. بىز 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا پايدىلىق بولغان، جۈملىدىن، ئەمگەكچىلەرنىڭ جىددىي خىزمەتتىن كېيىنكى كۆڭۈل ئېچىشى ۋە ئارام ئېلىشىغا ياردەم بېرىدىغان بارلىق ئەسەرلەرگە مۇھتاجمىز. يازغۇچىلار ئىنسانلار روھىنىڭ ئىنژېنېرلىرى. بىز يازغۇچىلىرىمىزنىڭ چوڭقۇر يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، ئۇلۇغ دەۋرىمىزگە مۇناسىپ تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمىز.

پارتىيىمىز ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىگە ئىزچىل تۈردە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، يولداش ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەتنى بىر يۆنۈلۈش ئارمىيىسى ھېساپلايتتى. پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكىلەر بىلەن قان-گۆشتەك زىچ مۇناسىۋىتى بار، پارتىيىمىزنىڭ نۇرغۇن خادىملىرى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىلەن ناھايىتى چوڭقۇر دوستلۇقتا ئىكە، بۇ جەھەتتە يولداش جۇ ئىنلەي بىزنىڭ ئۈلگىمىز. پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ياخشى. سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ غايەت زور نەتىجىلىرى پارتىيە رەھبەرلىكىدە قولغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە بولغان رەھبەرلىكىدە، ھەقىقەتەنمۇ بەزى كەمچىلىكلەر مەۋجۇت، بۇ كەمچىلىكلەر، ئاساسەن، مۇنۇلار: بىرىنچى، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە «سول» خاھىش مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئارىلىشىۋېلىش، قالپاق ۋە مەمۇرىي بۇيرۇق ناھايىتى كۆپ بولۇپ كەلدى، ئىككىنچى، پارتىيىمىز بىر قىسىم

كادىرلارنى ئەدەبىيات-سەنئەت تارماقلىرى ۋە ئورۇنلىرىغا ئەۋەتتى، ئۇلار ياخشى يولداشلار، لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتتىن ئانچە خەۋىرى يوق، بۇمۇ پارتىيىمىزنىڭ يازغۇچىلار ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزدى؛ ئۈچىنچى، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئوتتۇرىسىدا، يازغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا، جۈملىدىن، پارتىيە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا، پارتىيە ئەزالىرى بىلەن پارتىيە ئەزاسى بولمىغانلار ئوتتۇرىسىدا، رايونلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا مۇناسىۋەت ئانچە نورمال بولمىدى، ئۆزئارا ئارتۇقچە سەزگۈر بولۇشتى. بىر بىرلىرى ئۈستىدە سۆز-چۆچەك قىلىش، بىر بىرىنى ئەيىپلەش، كۆڭۈل ئاغرىتىشلار تولىمۇ كۆپ بولۇپ كەتتى. بىزنىڭچە، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ئىشىغا بولغان رەھبەرلىكىنى ياخشىلاپ ۋە كۈچەيتىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى تەرەققى قىلىۋاتقان ھەم ئۆزگىرىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر.

ئەدەبىي ئىجادىيەت بىر خىل مەنىۋى ئەمگەك، بۇ خىل ئەمگەكنىڭ نەتىجىسى يازغۇچىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ، شەخسنىڭ ئىجادىي كۈچى، كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىنى غايەت زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش لازىم. تۇرمۇشقا نىسبەتەن چوڭقۇر چۈشەنچىگە ۋە ئالاھىدە كۆزقاراشقا ئىگە بولۇش، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە بولۇش زۆرۈر. شۇڭا، ئىجادىيەتنىڭ ئەركىن بولۇشى شەرت. دېمەك، يازغۇچى ئۆز مېڭىسى ئارقىلىق پىكىر قىلىشى، تېما، باش تېما ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى تاللاشتا تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشى، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتى، قايناق ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ ئوي-پىكرىنى ئىپادىلەشتە تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشى شەرت. شۇنداق بولغاندىلا، ھەققىي تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە ۋە تەربىيىۋى رول ئوينىيالايدىغان ئەسەرلەرنى يازغىلى بولىدۇ. لېنىن: «سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ھەققىي ئەركىن ئەدەبىيات» دېگەن ئىدى. پارتىيىمىز، ھۆكۈمىتىمىز، ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرىمىزدىن تارتىپ پۈتۈن جەمئىيەتكىچە ھەممىسى يازغۇچىلارنىڭ بۇ خىل ئەركىنلىكىگە قەتئىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

پارتىيە ۋە دۆلەت ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنى زۆرۈر شەرت-شارائىتلار بىلەن تەمىن ئېتىشى، زۆرۈر مۇھىت ۋە كەيپىيات ھازىرلاپ بېرىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يازغۇچىلارمۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيە-ھېسسىياتى ۋە پۈتكۈل ئىجادىيەت پائالىيىتىنى پارتىيە ۋە دۆلەت يارىتىپ بەرگەن بۇ خىل ئەركىنلىك مۇھىتىغا ماسلاشتۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى بىلىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشى، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى بىلىشى، كاپىتالىزىمنىڭ چىرىك ئىدىيىسى ۋە فېئودالىزىمنىڭ قالدۇق زەھەرلىرىگە قارشى تۇرۇشى زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندىلا، ئەركىن ئىجادىيەت مەنزىلىگە ھەققىي تۈردە قەدەم قويغىلى بولىدۇ. بىز ئىشىنىمىزكى، يازغۇچىلىرىمىز بۇ خىل ئەركىنلىكنى قەدىرلەپ ۋە ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئىستىداتىنى ئەركىن جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزىم ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدۇ.

**سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىش كېرەك.** «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىل-

سۇن، بارلىق ئېقىدىلار بەس - بەستە سايرىسۇن» دىگەن يۆنۈلۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. بە-
دىئى ئىجادىيەت داۋامىدا سادىر بولغان سەۋەنلىك ۋە مەسىلىلەر، قانۇنغا مۇخالىپ بولمىسىلا،
ئەدەبىي ئوبزور يەنى تەنقىت، مۇھاكىمە ۋە بەس - مۇنازىرە ئارقىلىق ھەل قىلىنىشى لازىم،
تەنقىتلەنگەن يازغۇچىنىڭ سىياسى جەھەتتە كەمسىتىلمەسلىگە، تەنقىت سەۋەۋىدىن چارە
كۆرۈلۈش ياكى باشقا تەشكىلىي بىرتەرەپ قىلىشلارغا ئۇچرىماسلىغىغا كاپالەتلىك قىلىش زۆ-
رۇر. ئەدەبىي ئوبزورچىلىقتا باراۋەرلىك ۋە سەممىي پوزىتسىيە قوللىنىش، ئاددى، قوپال بول-
ماسلىق لازىم، «چەكسىز پىرىنسىپقا كۆتىرىش»، سىياسى قالپاق كىيگۈزۈش بىلەن شۇغۇللان-
ماسلىق، تەنقىتكە قارشى تۇرۇشقا يول قويۇش كېرەك. نۆۋەتتە، ئەدەبىي ئوبزورچىلىغىمىز
تېخى ئانچە تەرەققى قىلمىدى. ئوبزورچىلىق كىشىلەرنىڭ ئالغا بېسىش ئىشەنچى ۋە غەيرە-
تىنى ئاشۇرۇپ، يازغۇچىلارنىڭ بەدىئى تەربىيىلىنىشىنى ئۆستۈرۈپ، پۈتكۈل ئەدەبىيات - سەن-
ئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ - ياشنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت
سېپىدىكى يولداشلار بىرلىكتە تىرىشىپ، ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنى قەددەممۇ - قەدەم راۋاجلاندۇ-
رۇشى لازىم. ئىجادىيەت ئەركىن بولغىنىغا ئوخشاش، ئوبزورچىلىقمۇ ئەركىن بولۇشى كېرەك.
ئوبزور ئەركىنلىگى ئىجادىيەت ئەركىنلىگىنىڭ تەركىۋىي قىسمى. ئىلمىي، قائىدە - داۋلى سۆز-
لىنىدىغان، يۈكسەك سەۋىيىلىك ئوبزور بولمىسا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشى
مۇمكىن ئەمەس.

يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە
ھەر خىل زۆرۈر ماددى شەرت - شارائىتلارنىمۇ ھازىرلاپ بېرىشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە، بەزى
يازغۇچىلارنىڭ خىزمەت شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتى، ئائىلىۋى، تۇرارجاي، كېسەل كۆرسى-
تىش، يېزىلارغا، زاۋۇت - فابرىكىلارغا چۈشۈپ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش قاتارلىق جەھەتلەر-
دە ھىلىمۇ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە مۇناسى-
ۋەتلىك تارماقلار ھەقىقى تۈردە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ كۈچلۈك، كونكرىت تەدبىرلەر
قوللىنىپ، بۇ قىيىنچىلىقلارنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا ھەل قىلىشى لازىم.

تۇرمۇش — ئىجادىيەتنىڭ بىردىن - بىر مەنبەسى. يېڭى تارىخىي دەۋردە، نۇرغۇن يېڭى
ئەھۋاللار، يېڭى شەيئىلەر، يېڭى شەخسلەر، يېڭى مەسىلىلەر بارلىققا كېلىپ، بىزنىڭ چۈشى-
نىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتىدۇ. بىز يازغۇچىلىرىمىزنىڭ تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق
بىلەن يېزىلارغا، كارخانىلارغا، قىسىملارغا، ئىشچىلار، دىخانلار، زىيالىلار تۇرمۇش كەچۈرۋاتـ-
قان، خىزمەت ۋە كۈرەش قىلىۋاتقان جايلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇلار بىلەن پىششىق تونۇ-
شۇشنى ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلىشنى سەممىي ئۈمىت قىلىمىز. شۇنىڭدەك يازغۇچىلىرىمىزنىڭ
دىئالېكتىك ماتېرىيالىزىم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزىمنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئاكتىپ تەتبىق
قىلىپ، تۇرمۇشنى بىلىشى، تەھلىل قىلىشى ۋە ئىپادىلىشىنىمۇ ئۈمىت قىلىمىز. يېقىندا، يولداش
دېڭ شياۋپىڭ «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» تەسەۋۋۇرى ئۈستىدە توختالغىنىدا، بۇ خىل
تەسەۋۋۇرنىڭ شەكىللىنىشى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزىم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزىمغا مەنسۇپ بو-
لۇشى كېرەكلىگىنى ئېيتتى. بۇ، ئەمەلىيەتتە، بىزگە قانداق قىلغاندا ئەمەلىيەتنى ئاساس قى-
لىپ، ماركسىزىمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ئىجادىي تەتبىق قىلغىلى بولىدىغانلىغىنى ئۇقتۇر-

دى. مېنىڭچە، يازغۇچىلىرىمىز تۇرمۇشنى چۈشىنىش ۋە ئىجادىيەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتە ئۇنىڭدىن ئىلھام ئالسا بولىدۇ. بىز يازغۇچىلىرىمىزنىڭ، ئاساسەن، كەڭ ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەربىيىلىنىشىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشىنىمۇ ئۈمىد قىلىمىز. نۇرغۇن ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش يازغۇچىلار جۇڭگو ھەم چەتئەللەردىكى ئۇلۇغ ئەدەبىيات ئۇستازلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، بىلىم ۋە بەدىئىي ئىقتىدار - ماھارەتلىرىنىڭ تېخى يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى، بىز ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقان ئۇلۇغ دەۋرىمىز بىلەن تولىمۇ ماسلىشالمايۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتا. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن، كەڭ بىلىمگە، ھەم ئىجتىمائىي بىلىم، ئەدەبىيات بىلىملىرىگە ھەم ئىلىم - پەن بىلىمىگىمۇ ئىگە بولۇش، شۇنىڭدەك ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە قەدىمقى ۋە ھازىرقى، جۇڭگو ھەم چەتئەللەرنىڭ بارلىق مۇنەۋۋەر سەنئەت جەۋھەرلىرىدىن ئوزۇقلۇق ئېلىشىمۇ زۆرۈر. ئەگەر بىز مۇشۇنداق قىلساق، سەنئىتىمىز چوقۇم كەڭ بىلىم تۇپرىقىدا گۈللەپ ياشنايدۇ.

ۋەكىللەر، يولداشلار، دوستلار!

يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ بۇ قېتىمقى قۇرۇلتىيى ئىقتىسادىي تۈزۈم ئىسلاھاتى ئومۇمىي يۈزلۈك قانات يېيىۋاتقان ۋەزىيەتتە چاقىرىلدى، پارتىيە ۋە خەلق ئەدەبىيات ئىشىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويغان، ئەدەبىيات يېڭى، تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش ئالدىدا تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا چاقىرىلدى. بىز بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ چوقۇم چوڭ رىغبەتلەندۈرۈش، چوڭ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، چوڭ گۈللەندۈرۈش قۇرۇلتىيى بولىدىغانلىقىغا، ئېلىمىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. پېشقەدەم يازغۇچىلار، ئوتتۇرا ياش، ياش يازغۇچىلار، پارتىيىلىك يازغۇچىلار ۋە پارتىيىسىز يازغۇچىلار، كەسپىي يازغۇچىلار ۋە ئىشتىن سىرتقى يازغۇچىلار، بارلىق ۋەتەنپەرۋەر يازغۇچىلار، ئىتتىپاقلىشىپ، يەكدىللىك بىلەن، جۇڭخۇانى يۈكسەلدۈرۈش، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، باتۇرانە ئالغا باسايلى!

(«خەلق گېزىتى» نىڭ 1984 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى سانىدىن)

---

(بېشى 8 - بەتتە)

تەبرىكلىدى.

جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى جۇياڭ كېسەللىك سەۋەبىدىن يىغىنغا قاتنىشالمىغاچقا، دوختۇرخانىدىن تېلېگرامما بېرىپ قۇرۇلتاينى تەبرىكلىدى.

ئەدەبىيات ساھەسىدىكى يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولغان پېشقەدەملەردىن يې شېڭتاۋ، شيە بىڭشىن يازما تەبرىك سۆزى سۆزلىدى ۋە تەبرىك خەت ئەۋەتتى.

1984 - يىلى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ گۇاڭنيەن يىغىنغا «يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا باسماقتا» دېگەن ماۋزۇدا دوكلات بەردى.

2 - كۈنىدىن باشلاپ، ۋەكىللەر مۇناسىۋەتلىك دوكلاتلارنى ئاڭلىدى، چوڭ يىغىندا سۆزگە چىقتى ۋە گۇرۇپپىلار بويىچە مۇزاكىرىلەر ئېلىپ باردى. يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى، 4 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە ھەيئەت سايلاپ چىقىلدى. قۇرۇلتاي 8 كۈن ئېچىلىپ، 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يېپىلدى.

(«ئەدەبىيات» گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسەن رەتلەندى)

چوڭ رىغبەتلەندۈرۈش، چوڭ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، چوڭ گۈللەندۈرۈش مۇقەررەر
هالدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە چوڭ جانلىنىش، چوڭ مۇسابىقە، چوڭ
ئۆسۈشنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ

# جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4 ـ قۇرۇلتىيى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 1984 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىمىزدىن خۇ ياۋباڭ، ۋەن لى، شى جۇڭشۈن، گۇمۇ، خۇ چىلى، چياۋشى قاتارلىق يولداشلار، مەركىزىي كومىتېت مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتىكى بىر قىسىم رەھبىرىي يولداشلار ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان پەخرىي ۋەكىللەر 55 نەپەر، ۋەكىللەر 815 نەپەر (جايلاردىن سايلانغان ۋەكىللەر 562 نەپەر، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەر 124 نەپەر، ئۆتكەن نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا سايلانغان ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرى 129 نەپەر). 815 نەپەر ۋەكىل ئىچىدە 55 ياشتىن تۆۋەن بولغان ياش، ئوتتۇرا ياش ۋەكىللەر 40% نى ئىگىلەيدۇ؛ 35 ياشتىن تۆۋەنلەر 31 نەپەر، 36 ـ 45 ياشقىچە بولغانلار 71 نەپەر؛ ئايال ۋەكىللەر 8% نى، قېرىنداش مىللەتلەر ۋەكىللىرى 10% نى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭ ۋەكىللىرى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلتىيىغا تۇنجى قېتىم قاتناشتى.

ئېچىلىش مۇراسىمىدا، خۇ چىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېت سېكرېتارىياتىغا ۋاكالىتەن تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. ئۇ سۆزىدە، قۇرۇلتاينىڭ چوڭ رىغبەتلەندۈرۈش، چوڭ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، چوڭ گۈللەندۈرۈش قۇرۇلتىيى بولۇپ قېلىشىغا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنىڭ يارىتىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى كېسەل سەۋەبىدىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلالماي، ئېچىش نۇتقىنى ئوقۇپ ئۆتۈشنى ھاۋالە قىلدى.

ئېچىلىش مۇراسىمىدا، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەبرىكنامىلىرى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

خۇ چياۋمۇ، دىڭ لىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تېلېگرامما ۋە تېلېفون بېرىپ، قۇرۇلتاينى

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە)

Altun0q

# كۆڭۈل مەرۋايىتلىرى

(لىرىك شېئىرلار)

بوغدا ئابدۇللا

## ئەسكى يارلىقتا

دەريا بويى، ئەي شېغىللىق يەر،
ئەسكى يارلىق — لاچىن ئۇگىسى،
ئامانمۇ سەن! يىغلاپ كۆرۈشەي،
ئەقىدەمدۇر يېشىم قەترىسى.

تۆگە سويۇپ كۈتۈشتى دوستلار،
ئىچىلمىدىم زىنھار ۋە زىنھار.
يۈرىكىمگە پەقەت ۋە پەقەت،
سەن ئۆزەڭلا داۋا — مەدەتكار.

بالىلىقنىڭ تەنتەك ئىزىنى
ئىزلە-ئىزلە تالسۇنمۇ كۆزۈم.

چاقىرسا ئۈن، سوزسا قول يەتمەس —
ئۇزاقتا ئۇ، سېغىندىم ئۆزۈم.

سۇ ئىچكىنىم، سۇدا ئۈزگىنىم
ئېسىمدىدۇر ئاپتاپ، ئالتۇن قۇم؛
كۆيدۈرسىمۇ چوقان سېلىشىپ،
يومىلاقلىشىپ ئويناپ يۈرگىنىم.

يەنە باقتىم كۆكشۈل دولقۇنغا
قىيا تاشقا يۆلەنگىنىمچە.
ۋە ھەممىنى ئۇنتۇدۇم، شاۋقۇن
ئەللىيىگە بۆلەنگىنىمچە!

1984 - يىل، ئاۋغۇست.

## پارچە

ئىنسانغا تېچلىق بولار نەدە؟
بىرى بۆشۈكتە،
بىرى قەۋرىدە!

## مۈشۈك

مۈشۈك يۈرەر قەۋرە بېشىدا
مياۋلايدۇ ئەجەپ بىر ئاچچىق.
كۈن چۈشكەنمۇ بېشىغا مۈشكۈل،
نىمە ئىزلەر؟ نىم سەرسانچىلىق؟
يا ياۋايى يۈرگەنمۇ بۇندا؟

يا قالدىمۇ ئوزۇقسىز ھەم ئاچ؟
ئېلىپ كەلدى قايسىبىر شامال؟
نىملەرگە بولدىكىن مۇھتاج؟
ياق! ياق! ئۇ بىر ئەركە ھەم يۇۋاش،
ئۆيدە ئۆسكەن ئارسلان چېغىدىن،

باققان ئۇنى بىر قېرى ئانا،
نانىنى ئېلىپ بېرىپ ئاغزىدىن.
سەپكۈن چۈشۈپ قاتقان قوللىرى،
دۈمبىسىنى سىلىغان ئۇزاق.
ئاشۇ رەھىم ۋە شۇ ئەقىدە،
شۇ مۇھەببەت، ئاشۇ ئىشتىياق،
تومۇرلاردىن تومۇرغا ئۆتۈپ،
سۈت ئورنىدا سىڭگەن قېنىغا.
ئايرىۋەتكەچ مومايىنى ئەجەل،
تۇتقان ئىدى مۈشۈكنى يىغا.
مۇسىبەتكە چۆمۈپتمەيدۇ ھېچ،
نەدىن كەلدى بۇ تەختىراۋان؟!
ئاق ئىچىدە ياتقان ئانىغا،
قاراپ - قاراپ بولماقتا ھەيران!
بىراق يېقىن كەلگۈزمەيدۇ ھېچ،
ئېتىۋارسىز قالدى ھازىسى.
باغرى قاتتىق ئادەملەر بىلسە،
ئانا ئەسلى ئۇنىڭ ئانىسى!

جىنازىنىڭ دولقۇنىدا ئۇ،
بىر ئۇيانغا ئۆتتۇدۇ يىغلاپ،
بىر بۇيانغا ئۆتتۇدۇ يىغلاپ،
تومىلارنى تاتلاپ، مىياۋلاپ...

1983 - 1984، - يىللار.

## يوپۇرماقنىڭ چۈشى

كىچىكۈز ئاخشىمى
يوپۇرماق چۈش كۆرۈپتۇدەك،
ئاسمان دەپ قىياس قىلغۇدەك،
ئۇ ھە دەپ گۈلدۈرلىگۈدەك؛
چاقماقلار ئارىسىدىن
بىر پەرىزات چىقىپ كەلگۈدەك،
ھەم ئۇنىڭغا سۆز قىلغۇدەك:
ئەي، باھار ئەلچىسى،
ئەي، ياز ئەركىسى،
يېشىل،
پاقىراق،
سۈزۈك،
بەخۇبار ئىدىڭ تۇنۇگۈن
خۇددى زۇمرەتتەك.
ھە، ئەمدى پەسىل ئاتلاپتۇ،
بۇ دەم، ئالتۇن رەڭلىكسەن
كۆرۈنۈسەن يەنە
بىر پارچە قىزىل ئالتۇندەك.
تاڭدىكى جۇدۇن،
تاڭدىكى سوغاق يامغۇر
ساڭا تېگىپتۇ،
سېنى يەرگە تۆكۈپتۇ،
ئەمدى سېنى غازاڭ ئاتايدۇ،
دەسسەپ قالىدۇ،
سەن لەيلەيسەن سۇدا،
سەن پاتقاقتا
يېتىشىڭمۇ پاتقاقنى قۇچاقلىغاندەك!
شۇنداق قىلىپ
ئۇگۇلۇپ كېتەرسەن،
توپىغا قوشۇلارسەن،
توپىغا كۈچ قوشارسەن
قان - تەردەك!
بىر گۈزەل كەشتىدۇر ئەتە
شەپقى قىزىل،
شامىلى مەيىن،
ئۇنىڭ يېنى ئۇنىڭغان بىخلىرىدا
كۆكلىگەن يوپۇرماقلىرىدا
سېنىڭمۇ ھۆسنۈڭ بولار،
سېنىڭمۇ!

## قارا خال

— بىر يىگىتنىڭ خاتىرىسىدىن

كىچىككىنە قۇش بولسام،
قىزنىڭ لېۋىگە قونسام،
نە قىلادۇر خالىنى
چوقۇلاپلا ئەپقاچسام.

## ...گۈزەلىمگە

قوي ئەمدى، قوزغىما كونا ھەسرەتنى
ئەۋقىران يىگىتلىك ئۆزاپ كەتتى بەك.
كىرپىكلەر ئۈستىدە تىزىلغان ئۈنچە،
يادىمدا تۇمانەن — چۈشۈمدىكىدەك.

ئوت سېلىپ ئىچىمگە سېھىرلىك كۆزدە
دەرياغا ئاپاردىڭ، قەترە كۆرمىدىم.
تومۇزۇڭ دەستىدە بولدۇم بىر قۇشقاچ،
باغرىمغا نەم ياقتىم، تىرىك ئۆلمىدىم.

ئاھلىرىم ساداغا كەتتى ئايلىنىپ،
بىلمىدىم سادالار يوقىدى قاچان؟
گەر بۈگۈن ماڭا قىل ئۇن پاراغەتنى،
ئەرزىمەس بىر ئەلەم ئالدىدا جانان!

## قۇيۇن ھەققىدە رىۋايەت

ھىمىتنىڭ سېپىدا
ئالدىمدا،
ئىككى يېنىمدا،
قۇيۇن چىقار،
قۇيۇن پىقىرار.
قۇيۇن سوقۇپ ئۆتتى دۇمبەمدىن،
كىرىپ پىكاپ دەرىزىسىدىن،
بىرسى دىدى:
قۇيۇن
ئىششەك توپىغا قەرىزدار ئىمىش ئاسمانغا،
شۇڭا ئۇ زىمىندىن ھەممىشە
توپا توشارمىش،
چۆرگىلەپ يۆرۈپ ھەريانغا.

## ئوچاق

ھويلىنىڭ تۆرىدە كىچىك بىر ئوچاق،
بىلمىدىم قاچاندا ئۆچتىكىن ئوتى.
دېخان ھويلىسىغا قوشۇپتۇ زىننەت،
تۇرۇپتۇ ئىسلىشىپ قارايغان پېتى.
تۇرۇپتۇ ئىچ باغرى كۆيگەن پېتىچە،
ئەمما ئۇ تاۋلىغان يۈزلەپ شەمشەرنى.
قېنىكىن تۆمۈرچى، بۈگۈن جۇمە كۈن
ئايلىنىپ يۈرگەندۇر بەلكى بازارنى!

## قاغا ھەققىدە رىۋايەت

قاغا كۆزدە قوناق ئوغرىلاپ،
بەلگۈ قىلىپ بىرەر سايىنى،
كۆمەر ئىمىش كېيىن يەيمەن، دەپ
بالدۇر قىلىپ ئوزۇق غېمىنى.
كېلەر ئىمىش بىر كۈن قاقىلداپ،
سايە يوقمىش ئىشەنگەن يەردە
تۇمشۇغىنى تۇپراقتا سۈركەپ،
تېپىرلارمىش كەچ ـ سەھەرلەردە.
لېكىن ئامەت ئىكەن قوشچىدا،
دان قۇتۇلماس قېچىپ ساپاندىن.
بۇرۇت تولغاپ كۈلەرمىشكەن ئۇ
قوشلاپ ـ قوشلاپ ئالغان خاماندىن!

## ھېيتكا ئالدىدا

ھېيتكانىڭ ئالدىدا،
بىر سايىۋەننىڭ ئاستىدا،
دوغاپ ئىچتىم سىرلىق ھەجىردا،
مۇز پارچىسى ئاغزىمدا
مۇزلىدى چىشىم.

چۇچۇمەل قېتىقنى تامشىدىم،
ئولتۇرغىنىم ئەسكى ئورۇندۇق،
لېكىن روھىمدا ئۆزگىچە غۇرۇر
بۇندا سۈرگىنىم جەننەتنىڭ پەيزى،
ئىچكىنىم شارابى ئەنتەھۇر!

## يىل ھالقىسى

چوڭلاردا بىر ئۆزگىچە مىجەز،
سوراپ كۆرسەڭ تۇغۇلغىنىنى:
بىرسى قوغۇن پىشىشىغدا دەر،
بىرسى يەرنىڭ تەۋرىگىنىنى.
ئاپەت بولغان يىلى دەر مومام،
شۇنداق دىگەن ئىكەن ئانىسى.
ياشاۋەرگەن چۆل توغرىغىدەك،
بىر ئىنسانكى ئىنسان ساددىسى.
تېپىشماقتا ئايلانغان بۇ ياش،
سىناق قىلىپ ئەۋلات ئەقلىنى.
نە بولغاي بىر جاۋاپ، ئاقتۇرساڭ،
نە تەزكىرە، نە يىلنامىنى.

نىتەيكى دەپ تۇرغاندا بىر ياز،
دەرەخ كەستى بوۋاي بىر كۈنى.

ئويلىدىمكى، ياش قامۇسى بۇ،
ئۆتكەزدىغۇ نەچچە قەرنىنى.
بۇ ۋەج بىرلە كۆز تىكتىم ئۇزۇن،
كۆتەك ئۆزرە يىللار ھالقىسى.
ھالقا ئىچرە روشەن بىر قەۋەت —
پورلىشىپتۇ، ئاپەت زەخمىسى.
ساناپ چىقتىم سىزىقنى بىر-بىر
توقسان ئىكەن مومامنىڭ يېشى.
قىينىسىمۇ تېپىشماق گەرچە،
باركەن ئاخىر بىر يېشىلىشى.
دىدىم: مىڭ، مىڭ رەھمەت تەبىئەت،
ئۇ ئانىغا ئوخشايدىكەن راست.
كوللى شەيئى قىسمەتلىرىگە
ئۆزى ھەغدا، ھېچكىم ئوخشىماس!

## ئەلتەجا

بىر كېچىدە نەچچە ئويغىنىپ،
ئۆزەم ھۆلنىڭ ئۈستىدە يېتىپ،
ياتقۇزاتتىم سىنى قۇرۇقتا
ئاق سۈت بېرىپ ھەم ئەللەيلىتىپ.
خوشنام دەيتتى: «تۇماقتا سىغار»،
تۇغۇلۇشتا ئاجىز ۋە يۇمران.
تا گېلىمدىن بەردىم سۇغۇرۇپ
قۇش ئاغزىدا بەرگىنىدەك دان.
يىگىت قىلدىم تۇمار ئاسقۇدەك،
ئەل ئىچىگە قوشۇپ بىر گۆھەر.
مەشرەپلەردىن يانساڭ تولغىنىپ
بوسۇغىدا كۈتتۈم جان-جىگەر.

ئوتتۇز ئۆدەك، يەنە توققۇز غاز،
ئاڭا قوشۇپ سەككىز ئۇلايىنى.
توقسان ئوغۇل، توقسان قىز بىلەن
كام قىلماستىن ئۆتكەزدىم توينى.
يىللار ئۆتتى، كەلدى شۇ نۆۋەت،
بولۇپ قالدىم مەن ئاجىز «بالا».
قېنى مادار، يۇرەلمەيمەن ھېچ،
ماڭا كېرەك يۇمشاق كۆرپىلا.
مېھمانىڭمەن ئۈچ كۈن، بەش كۈنلۈك،
بولغۇم كەلمەس ۋە لېكىن ھاپاش.
تېشىم ئەمەس ئىچىمنى كۆرگىن،
ئاجىزلىدىم بول ھىممەت — قاياش.

باش ياستۇقا يەتكەندە بىر كۈن، دىدارىڭغا سۆگرە بىر قاراپ،
چاكىلدارمەن، تامغۇزغىن تامچە. ئۇخلاپ قالاي شۇ ئۇخلىغانچە.

1984 - يىل، ئىيۇل - ئوكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## قار ئۇچقۇنى

قار ئۇچقۇنلار،
سوغ شامال سوقار،
ئۇچقۇنلارنى ئۇچقۇن قوغلىشار،
ھەربىر ئۇچقۇن بىر پەرۋاندەك
ئۆزنى زىمىنگە ئاتار،
زىمىنگە ئۇرار،
ھە! مۇزلىماس ئىكەن زىمىن
غايىپ بىر ئوتتەك!
غايىپ بىر ئوتتەك!

## قار ھەققىدە خىيال

قار لەپىلدەر،
شەپكەمگە،
مۇرەمگە
ئۇچقۇنى چۈشەر
پىشانەمگە،
كىرپىگىمگە،
يۈزۈمگە.
لېكىن
هارارىتىمدىن ئايلىنار شەبنەمگە،
شۇ شەبنەم تەپتىدىن
مەنمۇ ئېرىپ
بىر سۈزۈك تامچە بولدۇم
ئاخىر بىر كۈنى
سىڭىپ كېتەرمەن زىمىنگە!

1984 - يىل، دېكابىر.

## بىر ناخشا

— بىر كەمبەغەل دېخان بوۋاينى خاتىرلەيمەن

مەن تۇزنى يىگەن ئۇ رەمەتلىكنىڭ،
ئۇ ئالەمدىن ئۆتتى،
بۈگۈن
قارلىق ئايدىڭدا
يادىمغا يەتتى.
قايسى بىر يازدا،
تالادا
تارنى تىترەيتتى ئوڭ قولى،
پەدىنى باساتتى سول قولى،
ئىڭىكىمنى تۇتقان پېتىچە
نىملەرنى چالدىكىن دىدىم،
ھىچ بىلمىدىم،
ئاھاڭ كەيپى مەس قىلدى ئۇنى،
بارغانسېرى قىيسايدى بېشى.
كۆزلىرىدىن ئەگىدى يېشى.
بۇ شۇنداق بىر ناخشا — ئاھاڭكەن
كىم ئېيتسا،
كىم چالسا
قوناقلىقتىن يۈگرەپ چىقاركەن،
كارىزلاردىن ئۇچۇپ چىقاركەن،
جۈر بولاركەن،
شۇ چاغدىمۇ،
قەدىمدىمۇ،
دەل ھازىرمۇ...

1984 - يىل، دېكابىر.

AltunOq

## دېڭىز، يوپۇرماق، جانان

دېڭىز.
بىر يېشىل يوپۇرماق دىڭگىزدەكمىشمەن،
گۈزەلىم تۇرغىدەك ئۇنىڭ ئۈستىدە،
(مەن قىرغاقتا كۆرگۈدەكمىشمەن،
ھەيران بولغۇدەكمىشمەن)
يوپۇرماق لەپەڭلىگۈدەك،
گۈزەلىم قولىنى قاناتتەك كېرىپ،
مەھكەم تۇرغىدەك.
بىر دەمدىن كېيىن،
ئۇ، ئۆزىنى سۇغا ئاتقانىمىش،
ئاھ، ماڭا قىيىن
يۈرىكىم قېپىدىن چىققانىمىش،
ۋاقىت ئۆتكۈدەك،
مېنىڭ ئىچىم تىت - تىت بولغۇدەك،
ئۇ چىقمىغۇدەك،
چىقمىغۇدەك،
بىر چاغدا
كۆتىرىلىپتۇ سۇدىن بېشى،
ئىككى قولىدا سۇزگەن قىلىچى...
......
ئويغىنىپ بىلدىم
بۇ چۈشۈم، دېدىم:
گۆھەرمۇ - گۆھەر،
شەمشەرمۇ - گۆھەر،
گۆھەر ھامان گۆھەر
سۇ ئاستىدىمۇ،
يەر ئۈستىدىمۇ!

1984 - يىل، دېكابىر.

# بوز تورغاي

ئىمىن ئەخمىدى

بۇ پايانسىز دالاغا دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساڭ، كۆزۈڭگە بىرەر - يېرىم پارچە كۆلەڭگىمۇ چېلىقمايدۇ. ئەتراپتا دەل - دەرەخمۇ، ئوت - چۆپمۇ يوق. ناگان - ناگاندا زەڭگەر رەڭ ئاسماندىن سەن تورغان جايغا غىل - پال سايە تاشلاپ غۇيۇلدە ئۇچۇپ ئۆتكەن ۋە سېنى ئىنتايىن شاتلاندۇرۇپ يېقىملىق سايرىغان بوز تورغايىنىلا كۆرۈپ قالىسەن، خالاس!

— لىۇ بەيىۋي — «زىمىن قەلبى» دىن

ماشىنام توختىدى، يولنىڭ بويىدا،
ئالدىمدا ياتىدۇ پايانسىز كەڭ ساي.
قارىسام، ئىرغىتىپ پۈركەنجىسىنى
تاڭ لىباسى كىيگەن چەكسىز سامادىن
چۇ - چۇ قىلىپ سايراپ ئۆتتى بىر تورغاي.
كەڭ ئۇپۇق گوياكى بېلىق كۆكسىدەك
بىلىنەر - بىلىنمەس ئاقىرىۋاتقان چاغ.
تەبىئەت قارامتۇل شايى پەردىدە،
قۇۋا كۆرۈنەتتى يىراقتىكى تاغ.
غۇيۇلدە بىر شەپە، بەلكى بايىقى
تاڭ بىلەن ئويغانغان بىر دىن - بىر ئاۋاز
ئىگىسى بوز تورغاي ئويغاتتى يەرنى
ئەمگەك شەرىپىگە چېلىپ يېڭى ساز.
زەڭ سالسام، ئۇ خۇددى سەپەردىن يانغان
ئۈستىنى چاڭ باسقان قەيسەر جەڭچىدەك،
ئۇنتۇپتۇ ئۇ بۇگۈن ھەممە نەرسىنى
سۆيۈمىدىن خۇشخەۋەر بەرگەن ئەلچىدەك.
ئالەم بوشلۇقىنى قىلىپ كەڭ سەھنە

ئۇسۇل ئويناۋاتقان ماھىر سەنئەتكار
كەبى ئۇ، گاھى ئۆرلەپ، گاھى پەسىيىپ
بۇدرە دولقۇنلارنىڭ كۆكسىنى يارار.
ئۇنىڭ خۇش ئاۋازى چەكتى دىلىمنى
بولۇپ قالدى تىمتاس تاغنى سادالار،
بۇ ئوتلۇق يۈرەكنىڭ جۇشقۇن كۈيلىرى
ئالدىدا لال ئىدى بارچە ناۋالار.
يۈز بەردى كارامەت: نازۇ - كەرەشمە
بىلەن جادۇ كۆزىن قىسىپ كېچىگە
ھاكىم بولغان بىر توپ يورۇق يۇلتۇزلار
خىجالەت بولغاندىن يۈگەپ يۈزىنى،
ئۇن - تىنۇش چىقارماي قاچتى يىراققا.
تورغاينىڭ ئۇيقىدىن غالىپ ھەۋىسى
قۇياشنى قوزغىلىشقا ئەيلىدى مەجبۇر.
ئېرىنىپ ئۆرلىدى ۋە تۇنجى بولۇپ
ئانا يەر ئۈچۈن نۇر چاقىرغان قۇشنىڭ
رۇخسارىدىن كۆردى تەڭداشسىز غورۇر.

ئاڭلىغان ئىدىم مەن، سەبى چېغىمدا
تورغاي پەزىلىتىدىن مۇنداق رىۋايەت:
ئۇنىڭغا جەبرائىل ئېيتقان ئىكەنمىش
ئادەم بەختىنىڭ تەڭ يېرىمى يەردە،
لېكىن چوڭ يېرىمى يۇلتۇزلاردا دەپ.
شۇ سەۋەپ ئۇ ئىنسان كەلگۈسى ئۈچۈن
بەخت تېپىپ بېرىشكە باغلاپتىمىش بەل.
شۇڭلاشقا ئۇنى ھېچ ئازدۇرالماسكەن
قار - بوران، سوغ، مۆلدۈر ۋە ياكى ئەجەل.
يۇ كۈندۈز دالادىن يىغىپ يىپ ۋە چاچ
شاخ شۇمبىلاردىن ياسارمىش شوتا.
كەچقۇرۇن زەر چېچەك ساماغا بېقىپ،
قەلبى يانار ئىمىش ئۇلۇغ ئارزۇدا.
ئۇ نۇرلۇق يۇلتۇزنى يېقىن دەپ بىلىپ،
شوتىنى كۆتىرىپ ئۇچارمىش كۆككە.
مەقسىدى، ئىنسانغا داغدام يول ئېچىش
بولغاچقا ھېچ پەسەنت قىلمامىش يۈككە.

زىمىن ئۇستىدىكى ھەرنە مەۋجۇدات
ئۇيقۇ دەرياسىغا بولغىنىدا غەرق،
پەقەت بوز تورغايلا جەڭگە ئاتلىنىپ،
جەسۇر جەڭچى كەبى ناخشىلار ئېيتىپ،
ئۇچارمىش تاڭ يورۇپ قىزارغىچە شەرق.

ئاردىن ئۆتسىمۇ ئەسىرلەر، يىللار
بوز تورغاي سۆزىدىن يانمىدى زىنھار.
ئۇ پۇشايمان يىمىدى قىلغان ئىشىدىن،
ئەكسىچە، ھەر سەھەر پۈتۈن جاھانغا
چۇ - چۇلاپ قەلبىنى ئەيلىدى ئىزھار.
ئاشۇ ئۇچۇشىدا تورغاي نەچچە رەت
قونۇشقا ئىنتىلدى يۇلتۇزغا - ئايغا.
ئىزلەپ ئۇ ئادەملەر ئۈچۈن ئارامگاھ،
قونماقنى ئىزلىدى ئالتۇن سارايغا.
ئاقىۋەت ئۇ كۆردى ھاۋا كېمىسى
سۈنئى ھەمرالارنىڭ يۇلتۇزغا قاراپ،
كۆمۈش مانانلاردەك چىقىرىپ ئاق ئىس
ئۇچۇپ ماڭغىنىنى ھەيۋەت ۋاقىراپ.
بەلكىم ئىنسانىيەت پىلانىت ئارا
قىلغاندا قاناتلىق ئاسمانغا پەرۋاز،
تورغاي تەسەۋۇرى بەلكى ئۇلارنىڭ
ئىجاتكار روھىغا بولغانمۇ ئەنداز؟

ئاشۇ خىياللارنىڭ ئىلكىدە شۇدەم،
قارىسام، زەڭگەر رەڭ يىراق ساماغا.
كۆرۈپ قالدىم بىر جۈپ سېرىق تورغاينىڭ
قانات قاققىنىنى ئەركىن ھاۋادا.
ئاھ، گۈزەل تورغايلار، ھۆسنى توپا رەڭ،
تۈرغىنى - پۈتكىنى توپا رەڭگىدە.
كۆز قاماشتۇرغىدەك بىرەر كىيىمنى
كۆرمىدىم تېخى مەن ئۇنىڭ ئەڭنىدە.
ئۇچسىمۇ ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا ئۇلار
ئاقباش تاغ ئۇستىدىن ئالماپتۇ ئورۇن.
ۋە ياكى ياپماپتۇ چىنار، شەمشاتلار

تورغاينىڭ ئۈستىگە رەڭدار گۈزەل تون.
ۋە ياكى باغلاردىن، ئاۋات شەھەردىن
كاھىشلىق ئۆيلەردىن تاپماپتۇ ئۇۋا.
يەنىلا ئەخلەتتىن ياسىغان كەپە
بولۇپتۇ ئۇنىڭغا شاھانە ئوردا.
ۋە لېكىن تۇققان يەر ئۇنىڭ بېشىغا
سىېرىق توپىسىدىن كىيدۈرۈپتۇ تاج.
ھە، ئۇنىڭ تاجى بار، تەختكە مەيلى يوق،
ئەمەس ئۇ ھېچقانداق زىننەتكە مۇھتاج.
مەن كۆردۈم تاجى بار جاندارلارنى كۆپ:
ياچىۋەگ بىر مىسال،
گاھى دەرەخكە
يامىشىپ ئۆزىنى بەك ئالى سانار.
كۆرگەنمەن تاۋۇسنى، ئۇمۇ مەرمەر تاج
مەغرۇر قۇيرۇغىنى كوزۇ - كوز قىلىپ،
توپا تاجلىقلارغا مەنسىتمەي قارار.

مەن تاجلىق قۇشلارنى كۆرگەنمەن تولا
ئۇلار شۇنچە مەغرۇر، شۇنچە گىدەيگەن.
پەقەت بوز تورغايلا ئەزىز ئەجرىدىن
ئانا يەر تەقدىم قىلغان تۇپراق رەڭ تاجنى
شۇنچىلىك ئەزىزلەپ، ئەلا بىلەركەن.
ھىلىھەم يۈكسەكتۇر ئۇنىڭ ئارزۇسى،
دەسلەپكى قەسىمنى ئۇنتۇغىنى يوق.
مەن يەنە بىر مەرتە قىلىمەن جاكا:
مەن سۆيگەن تاجلىقلار، تاجسىزلار ئارا
بۇ سەھەر بۇ جايدا كۆرگەن تورغايدىن
ئېشىپ چۈشەلىگۈدەك ئۇلۇغراقى يوق.

ئاھ، مەن ماشىنامنى يولنىڭ بويىغا
توختىتىپ هاردۇغىم ئالسامىۇ ئالاي.
تاڭ لىباسى كىيمىگەن چەكسىز سامادىن
بەلكى ئۇچۇپ ئۆتەر يەنە بىر تورغاي...

1984 - يىل، سېنتەبىر، ئاقسۇ.

# لىرىك شېئىرلار

ئەركىن ئىبراھىم

## مەن كېتىپ بارىمەن بۇلۇت ئۈستىدە

زېمىنگە تەبىئەت يەنە ئاق قاردىن،
سېلىپتۇ مامۇقتەك چەكسىز پاyانداز.
مەن كېتىپ بارىمەن قارلارنى دەسسەپ،
خىيالىم كۆكلەردە قىلىدۇ پەرۋاز.

مەن سەزدىم ئۆزەمنى بۇلۇت ئۈستىدە،
ئۇچماقتا ئاستىمدا ئاپپاق ئەجدىھا.
مۇھەببەت ۋە ھىجران ئىلكىدە ياشاپ،
جانلىنىپ تۇرۇدۇ مۇقەددەس دۇنيا.

مەن كېتىپ بارىمەن بۇلۇت ئۈستىدە،
ئاستىمدا بىر - بىرلەپ قالدى قەلئەلەر.

زېمىننى سېغىنىپ، بۇلۇت تېگىدە
يالتىرار كۈمۈشتەك سۈزۈك قەترىلەر.

پۈركىنىپ ئاق تونغا بىپايان دالا،
ئورماندا ئوينايدۇ چېچەك جىلۋىسى.
ئالدىمغا كەلگەندەك بولۇدۇ خۇددى
چېچەكتىن تۆرەلگەن ئورمان پەرىسى.

ئەينەكتەك يالتىراق مۇز تۇتقان دەريا،
بىر ئۇزۇن لېنتىدەك سوزۇلغان يىراق.
گويا يەر ياتىدۇ ماموق چۈشەكتە،
تاغ - جىلغا ئۇخلايدۇ، بۇلاقلار ئويغاق.

مەن كېتىپ بارىمەن بۇلۇت ئۈستىدە،
ئاھ، مانا بالقىدى ئۈستۈمدە قۇياش.
پارلىدى شىپالىق تاپقان بىتاپلار
كۆزىنى بىردىنلا ئاچقانغا ئوخشاش.

چاچرىدى نۇرلىرى ئۇپۇق لېۋىدىن،
ئاق قارنىڭ ئۈستىدە كۈمۈش چاقنىتىپ.
ساناقسىز ئالتۇن رەڭ ئوق - يالىرىدا
بۇلۇتلار باغرىنى يېرىپ، چاك ئېتىپ.

مەن كېتىپ بارىمەن بۇلۇت ئۈستىدە،
كۈمۈش رەڭ چوققىلار شۇنچە بىغۇبار.
كۆزلەردىن يالتىراپ چۈشكەن ياش كەبى
بۇ ئانا تۇپراققا سىڭىشمەكتە قار.

## بۇلاق سۆيگۈسى

مەن ئېگىز قىيادا قاينىغان بۇلاق،
كۈيلىرىم گوياكى شىددەتلىك ئېقىم.
بويلاپ ئۇ پايانسىز يېشىل ۋادىنى،
گۈلشەنلەر قوينىغا ئاقار بىتىنىم.

مەن قۇرام تاشلارنى چىققىمەن يېرىپ،
ھېسلىرىم ئەۋجىدە كېزىمەن جاھان.
قاغجىراق ئېتىزلار ياشنىسۇن كۆكلەپ،
چاڭقىغان دىللارغا كىرەي بولۇپ قان.

ئاقىمەن باغاشلاپ ئانا تۇپراقنى،
مېھرىمنى زېمىنگە قىلىپ مەن ئىزھار.
بېغىشلار ئاجايىپ شېرىن ھېس - تۇيغۇ
ئانا يەر سۆيگۈسى ماڭا بىغۇبار.

بۇلاق مەن كۈيلىرىم توختىماس ئېقىم،
سۆيگۈمدىن تارايدۇ كۈمۈش ھالقىلار.
ھېسلىرىم مىسرالار ئارا ئېلىپ جاي،
چاچىدۇ قىرغاققا زۇمرەت چاچقۇلار.

# ئىككى شېئىر

م. زەيدى

## رۇبائىي ۋە قىتئەلەر

1

يۈرەكتە يېلىنجاپ ياشلىقنىڭ ئوتى،
ھەرياققا ئېتىپ قاچار يىگىتلىك ئېتى.
ئەقىل بىرلە كۆڭۈل تىزگىنىنى تارت،
بىپايان، چەكسىزدۇر، ئالەمنىڭ چېتى.

2

نادان قالغان ساۋاتسىز بىر ياش،
مىسالى، ئۇ كېرەكسىز بىر تاش.
زامان ئۇنى ئىرغىتىپ تاشلار،
مىڭ يالۋۇرۇپ قىلسىمۇ كۆز ياش.

3

بىلىمدۇر تۈگىمەس، يوقالماس مۈلۈك،
بولغىيسى يولۇڭدا دەرياغا كۆۋرۈك.
ئۇ بىلەن ئاسمانغا يول سالدى ئالىم،
قەلەم نۆۋىتىدە ئاسمانغا تۈۋرۈك.

4

كىشىگە بىر ياخشى خىسلەت: كەمتەرلىك،
مەغرۇرلۇق ئېپ كېلۇر بىر كۈن خەتەرلىك.
شېرىن ماختاشلارغا مەس بولۇپ كەتمە،
قانچە شېرىن بولسىمۇ تەكتى زەھەرلىك.

5

بۇ دۇنيا كىشىگە ئۇزۇن بىر مەنزىل،
كارۋانلار ئۇزۇلمەي، يۈرەر يىلمۇ-يىل.
بەرداشلىق بېرىشچۇن بۇ ئۇزۇن يولدا
ئىلىم-پەن لازىمدۇر، بۇنى ياخشى بىل.

6

تارىخنى ئوقۇدۇم، كۆپ چاغ ئۆتۈپتۇ،
ئەجداتلار ئەجرىدىن گۈلباغ ئۆسۈپتۇ.
كۆردۈمكى، ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدىن
شەھەرلەر بىنا بوپ، تاغلار كۆچۈپتۇ.

7

ئەل ياخشى كۆرمەيدۇ هورۇن كىشىنى،
قار باسار ئەتىگە قالغان ئىشىنى.
هورۇنغا بۇلۇتنىڭ سايىسىمۇ يۈك،
يول يۈرسە قۇم باسار ئۇنىڭ بېشىنى.

8

نادانلىق ئادەمنىڭ بەختىگە كىشەن،
دانالىق — ئۆمرۈڭنىڭ ئىقبالى، ئىشەن.
ماهارەت — جاپالىق ئەجرىدىن كېلۇر،
بۇ ئەقىل تېپىشنىڭ چوڭ يولى، چۈشەن.

9

مەسلىھەتنىڭ توغرىسى بولۇدۇ ئاچچىق،
رىئاللىق قامچىسى شۈنچىلىك قاتتىق.
كۆردۈڭمۇ مۇشۇنداق ئاچچىق غورىدىن
يېتىلگەن يېمىشنى، شۈنچىلىك تاتلىق.

10

هاياتنىڭ قەدرىنى چۈشەنسەڭ گۈدەك،
نوتاڭدا مول مىۋە بەرگۈسى چېچەك.
ئويلىساڭ ياشلىغىڭ گوياكى چاقماق،
تاڭ چېغى تاتلىق چۈش — ئۆمرۈڭگە بېزەك.

11

هەۋەسكە بېرىلمە، بېشىڭ ئايلىنۇر،
كوچىدا، پاتقاقتا تېنىڭ لايلىنۇر،
شىشىدە جىم تۇرغان بىلەن بۇ هاراق،
مەسلىكتە يىقىلساڭ پۇتۇڭ قايرىلۇر.

12

تۇرپاننىڭ قوغۇنىدىن يېدىم بىر تىلىم،
شېرىن شەربىتىدىن يېرىلدى تىلىم.
قوغۇنغا سىڭگەنچىكە ئەجداتلار ئەجرى،
ئەرزىيدۇ ماختانسا بۇ ئانا ئېلىم.

13

قان بىلەن قىزارغان بۇ قىزىل بايراق،
قان رەڭلىك گۈللەرگە كۆمۈلگەن ھەرياق.
شۇ بايراق يېتەكلەر بىزنى ئىقبالغا،
تۇر چاچار مەڭگۈگە، نۇر چاچار پارلاق.

## ئانام نەزىرىدە

1

ئانام نەزىرىدە، بالىمەن هامان،
مەكتەپكە يول سالغان ئۆسمۈر مىسالى.
ئانامنىڭ ناخشىسى دىلى تارى مەن،
ۋايىغا يەتسىمۇ ئۆمۈر چىنارى.

ئانام نەزىرىدە، بالىمەن هامان،
ئۇ مېنى باشلىغان هايات يولىغا.
ئۇ بىلەن مۈشكۈلۈم بولغانتى ئاسان،
هۆل سالغان ئۇ مەھكەم بەختىم هۇلىغا.

ئانام نەزىرىدە، بالىمەن هامان،
ئۇ ماڭا تونۇتقان دۇنيا سىرىنى.
ئۇنىڭ مېھرى يۈرەك، تومۇرۇمدا قان،
ئۇ ماڭا ئۆگەتتى هايات قەدرىنى.

AltunOq

ئانام كۆز ئالدىدا، ھامان بالىمەن،
قەلبىمدە بىر ئالەم ھايات مەزمۇنى.
سۆزىدىن مەڭگۈلۈك لەززەت ئالىمەن،
يۈزىدىن چاقنايدۇ ئۈمىت ئۇچقۇنى.

ئانام كۆز ئالدىدا، ھامان گۈدەكمەن،
قەلبىمگە ئارامبەخش ئانام ئارزۇسى.
ئۇنىڭ دىل بېغىدا ئۆسكەن كۆچەتمەن،
دېڭىزدىن چوڭقۇردۇر ئانا سۆيگۈسى.

ئانامنىڭ ئالدىدا ھامان گۈدەكمەن،
قەلبىمدە ئۇ تۇنجى سەزگۈ ئويغاتقان.
ئەللەيلىرى بىلەن غۇنچە يۈرەكتە
ھاياتقا مۇھەببەت ناخشا ياڭراتقان.

ئۆمۈرلۈك قەرزىم بار ئانا ئالدىدا،
ئۇ مېنىڭ جاھاندا تاپقان بايلىقىم.
يوق بۇندىن قىممەترەك بۇ يەر شارىدا،
بەختىم ئۇ، تارىخىم، ھايات ــ بارلىقىم.

يىقىلسام تۇرغۇزغان، ئاپپاق سۈت بېرىپ،
مېڭىشنى تۇنجى رەت ئۆگەتكەن ماڭا.
ئەجداتلار قىسسىسىنى ھېكايە قىلىپ،
ئەڭ تۇنجى سۆزلەشنى ئۆگەتكەن ماڭا.

يىغلىسام بەزلەيتتى، باغرىغا بېسىپ،
باتۇرلۇق قىسسىسىنى سۆزلىگەن ماڭا.
چوڭ بولدۇم شۇ ئانا مېھرىگە قېنىپ،
ئانام ئۇچۇن ھەر چاغ جېنىمدۇر پىدا.

ئانامنىڭ ئالدىدا، كىچىك گۈدەكمەن،
مەيلى چاچلىرىمغا كىرگەن بولسا ئاق.
ئانا خىسلىتىنى دائىم سۆزلەيمەن،
ئانا پەرۋىشىدە مەن تاپقاچ روناق.

1983 - ، 1984 - يىللار.



# توخۇ باققۇچى

(ھېكايە)

مەتىمىن ھوشۇر

— قېنى، موما ھارۋىغا چىق!

— بالام، ھارۋىغا گىلەملەرنى سېلىۋېتىپسەن، بۇ توپا ئاياقلىرىم بىلەن...

— چىقىۋەر، چىقىۋەر، گىلەم سىنىڭدىن ئەزىز ئەمەس، ئەكەل قولۇڭنى.

— يا بىسمىللا!

— ئالدىغىراق كېلىپ، مۇنۇ كۆرپىدە ئولتۇر. ئەممە كەتتۇق، تىرت-چۇھ!

— خۇدايىمغا ئامانەت، بالام، كۆزۈڭگە قاراپ ھەيدە.

— خاتىرجەم بول، يول ياخشى.

— پاھ، ھارۋىغا قاتقان مۇنۇ ئېتىڭ ھەجەپمۇ سېمىزكىنا، ھارۋا جابدۇقلىرىڭنىڭ ئىسىللىگىنى قارا، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزەڭ ئالدىڭمۇ؟

— ماڭىمۇ خۇدايىم بېرىپ قالار، موما، بۇ خوشنىمىزنىڭ ئات-ھارۋىسى، خوشنام بىلەن سىنىڭ-مېنىڭ دېيىشمەيمىز. بىر تەرەپكە چىقمىغىنىڭغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى.

سەھرادىكى نەۋرەڭنى ئۇنتۇپلا قالدىڭ.

— ئۇنداق دېمە بالام، نەۋرىنىڭ ئۇتى قانداق بولۇدىغانلىغىنى نەۋرە كۆرگەندە بىلىسلەر. قانچە قېتىم چىقىپ بىر يوقلاپ كىرەي، دەپ تەمشەلدىم، ۋاقتى-سائىتى بولمىدى. مەھەللىدىن كىرگەنلەردىن ئەھۋالىڭنى سوراپ تۇردۇم. سېنى «ۋاي ھاراقكەش بولۇپ كەتتى-يەي، توخۇ سوقۇشتۇرۇپلا كۈن ئۆتكۈزۈدۇ-يەي» دىگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ، يۈرەكلىرىم ئۆرتىنىپلا كەتتى. چوپ-چوڭلا بولۇپ قالغاندا، ھازىرمۇ توخۇ سوقۇشتۇرۇپ يۈرەمسەن؟

— توخو دەمسەن؟ ھە، ئۇمۇ بىر ھەۋەسكەن. نىمە ئىشكىن، خورازنىڭ كوتوتلىغان ئاۋازى چىققان يەردە جىم تۇرالماي قالىمەن. خورازنىڭ نوچىسىنى كۆزۈمگە قاراپلا بىلگىلى بولۇدۇ. ھەرقانداق خورىزىڭنى ئۆزىنى كۆرمىسەممۇ، ئاۋازىنى ئاڭلىسام يېشىنى ئايرىپ بېرەلەيمەن. خورازنىڭ

ياخشىسىنى كۆرسەم، ئەگىپ كېتەلمەيلا قالد ـ
مەن. ماڭا بۇ «توختى توخۇ» دىگەن لەقەم
بىكار سىڭمىگەن دىگىنە؟!

ــ خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن، ساڭا توخۇ
جىنى چاپلاشقاندەك، كىچىكىڭدىنلا توخۇ
بىلەن ھەپىلىشەتتىڭ. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر
چاغلاردا كەپتەر چىقارغان بىر خورىزىڭ
بولۇدىغان، بوۋاڭ رەھمەتلىك ئۇنى چۈجە
ۋاقتىدىن تۇمۇغىدا بېقىپ، چوڭ قىلىپ بەر ـ
گەن. ئۆزىنىڭ قۇيرۇغى سولتەك، كۆرۈمسىزلا
توخۇ ئىدى. لېكىن ـ زە، ھەجەپ يامان خو ـ
رازتى ـ دە، ھويلىغا ئادەم كىرسىمۇ ئېتىلاتتى.
شۇ كەملەردە ھەممىسىنىڭ توخۇسىنى قاچۇرۇپ،
مەھەللىدە داڭ چىقارغان. شۇ توخۇنى قۇچاق ـ
لاپ، ئەتىگىنى ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتسەڭ،
كەچلىگى ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى قانغا بوياپ،
بىراقلا كىرەتتىڭ. «توۋا» دەيتتۇق. تاماق ـ
قا ئولتۇرغاندىمۇ خورازنى يېنىڭغا تاشلاپ
قويۇپ، ئۆزەڭ ھە دەپ تاماق يەيتتىڭ، كۆ ـ
زۈڭ دانلاۋاتقان خورازدا بولۇدىغان.

ــ ئۇ ئىشلار يادىمدا تازا يوق. دادام
رەھمەتلىك ھايات ۋاقتىدا بىر خوراز باققىنىم
ئېسىمدە، يائاللا، توخۇ بالىسى ئۇنداق چىق ـ
مايدۇ ـ دە، پەيلىرى ۋاللىداپ تۇرۇدىغان،
تۇم تاجىلىق، چار خوراز ئىدى. كاساپەتنىڭ
كۆزلىرى چوغدەك يېنىپ تۇراتتى، جۇغىنىڭ
ئانچىۋالا يوغان ئەمەس ئىدى، يا ئۇنىمۇ
كەپتەر چىقارغانمىدىكىن، تۇمشۇغى قارچۇغى ـ
نىڭ تۇمشۇغىدەك ئىلمەك كەلگەن، پۇتلىرى
تۇم، مەزمۇت، دۈكرەكلىرى بىلەن تىرناقلىرى
تۆمۈردەك مەھكەم توخۇ ئىدى. ئەترەتتە
ئىشنىڭ تايىنى يوق، شۇ خورازنى قولتۇقلاپ
بىر مەزگىل يۈرۈپ كەتتىم. يېقىن ئەتراپتا
ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان خوراز چىقمىدى. بىر
كۈنى خاڭدا بىرسىنىڭ نوچى خورىزى بار
ئىكەن، دەپ ئاڭلاپ، چار خورازنى چاپانىنىڭ

پېشىگە ئوراپ، شۇ يەرگە پايپاسلاپ چىقتىم.
ھېلىقى توخۇنىڭ ئىگىسى شاپ بۇرۇت، ئىگىز
كەلگەن ئادەم ئىكەن. بىر قاراپلا: تازا يې ـ
تىشكەن توخۇۋاز ئوخشايدۇ ـ دە، دەپ ئويلى ـ
دىم. شاپ بۇرۇت قولۇمدىكى خورازغا قاراپ،
مەنسىتمىگەندەك قىلىپ:

ــ ماڭ جۇگىۇ، بۇ نىمەڭنى بازارغا
ئەكىرىپ، ئۇششاق بالىلار بىلەن سوقۇشتۇرۇپ
ئوينا! ــ دىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېنىڭمۇ ئاچچىغىم
كەلدى.

ــ ئاكا ھوي، توخۇنى قولتۇقلاپ شۇن ـ
چىۋالا يىراق يەردىن چىقىپتىمەن، نامەرتلىك
قىلماي، خورىزىڭىزنى بىر ئېلىپ چىقمامسىز،
كىرىشىپ قالسا، بىر ـ ئىككى ئاتلىشىپ باقاي ـ
لى، ــ دىدىم.

شاپ بۇرۇت كۆزۈمگە بىر ئالىيىپ قا ـ
رىدى ـ دە، كىچىككىنە بىر ئىشىكتىن كىرىپ
كېتىپ، قاراڭغۇ ئۆيدىن خورىزىنى ئېلىپ
چىقتى. كۆزۈمگە ئۇ توخۇ ئەمەس، يوغان بىر
پاخلاننى كۆتىرىپ چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ
كەتتى. ھېلىقى خوراز ئۆزىنىڭ باققان ئىگى ـ
سىگە ئوخشاش تازىمۇ يوغان، ئاق خوراز
ئىكەن. شۇنداق تاشلىۋىدى، يەرگە لەپپىدە
چۈشۈپ، قانىتىنى يېيىپ، قاتتىق بىر قىچ ـ
قىرىۋېتىپ، يەرنى چوقلاپ ئايلىنىشقا باشلى ـ
دى. قاراپلا، ھەقىقەتەن بۇنىڭ ئۇنداق ـ مۇن ـ
داق توخۇلاردىن ئەمەسلىگىنى بىلدىم. بۇ
خورازنىڭ كۆزلىرىنى دىمەمسەن، كۆزلىرى
بۈركۈتنىڭ كۆزلىرىدەك چاقناپ تۇراتتى.
پۇت ـ قولۇمغا سەل تىترەك ئولاشقاندەك بول ـ
دى. بىر دەمدىلا ئەتراپىمىزغا كۆمۈرگە چىقىپ
ئۆچرەت كۈتۈپ تۇرغان بىكارچىلاردىن يىگىر ـ
مە ـ ئوتتۇزى يىغىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى:
مۇنۇ چار خوراز كىچىكىرەك ئىكەن، ئىككى
خوراز پار كەلمەي قاپتۇ، دىسە؛ يەنە بىرل ـ

رى: تەۋەككۇل قىلىپ تاشلا ئۇكا، دەپ سالا قىلاتتى. شۇ چاغدا شاپ بۇرۇت:

— توختا! بىكارغا ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ، خورازنىڭ باش-كۆزىنى قانغا بوياپ ئۆلتۈرۈدىغان گەپ يوق. مېنىڭ خورىزىم قاچسا ئەللىك كوي بېرىمەن، قاچقان توخۇنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، خورازنىمۇ ئالسەن، سەن ئۇتتۇرساڭ قانداق قىلسەن؟ — دىدى.

— خورىزىم قاچسا، يېنىمدا ئون كويلا پۇلۇم بار، شۇنى بېرەي. ئەمما، خوراز ئۆزەمگە قالسۇن، ئاكا، — دىدىم.

— بوپتۇ، تاشلا! — دىدى ئۇ.

شۇنداق قىلىپ ئەتراپتىكى دەي-دەيچىلەرنىڭ ھە-ھۇسى بىلەن خورازنى تاشلىۋېتىپ قاپتىمەن. ئىككى خوراز بىر بىرىگە ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، شىللىسىنى ئۇرۇشۇپ بىر پەس تۇرۇپ قىلىشتى-دە، سىلىشىپ كەتتى. ئايىھاي، ئۆمرۈمگە كېلىپ ئۆزەممۇ خوراز دىگەننىڭ مۇنداق قاتتىق سوقۇشقىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن. ئىككى خوراز ئېتىلىپ كېلىپ، بىر بىرىگە ئۆزىنى ئۇرغاندا، بىر مېتىردىن ئارقىغا ئۇچۇپ، يەرگە دومىلاپ چۈشۈشەتتى. ھەرقېتىم ھاۋاغا ئۆرلەپ بىر بىرىنى تېپىشكەندە، بىر تالاي پەيلىرى ئەتراپقا توزۇپ، ھاۋادا لەيلەپ قالاتتى. ئاردىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى ئۇقمايمەن، ھەرئىككى خورازنىڭ شىللىسىدىكى تۈكلەر يۇلۇنۇپلا قالماي، قىپ-قىزىل ئېچىلىپلا قالدى. كۆمۈر ئۇۋاقلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن توپىدا يۇمىلاپ يۈرۈپ، ھىلىقى ئاق خورازمۇ قارا رەڭگە كىرىپ قالدى. بىر چاغدا ھىلىقى شاپ بۇرۇت يېنىمغا يۆگۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ بايىقى ھەيۋىسى ھاۋادا لەيلەپ يۈرگەن ئاشۇ توخۇ پەيلىرىدەك نەلەرگىدۇ ئۇچۇپ، چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ. ماڭا يېلىنغاندەك قىلىپ:

— ئۇكا، بۇ جانىۋارلارغىمۇ ئۇۋال. توتۇپ بىرئاز دەم ئالغۇزۇپ، ئاندىن سالساق قانداق؟ — دىدى.

قارىسام، مېنىڭ خورىزىممۇ ھاسىراپ قاپتۇ. مەيلى، دىدىم.

توخۇۋاز يۆگۈرۈپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، خورىزىنى ئاجرىتىپ ئېلىپ، ھىلىقى قاراڭغۇ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، باش-كۆزىگە سۇ پۈركۈپ، تاجىسىنى مايلاپ چىقتى. مەن خورىزىمنىڭ پەيلىرىنى رۇسلاپ، ئاغزىمدا ئۇنىڭغا ئازراق سۇ ئىچكۈزدۈم. ئاندىن خورازلارنى مەيدانغا يەنە تاشلىدۇق. يەنە بىر قەپەز ئېلىشقاندىن كېيىن، يوغان خوراز بىلەن كۈچ ئېلىشالماي قالدىمۇ، چار خورىزىم بېشىنى ئاق خورازنىڭ قانىتى ئاستىغا تىقىشتۇرۇپ، ئۆزىنى ئاياشقا باشلىدى. ئاق خورازنىڭ يەنە بىر-ئىككى قاتتىق تايىقى تەككەندىن كېيىن، چار خوراز بازغىسىپ ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تۇردى. ئۇ ھەرقېتىم بازغىنىغاندا، قىچىپ چىقىپ كېتىپ قالامدىكىن، دەپ يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالاتتى. پۈتۈن بەدىنىمدىن شۇرقىراپ تەر ئېقىشقا باشلىدى. «مەيداننى كەڭ ئېچىۋېتىڭلار، چارخوراز بازغىنىدۇ!» دەپ ۋاقىراپتىمەن. چارخوراز جانىۋارمۇ كۆڭلۈمنى چۈشەنگەندەك، يەنە ئارقىسىغا يېنىپ غەيرىتىگە ئېلىپ ئاق خورازغا ئېتىلاتتى. خورازلار قوغلىشىپ قاياققا ماڭسا، ئەتراپتا ئولاشقان ئادەملەرمۇ بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ شۇ ياققا يۆگۈرەيتتى. بىر چاغدا ئىككى خوراز چەتتە تۇرغان بىر كۆتەك ھارۋىنىڭ يېنىغا بېرىپ قالدى. قانداق بولدى، بىلمەي قالدىم. بازغىپ كېتىپ بارغان چارخوراز تۇيۇقسىز ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، كەينىدىن ئالچاڭلاپ قوغلاپ كېلىۋاتقان ئاق خورازنى ھارۋىنىڭ چاقىغا قىستاپ تۇرۇپ بىر تېپىۋىدى، ئاق خوراز «غىق» لا قىلىپ قوپالماي يې-

تىپ قالدى. شاپ بۇرۇت يېتىپ بارغىچە، ئۇ
پۇتلىرىنى رۇسلاپ شۇ يەردىلا جان بەردى.
يۈگۈرۈپ بېرىپ، شىلىلىسىنى يەنە ئۈرۈپ
توختاپ قالغان خورىزىمنى قولۇمغا ئېلىۋال-
دىم. بىچارە خوراز قولۇمغا چىقىپلا ماڭا بىر
قاراپ كۆزىنى يۇمدى-دە، بېشىنى لاسسىدە
بىر تەرەپكە تاشلاپ، ئۇمۇ ئۆلدى. بايا ھە-
لىقى شاپ بۇرۇت خورىزىنى قاراڭغۇ ئۆيگە
ئېلىپ كىرىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ دۈكىرىگىنى
ئۇچلاپ قويغان ئىكەن. قارىسام، چار خوراز-
نىڭ كۆكرىگىنىڭ بىر-ئىككى يېرىدىن بۇل-
دۇقلاپ قان ئېقىپ تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا
ئىچىمنىڭ سىيرىلىپ كەتكىنىنى ئېيتايمۇ، چار
خورازنى قۇچاقلاپ، كىچىك بالدەك ھۆكرەپ
يىغلاپ كەتكەن ئىدىم. خورازنىڭ نوچىسى
دېگەن ئاجايىپ-دە، ھېچقانداقلىقىدىن قايتماي-
دۇ ئەمەسمۇ. شۇ چارخورازدەك ئوبدان تو-
خۇ ئىككىنچى قولۇمغا چۈشۈپ باقمىدى...

— بولدى قىل. توخۇنىڭ گېپى چىقى-
ۋىدى، ئۆزەڭنى بىلمەيلا قىزىشىپ كەتتىڭغۇ؟
خۇدايىم كەچۈرسۇن، توخۇ سوقۇشتۇرغان بەك
يامان ئىش، بالام... ھازىر ھال-كۈنىڭ قان-
داقراق، ئۇستى-بېشىڭغۇ ئوبدانلا بولۇپ
قاپتۇ.

— يامان ئەمەس، موما، ئۆتكەنلەردە
سېنى ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ ئوبدان بىر قارى-
سام بولاتتى، دەپ قانچە ئويلىدىم. مۇمكىن-
چىلىك بولمىدى.

— نىيىتىڭگە رەھمەت، بالام.

— خەۋىرىڭ بار، ئۇ كۈنلەردە تەقسى-
ماتنىڭ تايىنى بولمىدى. يېيىشىمىز ئۈچ ۋاق
زاغرا. راست، جىلچىلىكتە ھاراقمۇ ئىچتىم،
توخۇمۇ سوقۇشتۇردۇم. خۇداغا شۈكرى، ھازىر
ئىش بىلەن بولۇپ، ھاراق بار دۇكانغا كى-
رىدىغانغا، قىمار بار كوچىغا دەسسەيدىغانغا
چولا يوق.

— خۇدايىم ئىنساۋىڭنى بەرسۇن، ئوغلۇم.
ھازىر نىمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ ئاڭلىسام،
سېنى خېلىلا باي بولۇپ قالدى، دېيىشى-
دىغۇ؟

— نەدىكىنى، مانا، باي بولدى دېسە،
بىزنىڭ خوشنىمىزنى دېسە بولۇدۇ. مۇشۇ بىر-
ئىككى يىلنىڭ ئىچىدىلا ئۇنىڭ تۇرمۇشى
لەپپىدە كۆتىرىلىپ كەتتى. ھازىر كۆڭگەيگە
قارىغان پىشايۋانلىق يېڭى ئۆيلىرى، بۇراپلا
قويسا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى كارامەتلىر-
نى كۆرسىتىدىغان جاھان ئەينىكى، شەھەرگە
كىرسە كىرىلىپ ئولتۇرۇدىغان ئات-ھارۋىسى،
بانكىدا مىڭ سوملاپ پۇلى بار...

— خۇدايىم بەرسۇن، خوشناڭ قانداق
قىلىپ شۇنچىۋالا بېيىپ كەتكەندۇ؟

— توخۇ بېقىپ.

— توخۇ بېقىپ؟!

— ھە، توخۇ بېقىپ.

— نىمە دەيدىغانسەن، بالام؟ ئايلىنىپ
يەنە شۇ توخۇنىڭ گېپىگە چۈشتۇڭغۇ...

— مانا، ئىشەنمەيسەن-دە، موما. مەھەل-
لىگە چىققاندا ئۇنىڭ ئۆيىگە باشلاپمۇ كىرەر-
مەن، خۇداغا چىن پۈتسەڭ، توخۇدىن باشقا
ھېچنىمە باقمايدۇ.

— خۇدايا توۋا دېگىنە، بالام. توخۇ
بېقىپ باي بولدى، دېگەن گەپنى بۈگۈن
سەندىن ئاڭلاۋاتىمەن. بۇۋاڭ رەھمەتلىك بار
ۋاقتىدا مەنمۇ يىلدا توخۇ باقىدىغان. باي
بولالىلى، دەپ باقمىزمۇ دەيسەن، شۇ بىر-
ئىككى مەكىيانىنىڭ تۇخۇمى چاي-تۇزغا دال
بولۇپ قالامدىكىن، دەپ باقاتتۇق. بەزى
يىللىرى يەمەي-ئىچمەي تۇخۇم يىغىپ، مىكي-
يانلارغا باسۇرۇپ بېرەتتىم. ئەتىيازدا بىر
چىرايلىق چۈجە چىقىراتتى. يازىچە، تەڭدىن
تولىسى كېسەل تېگىپ قىرىلىپ تۈگەيتتى،
قالغىنىنى سا ئېلىپ قاچاتتى

كۆزگە بارغاندا يەنە شۇ بىر - ئىككى قېرى مىكىيان بىلەن قالاتتىم. توخۇ بېقىپ باي بولۇمەن، دىگەن ئاخماقنىڭ ئىشى.

— مەن ساڭا يالغان ئېيتامدىمەن، موما؟ خوشنىمىزنى ساڭا ئوخشاش بىر - ئىككى توخۇ بىلەن كۈننى ئۆتكۈزۈدۇ، دەمسەن؟ يىلىغا نەچچە يۈز توخۇنى بىراقلا باقىدۇ. ئۇنىڭ توخۇلىرى ئىچىدە خىنەن توخۇسى دەمدۇ، خۇنەن توخۇسى دەمدۇ، تۇرپان توخۇسى دەمدۇ، چەتئەل توخۇسى دەمدۇ، ئەيتاۋۇر، جاھاندىكى ھەر خىل - ھەررەڭ ياخشى توخۇلارنىڭ ھەممىسى بار. مىكىيانلىرىنىڭ رەڭگى ئاق. ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى كەڭ مەيداندا خۇددى بۇلۇتتەك يېيىلىپ دانلىشىدۇ. خورازلىرىنىڭ سۆلەتلىكلىگىنى دىمەمسەن، يېنىغا بېرىپ قويساڭ، سىنىڭ بىلەن سالاملاشقاندەك «كۇتوتوت» قىلىپ قويۇپ، سالماقلىق دەسسەپ نېرى كېتىدۇ. «تووۋا» دەپ قالىسەن. بەزى خورازلىرى خۇددى بىرسى ئۈگىتىپ قويغاندەك، ھەر سائەتتە بىر قىچقىرىدۇ. تاڭ سەھەردە جىمى خورازلىرى بەس - بەستە قىچقىرىشىپ كەتسە، ئاۋازى پۈتۈن مەھەللىنى بىر ئالىدۇ. باشتا، بۇ ۋاڭ - چۇڭدىن مىنىڭمۇ كەيپىم ئۇچقان ئىدى، كېيىن - كېيىن ئۈگىنىپ قالدىم. ھازىر خوشنامنىڭ خورازلىرى قىچقارسا قۇلىقىمغا نەغمە - ناۋا قىلىۋاتقاندەك يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ.

— تووۋا، نىمە گەپتۇ بۇ!؟

— نىمە گەپ، دەيسەنغۇ؟ بارغاندا كۆرۈسەن، ئۇنىڭ توخۇلىرى ئىچىدە نەچچە - كىلو گۆش چىقىدىغان يوغانلىرى بار، جۇغى كىچىك توخۇلىرىنى كۆرۈپ، مۇشۇمۇ توخۇ بولدىمۇ، دەپ قالىما. ئۇنداقلىرى كۆرۈك بولماي خۇدانىڭ ھەممە كۈنىدە تۇغۇۋىرىدۇ. بەزى توخۇلىرى ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن تۇخۇمى مۇشتۇمدەك بار.

— مۇنچە توخۇ - تۇمانىنى خوشناڭ قانداقمۇ يىغىشتۇرۇپ ئۈلگۈرەر؟

— سەن ئۇنى تۆت تال تۇخۇم بىلەن بىر - ئىككى چىشقاق توخۇنى تۇتۇپ، بازاردا تىترەپ تۇرۇدىغان بىچارىلەردىن، دەپ ئويلامسەن؟ توخۇ - تۇخۇم ئالىدىغانلار يەشىكلىرىنى ھارۋىلىرىغا بىسىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا تاراقلىشىپ ئۆزلىرىلا چىقىشىدۇ. خوشنام سىپتىلىدىغان توخۇ - تۇخۇملارنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويۇپ: «قېنى، قانچىلىك لازىم؟ تاللاپ ئېلىڭلار» دەپ تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ، بايۋەچچىدەك پىتىنى بۇزماي تۇرۇۋىرىدۇ. ئۇ، كۈزدە يەنە نەچچە توخۇ ئوغۇتى ساتىدۇ. پۇلدىن قىسىلىپ قالسا، ھۆكۈمەتنىڭ بانكىسىدىن قەرز ئالىدۇ. توخۇلىرى ئاغرىپ قالسا، دورا ئىچكۈزۈپ، ئوكۇل ئۇرۇدۇ.

— خۇدايىم، قۇلاق ئاڭلىمىغانلا گەپلەرغۇ بۇ. ئۇنداق بولسا، سىنىڭ ئۇ خوشناڭ تەكشى ئادەم ئەمەس ئوخشايدۇ. بىز كىچىك چاغلاردا مەھەللىدە تۈگمەن يوق ئىدى. ئەر خەقلەر ئۈگۈتنى ئات - ئۇلاقلارغا ئارتىپ، بىر - ئىككى بەل ئېشىپ، يۇقۇرقى مەھەللىگە ئېلىپ بېرىپ ئۇن قىلىپ كېلەتتى. ئات - ئۇلىغى يوق بىچارىلەرگە بەك تەس ئىدى. كېيىن، مەھەللە يېنىدىكى چوڭ ئۆستەڭگە بىر ئورۇس تۈگمەن سالدى. ئۇنىڭ تارتقان ئۇنى يۇمشاق، ئوبدان چىقاتتى. بىزمۇ ئۈگۈتنى باشقا مەھەللىلەرگە ئاپىرىپ ئاۋارە بولمايدىغان بولدۇق. بۇ تۈگمەننىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، باشقا مەھەللىدىكىلەر بىز تەرەپكە كېلىپ ئۇن تارتقۇزۇدىغان بولدى. ھىلىقى ئورۇسمۇ بىر - ئىككى يىلىغا قالمايلا باي بولۇپ كەتتى. بۇ ئورۇسنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى بار ئىدى. يەكشەنبە كۈنى قانچە

يالڭۇزساڭمۇ ئۇن تارتمايتتى. تۆگمەننى توختىتىپ قويۇپ، غات ـ غىتنى چېلىپ، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن تۆگمەننىڭ ئىچىدە دۈپۈرلىشىپ ئۇسۇلغا چۈشۈپ كېتەتتى. كېيىن تۆگمەنچى ئورۇسنىڭ جىن ـ ئالۋاستىلار بىلەن ئالاقىسى بار ئىكەن، ئۇنىڭ تۆگمىنى سۇ بولمىسىمۇ چۆگىلەۋېرىدىكەن. سۇ بولمىغان كۈنلىرى ئالۋاستىلار كېلىپ «پۈف!» دەپ شامال چىقىرىپ، تۆگمەننى چۆگىلىتىپ بېرىدىكەن، دىگەن گەپ تارقالدى. بۇ گەپكە بىزمۇ ئىشىنىپ قالدۇق. نىمىشقا دىسەڭ، شۇ ئورۇس تۆگمەن سالغان يەردە بۇرۇن يوغان بىر تۈپ قارىياغاچ بولۇدىغان، بۇ قارىياغاچتا جىن بار، دەپ كېچىسى ھىچكىم ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتەلمەيدىغان. كېيىن ئاڭلىساق، مەھەللىنىڭ ئىمامىمۇ: «بۇ ئورۇسنىڭ تۆگمىنىدە تارتقان ئۇننى يېيىش ھارام» دەپتۇ. شۇندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۆگمىنىگە ھىچكىم ئۆگۈت ئاپارمايدىغان بولغان ئىدى. سېنىڭ توخۇ باقىدىغان خوشناڭمۇ شۇنداق بىر نىمە بولۇپ چىقمىسۇن يەنە؟! ئۇلارنىڭ توخۇمىنى ھەرگىز يىگۈچى بولما.

— يوق گەپنى قىلمىغىنە، موما. بىز ئۈچ ۋاق تامىغىمىزغا شۇلارنىڭ توخۇمىنى ئېلىپ چىقىپ ئىشلىتىمىز ھەم ئەرزان، ھەم يوغان.

— ۋاي ئۆلەي، ئەقلىڭنى بۇلغاپسەن...

— نىمە دەۋاتقىنىڭ، بۇ توخۇچىنىڭ كارامەتلىرى ئالدىدا سەن دىگەن ئورۇسمۇ يىپ ئېشىپ قالدۇ. بىر كۈنى قارىسام، ئۇ توخۇلىرىنا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. «خوش بۇرادەر، كاللاڭغا نىمە خىياللار كېلىۋاتىدۇ؟» دەپ سورىسام، نىمە دىدى دىمەمسەن: «مۇشۇ توخۇلارنى قانداق قىلغاندا كۈنىگە ئىككىدىن توخۇم بېرىدىغان قىلغىلى بولار، دەپ ئويلاۋاتىمەن.» دەيدۇ. يەنە بىر كۈنى قارىسام، بۇخوشنام ئۇشقۇت چېلىپ، تام تۈپىسىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈدۇ. «ھەي ئاغىنە، يەنە نىمە گەپ بۇ؟» دەپ سورىسام، «توخۇلارنى ئۇشقۇت چېلىنغاندا ئۆزلىرى كاتىگىدىن شامالدىغىلى چىقىدىغان، يەنە بىر ئۇشقۇت چېلىنغاندا، قايتىپ كىرىپ كېتىدىغان قىلىپ ئۆگىتىۋاتىمەن» دەيدۇ.

— ھە، دىمىدىممۇ، جىن‑شەيتانلارنىڭ ئىسەرى خوشناڭنىڭ ئۆزىگىمۇ ئۆتكىلى تۇرۇپتۇ. يا ئۇنىڭ ئۆي سالغان يېرى تەكشى ئەمەس...

— مانا، مەھەللىگىمۇ يېتىپ كەلدۇق. ئاۋۇ دۆڭ تۆپىسىدىكى سىرلاقلىق يېڭى ئۆيلەرنى كۆردۈڭمۇ؟ ئاشۇ ھىلىقى توخۇچىنىڭ ئۆيى. ئاۋال بىز توخۇچىنىڭ ئۆيىگە بارايلى، ھەممىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپباق.

— قويغىنە، بالام، ئۇنىڭ ئۆيىدە ماڭا نىمە بار؟

— ئۆزەڭ توخۇچى بىلەن بىر ھارۋىدا ئولتۇرۇپ چىقىشىپتىمۇ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرمەيمەن، دەيسەنا، ھا!...ھا!...ھا!...

ھارۋا پىشايۋانلىق يېڭى ئۆيگە يېقىنلاپلا قالغان ئىدى. يول ئۈستىدە دانلاپ يۈرگەن سېمىز توخۇلار سۆلەتلىك مېڭىپ توخۇ باققۇچىغا يول بوشاتتى.



# لامپوچكا يېقىلغان چاغدا

(هېكايە)

ئابدۇرۇپ پولات

1

مۇزدوز سەلەي ئاخۇن ئۇستام ناماز ئەسىر ۋاقتى بىلەن بازاردىن قايتتى. ئۇنىڭ قولتۇقىدا ئىككى پارچە خۇرۇم، بىر تاختا چەم ۋە ئەستەرلىك بېشو قىستۇرۇلغان ئىدى، ئوڭ قولىدا بىر كىلوگىرامدىن كۆپرەك پەش گۆش چىگىلگەن ياغلىق ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئېرىنىڭ شاتلىق يېغىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپلا بۈگۈنكى سودىسىنىڭ ياخشى بولغانلىقىنى پەملىگەن نىساخان دىلى سۆيۈنگەن هالدا ئالدىغا چىققتى-دە، بىر خىل نازاكەت بىلەن قولىنى سوزۇپ ئۇنىڭ قولىدىكى گۆشنى ئالدى.

— پېتىر مانتا قىلىڭلا، ئانىسى، پېتىر مانتا! — دېدى سەلەي ئاخۇن ئۇستام قولتۇقىدىكى نەرسىلەرنى دۇكان ئۆيگە قويۇپ چىققاندىن كېيىن.

— ماقۇل، — نىساخان دەرهال تەرەددۇتلەنمەك بولۇپ ئاشخانا ئۆيگە قاراپ ماڭغان ئىدى، سەلەي ئاخۇن ئۇستام ئۇنى چاقىرىپ توختاتتى:

— هە، ئانىسى، ئېلىجان كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— بىر ئىشقا بۇيرۇغان ئىدىم، — دېدى نىساخان مۇلايىم ئاۋاز بىلەن، — قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، سەل تەخىر قىلسىلا، بىر ئىش بارمىدى؟

— قايتىپ كىرىشى هامان مېنىڭ يېنىمغا كىرسۇن هە، مەن مېهمانخانىدا.

— ماقۇل.

سەلەي ئاخۇن ئۇستام مېهمانخانىغا، نىساخان ئاشخانىغا

كىرىپ كەتتى. هايال ئۆتمەي تالادىن قەغەزگە ئورالغان قوشمۇشتەك بىر نەرسە كۆتەرگەن سوقىچاق يۈزلۈك، ئۆسكىلەڭ بىر بالا كىرىپ كەلدى. بۇ ئېلىجان ئىدى. نىساخان ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسىنى ئېلىپلا دېدى:

— داداڭ بازاردىن قايتىپ كەلدى، بالام، سېنى بەك سېغىنىپ كەتكەندەك قىلىدۇ، يۈگۈر، كۆرۈشۈپ چىققىن.

ئېلىجان مېهمانخانا ئۆيگە كىرگەندە، سەلەي ئاخۇن ئۇستام تۆردە بەدەشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ باشمالتىغىنىڭ يۈزىنى پات-پات تىلى بىلەن ھۆلدەپ قويۇپ، ھەدەپ پۇل ساناۋاتاتتى. ئۇ ئېلىجاننى كۆرۈپلا خوشال ھالدا سۆزلەپ كەتتى:

— بۈگۈن بازىرىم ناھايىتى بەلەن بولدى، بالام، ھىلىقى بالا ئۆتۈكنى دېمەمسەن، بازارغا پۈتۈمىنى نەقىپ بولغىچىلا نەچچە خېرىدارنىڭ كۆزى چۈشۈپ تالىشىپ ئېلىپ كەتتى. نەرقىمۇ دېتىمدىكىدەك بولدى، سېنىت كېمى يوق ئونبەش كوي دېگىنە. مانا بۇ ئون كوي سېنىڭ ئىش ھەققىڭ، ياغ چاينا، بالام.

ئېلىجان دادىسىنىڭ خوشال چاغلىرىنى كۆرگەن، لېكىن ئۇنىڭ مۇنداق كەڭقوللۇق قىلىپ ئون كوينى بىراقلا بېرىۋېتىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. راست، دادىسى بۇرۇنمۇ سودىسى ئاقىقان كۈنلىرى ئۇنىڭغا پۇل بېرەتتى، ئەمما، بەك جىق بېرىۋەتتى دېگەندىمۇ، ئىككى كويدىن ئاشمايتتى. ئەجەبا بۈگۈن... ئېلىجان نېمە قىلىشنى بىلەلمەي چوڭ قارا كۆزلىرىنى جامدەك ئېچىپ تېزۈپلا قالدى.

— ھە، ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ — سەلەي ئاخۇن ئۇستام كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن ئېيتاي، بالام، بىرىنچىدىن، ئۇ بالا ئۆتۈككە سەنىلا دېگۈدەك ئىشلىدىڭ؛ ئىككىنچىدىن، ئەمدى سېنىڭ ئون-يىگىرمە كوي دېگەنلەرنى كاسا يانچۇغۇڭغا سېلىپ قويۇپ، قورقماي خەجلەيدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى. ئون-يىگىرمە كوي دېگەن نېمە ئۇ، خۇدا خالىسا، ئۇزۇنغا قالماي ساڭا بىر موتومۇ ئېلىپ بېرىمەن، تېخى!

ئېلىجان يەنىلا قول ئۇزىتىشقا جۈرئەت قىلالماي تۇراتتى، دەل شۇ چاغدا، سەلەي ئاخۇن ئۇستادىغا چاي دەملەپ كىرگەن نىساخان ئۇنىڭغا مەدەتكار بولدى:

— ئال بالام، داداڭ بەرگەندىن كېيىن، ھەشقاللا دادا، دەپ ئال.

كەچ بولدى. پېتىر مانتا تويغۇدەك يېيىلىپ، ئاچچىق دەملەنگەن دورا-دەرمەكلىك چاي قانغۇدەك ئىچىلدى. دۇئادىن كېيىن، سەلەي ئاخۇن ئۇستام ئېلىجاننى دۇكانغا چىقىپ ئەتە ئىشقا ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن قىلىشقا تېگىشلىك بەزى زۆرۈر تەييارلىقلارنى ئىشلەشكە بۇيرۇدى. ئاندىن، قازان-قومۇچلارنى يۇيۇۋېتەي دەپ چىقىپ كېتىۋاتقان نىساخاننى چاقىرىۋېلىپ، يېنىغا ئولتۇرغۇزدى-دە، گېلىنى قىرىپ قويغاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— مەن ئېيتاي، ئانىسى، ئېلىجاننى ئەمدى مەكتەپتىن چىقىرىۋالايلى.

— ۋاي نېمە داۋاتىلا، دادىسى، — دېدى نىساخان خۇددى تۇيۇقسىز قورقۇنچلۇق بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك چۆچۈپ تۇرۇپ، — ئېلىجاننىڭ ئولتۇرسا-قوپسا داشۆنى پۈتتۈرگىچە ئوقۇيمەن دەپ يۈرگىنىنى ئاڭلىمىدىلىمۇ؟ توساتتىنلا مەكتەپكە بارما دېسەك ئاسماندىن يەرگە تاشلىۋەتكەندەك ئېغىر كەلمەمدۇ بالىغا؟!

— سەنلا ئېچىتىپ بەرمىسەڭ، تۆت

كۆن ئۆتكەندىن كېيىن كۆنۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بالىنىڭ ئۆزىمۇ موزدۇزلۇق ھۈنىرىگە ئۆتەك قىزىقىدۇ.

ئېرىنىڭ مىجەزىنى بەش قولدەك بىلىدىغان نىساخان ئىلاجى بار ئۆزىنى بېسىپ، بىر قولىنى ئېرىنىڭ تىزى ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ، مۇلايىم ئاۋازدا ئېيتتى:

— ئۇنداق دېمىسىلە، دادىسى، ماڭا قارىسىلا، قىزلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى بوسۇغىنىڭ تېشىغىمۇ چىقارماي ئۆيگە سولاپ، بېقىپ بويىغا يېتە-يەتمەيلا كولۇكتەك بەندىسى قىلىپ بېرىپ تۈگەتتۇق. ئەمدى، مۇشۇ بىردىن-بىر ئوغلىمىز بولسىمۇ خەقنىڭ بالىلىرىغا ئوخشاش مۇرادىغا يەتكۈدەك ئوقۇۋالسۇن.

— ئۇنداق ئون يىل ئوقۇيمۇ ئايلىغى 50 – 60 تىيىندىن ئاشمايدىغان ئوقۇشتىن نىمە چىقىدۇ؟ ھالا، 50-60 كوي دېگەن ھۈنەرۋەننىڭ تىرنىغىنىڭ كىرى! «ئوغول بالىغا 80 تۈرلۈك ھۈنەر ئاز» دېگەن تەمسىل بار.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان نىساخاننىڭ چىرايى تۈتۈلدى ۋە تەنە قىلغان ئاھاڭدا تۈلاپلا ئېيتتى:

— ئۇنداق ئادەم باشتا بالىنى مەكتەپكە بەرمەيلا مۇشۇ ئىسىل ھۈنەرلىرىگە سېلىۋالماپتىكەنلا-يا، ئەمدى ئۇنىڭ ئوقۇشىنى يا گۆش، يا بەز قىلماي...

— بولدى، بولدى!— سەلەي ئاخۇن ئۇستام دەرھال گەپنى تارتىۋالدى،— خوتۇن كىشى دېگەن ئوچاق بېشى بىلەن كولۇكنىلا بىلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق ياخشى كۈنلەر بولغان بولسا بالىنى مەكتەپكە بېرىپ سارائىمىدىم. سېنىڭمۇ خەۋىرىڭ بار، ئۇ چاغلاردا ھۈنەر ئاقماس، ھۈنەرۋەن يالىڭاچماس بولۇپ كەتكەن. شۇڭا مەندىن كېيىن قالسا كۈنىنى كۆن ئېتەلمەي قالمىسۇن دەپ ئۇنى مەكتەپكە بېرىۋەتكەنمەن! ئەمدىچۇ؟ ھەي، ھازىرقى كۈنلەرنىڭ ئىسلاھگە نىملا دېسە ئەرزىيدۇ، خۇدا كۆز تەگمىسۇن. ھازىر گۈلدەك ھۈنىرىڭنى ئىشلىتىپ يامبۇ يىغىدىغان چاغ كېلىپ قالدى. مىسالى، بۈگۈنكى بازارنىلا دېگىنە، بازار ئەمەس ئوتتۇ كاساپەت، ئوت. قولۇڭدىكى مال ھايت-ھۇيت دېگىچە خېرىدارنىڭ قولىغا چىقىپ بولىدۇدە، دىتىڭدىكى نەرق بىلەن سېتىلىپ كېتىدۇ. ھەي، ھازىرقى ۋاقىتتا ھۈنەر قىلماي، تاغاردا بىر دەپتەر-كىتاپنى يۈدۈپ مەكتەپكە سوكۇلداپ يۈرگەن ئوغۇل بالىنى ئەخمەق دېسە بولىدۇ، ئەخمەق.

ئېرىنى قايىل قىلالمىغان نىساخان ئەلەمدىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى. ئاخىرىدا جۈدۈنى تۈتقان ھالدا قەتئىي قىلىپ ئېيتتى:

— بالىنى سىلە ئوقۇتمىسىلىرى ئۆزەم ئوقۇتىمەن!

— سەپرايىمنى ئۆرلەتمە، خوتۇن! ئۇقۇپ قوي، مەن ساڭا مەسلىھەت سالمايۋاتىمەن، كۆڭلۈمدە پىششۇرۇپ قويغان نىيىتىمنىلا دەپ قويدۇم، ۋەسسالام! سېنىڭ يەنە نىمە ھەددىڭ؟!

بۇ يىل ئەللىك ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان سەلەي ئاخۇن ئۇستام بۇۋىسىدىن تارتىپ مۇشۇ ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان زاكا موزدوز بولۇپ، تىنى ساغلام، ئەمما سەپرا مىجەز، جاھىلراق ئادەم ئىدى.

نىساخان بولسا مەكتەپ يۈزى كۆرمەگەن، ساددە ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مەكتەپتە ئوقۇشنىڭ زادى قانچىلىك پايدى-

Altunoq

سى بارلىغىنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە ئاجىز ئىدى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئوتتۇز بەش يىللىق قەدىناس ئېرى سەلەي ئاخۇن ئۇستامنىڭ ھاياتىدىن قاراپ، جىق پۇل تاپمەن دەپ ئۆمۈر بويى كوسىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، قارا گۈل، رەڭ، موم ۋە سىرەجىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ، يۈز - كۆزىنى كۆكەرتىپ يۈرۈپ ئۆتكەندىن، ئاز بولسىمۇ، كەم ئىچىسىمۇ ئوقۇپ كادىر بولۇپ، پاكىز كىيىنىپ يۈرگەن ئەلا ئىكەن، دىگەن قاراشقا كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا مۇشۇ قارىشىنى ئېرىنىڭ ئالدىدىلا دەۋەتمەكچىمۇ بولدى - يۇ، بىراق، ئېرىدىن بىھۇدە دەشنام يەپ كۆڭلىنى تېخىمۇ يارا قىلىۋېتىشتىن ئەنسىرەپ، بۇ نىيەتتىن ياندى. ئۇ ئېغىر بىر خورسىنىپ قويدى - دە، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. ئەمما بوسۇغىغا كەلگەندە، قەدىمىنى توختىتىپ، ئاستا كەينىگە بۇرۇلدى ۋە گىدىيىپ ئولتۇرغان ئېرىگە قاراپ، تىترەپ تۇرغان ئاۋازدا ئېيتتى:

— نىملا بولمىسۇن، بۇ ئىشنى بالىنىڭ ئۆزى بىلەن، ئاندىن ئۇنىڭ مۇئەللىمى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر ئىش قىلايلى.

بۇ چاغدا، ئېلىجان ھويلىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى دۇكان ئۆيدە ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە دەسلەپ چوڭ - كىچىك ئىككى ئىش تاختىسىنى پاكىز قىردى. ئاندىن، ئەتە ئەتىگەندە ئىش كېسىش ۋە راستلاشقا كېتەرلىك ئەسۋاپلارنى تەخلىدى. بۇ ئىشلارنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئىش تارتمىسىدا ئىشلىتىدىغان مىقلارنى تۈزلەپ قويماقچى بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ توكۇلدىتىپ مىق تۈزلەپ ئولتۇرۇپ، ئايۋان ئۆيدە ئانىسى بىلەن دادىسى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ ئىشتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قالدى.

×

ئەتىسى — دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەن ھاۋا تۇمانلىق ئىدى. ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، مەكتەپكە مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقان ئېلىجان توساتتىنلا دادىسىنىڭ: «بالام ئېلىجان، بۈگۈندىن باشلاپ مەكتەپكە بارما، ئەمدى سېنىڭ بېسىپ ئولتۇرۇپ ھۈنەر قىلىپ، داداڭنىڭ ئېغىرىنى يېنىك قىلىدىغان ۋاقتىڭ كېلىپ قالدى» دىگەن گېپىنى ئاڭلىغان چېغىدا، ئۆزىنىڭ قۇلىغىغا ئۆزى ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ: «نىمە دىدىڭ، دادا؟» دەپ سورىماقچى بولدى - يۇ، بىراق، ھازىر ئاڭلىغان گەپنى ئىككىنچى ئاڭلاشتىن قورقۇپ ئىتتىك ئانىسىغا قارىدى. ئانىسى نىساخان چىرايىدىن ئەنسىرەش، قورقۇش ئالامەتلىرى چاقناپ تۇرغان ئېلىجاننىڭ كۆزىگە توغرا قارىيالماستىن، بېشىنى كەينىگە ئىتتىك بۇراپ، لېۋىنى چىشلىگەن پېتى ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

ئېلىجان زېرەك، كۆزى ئۆتكۈر، قولى ئەپچىل بالا ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتقاندا، يىپ ئېشىش، موملاش ۋە مىق تۈزلەشتىن باشلاپ دادىسىنىڭ ھۈنىرىنى قېتىقىنىپ ئۈگەندى. قىسقىغىنا ئىككى يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە ئۇ روپپىچەك مىقلاش، ئارقا چاك تىكىشنىلا ئەمەس، بەلكى بېخىچىلىق قىلىش ۋە ئىش پەدەزلەشنىمۇ ئۈگىنىۋېلىپ، دادىسىنىڭ قولىنى خېلىلا سوۋۇتتى. دەسلەپ ھەپتىسىگە يۆلەشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاران ئىككى چوڭ ئۆتۈك ۋە بىر بالا ئۆتۈك چىقىرالايدىغان سەلەي ئاخۇن ئۇستام ھازىر گەپ قىلماي ئۈچ چوڭ ئۆتۈك ۋە بىر بالا ئۆتۈك تەييار قىلالايدىغان بولدى. ئېلىجاننىڭ پەقەت چۈشىنەلمەيدىغان يېرى شۇكى، ئەنە شۇنداق قىلسىمۇ دادى-

سى زادى نىمىشقا ئۇنىڭدىن يەنە رازى
بولمايدۇ؟ ئۇ شۇنداق بولمىسىكەن دەپ
قورقۇپ يۈرگەن ئىش راستىنلا يۈز بەردى -
مىكىنە؟

شۇنداق، ئېلىجان قورققان ئىش ھەقىـ
قەتەنمۇ يۈز بەرگەن ئىدى. ئۇ يىغلىدى،
قاخشىدى، يىمەي - ئىچمەي بۇتناپ يېتىۋال -
دى. بۇلارنىڭ ھىچقايسىسى كارغا كەلمىدى،
ئاخىرى ئۇ بىر بانا تېپىپ، شەھەرنىڭ چېـ
تىدىكى چوڭ ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ كېـ
تىپ، شۇ يەردە يېتىپ - قوپۇپ ئوقۇماقچىمۇ
بولدى، بىراق، ئانىسى ئۇنىڭ مۇنداق قىلـ
شىغا قوشۇلمىدى:

— ئۇنداق قىلساڭ، داداڭنىڭ تېخىمۇ
جەھلىنى قاتۇرۇپ قويۇسەن، جېنىم بالام.
ئەۋلەم ماقۇل دەپ بىرنەچچە كۈن داداڭـ
نىڭ يېنىدا ئىشلەپ تۇر، دىسەم - دىمىسەم
سېنىڭ مۇئەللىملىك بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا،
ئىشنىڭ ئۇجۇر - بۇجىرىنى ئۇققىلى كېلىدۇ.
سېنىڭ داداڭنى ئاشۇ ئادەم قايىل قىلىپ
قالسا ئەجەپ ئەمەس!

دىگەندەكلا، ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن
كېيىن، ئېلىجاننىڭ سىنىپ مۇدىرى تۇرسۇن مۇ-
ئەللىم ئۇلارنىڭ قوراسىدا پەيدا بولدى. تۇرسۇن
مۇئەللىم باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى بىلەن
شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا يىگىرمە بەش يىلدىن
ئاشقان پىشقەدەم ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ ئىـ
گىز بوي، بۇغداي ئۆڭ، خۇشخۇي ئادەم
بولۇپ، يېشى قىرىقتىن ئاشقان بولسىمۇ، لېـ
كىن كىشىلەر ئۇنىڭ ساغلام بەستى ۋە
جۇشقۇن روھىي قىياپىتىگە قاراپ، ئوتتۇز
بەش ياش بېرىشكىمۇ ئېھتىيات قىلاتتى.

تۇرسۇن مۇئەللىم دەسلەپ سەلەي ئا-
خۇن ئۇستامنىڭ ئېلىجاننى مەكتەپتىن چىقىـ
رىۋېلىشقا كۆرسەتكەن ۋەج - سەۋەپلىرىنى
ئەستايىدىللىق بىلەن قۇلاق سېلىپ ئاڭلىـ
دى. ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئوچۇق - كۆ -
ڭۈللۈك بىلەن ئولتۇرۇپ، ئەۋلاتلارنى ئوقۇ -
تۇپ ئىلىم - مەرىپەتلىك قىلىشنىڭ زۆرۈرىيە-
تىنى ۋە ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشلىك سۆزلەر
بىلەن چۈشەندۈردى. سەلەي ئاخۇن ئۇستام
باشتا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، بۇرۇتىنى بىر
قولى بىلەن ئاستا ئېشىپ ئولتۇرۇپ تىڭشى -
غان ۋە ئۆز نۆۋىتىدە «ئەپەندىم، سىلىنىڭ
كۆڭۈللىرى ياخشى، بىزنىڭ بالىمىزغا كۆڭۈل
بۆلگەنلىرى ئۈچۈن رەھمەت» دىگەندەك بىر-
ئىككى ئېغىز سىپايە گەپلەرنى قىلغان بول -
سىمۇ، بىراق، مەسىلىنىڭ ھەل قىلغۇچ تۈ -
گۈنىگە كەلگەن چاغدا، ئولتۇرالماي قالدى.

— مەن ئېيتاي، ئەپەندىم،— دىدى ئۇ
ئاخىرىدا ئاۋازىنى سەل كۆتىرىپ،— ھۆكۈ -
مەت پۇخرالارغا بېيىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ
بەردى، ئەلۋەتتە مېنىڭمۇ باي بولغۇم بار.
ئەمما، يالغۇز كېلىپ قالدىم، ياردەمچى لا -
زىم بولدى. ھالا، ئۆز ئوغلۇمنى قول - قانات
قىلسام نىمىسى يامان بوپتۇ؟ مەن خۇش
بولۇپ قالاي، ئەپەندىم، بىزنىڭ ئېلىجاننىڭ
ئوقۇمىغىنى بىلەن سىلە ئوقىتىدىغان بالا تۈ-
گەپ قالماس، ئۇنىڭ ئېتىنى دەپتەرلىرىدىن
«كىرىتىشتە» ئۆچۈرۈۋەتسىلە بولدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان تۇرسۇن مۇئەللىم
سەل توختىۋالغاندىن كېيىن، يەنىلا مۇلايىم
ئاۋاز بىلەن بىر - ئىككى ئېغىز داۋلى سۆز -
لىگەن ئىدى، سەلەي ئاخۇن ئۇستام ئورنى -
دىن دىگىدە تۇرۇپ كەتتى:

— مەن ئېيتاي ئەپەندىم، بالا مېنىڭ،
مەن ئۇنى مۇشۇنداق چاغدا ئىشقا تارتمىسىكىن
دەپ تاپقانمەن! سىلە ئۇنداق تۆگىنىڭ قويـ
رۇغى يەرگە يەتكەندە بولۇدىغان ئىشلارنى
ئالدىمغا تاشلاپ سەپرايىمنى ئۆرلەتمىسىلە
تولا! بولدى قىلسىلا، ئەپەندىم، بولدى
قىلسىلا!

سەلەي ئاخۇن ئۇستام شۇگەپنى قىلدى ـ
يۇ، ئىشىكنى تاراق ـ تۇرۇق ئېچىپ ـ يېپىپ، مېھـ
مانخانا ئۆيدىن دۇكان ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.
مېھمانخانىدا مۇئەللىم، نىساخان، ئېلىـ
جان قالدى. تۇرسۇن مۇئەللىم سەلەي ئاخۇن
ئۇستامنىڭ مۇنداق سەپرا مىجەزلىكىگە ھەيـ
ران بولغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇنىڭ مۇنچىۋالا
تەرسالىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانلىقى ئۈـ
چۈنمۇ ئىش قىلىپ، ئولتۇرغان يېرىدە مەـت
قىلماي بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. نىساخان
ئېرىنىڭ مۇنداق بىغەرەزلىكىدىن باغرى ئېـ
زىلگەن ھالدا مۇئەللىمدىن ئەپۇ سورىدى.

ئېلىجان بولسا مۇئەللىمنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى
ئېتىپ «ۋاررىدە» يىغلىۋەتتى.
مۇئەللىم كەتكەندىن كېيىن، سەلەي
ئاخۇن ئۇستام ئۆيگە كىرىپ ئانا ـ بالا ئىكـ
كەيلەنگە ئون ئىككى بال بوراندەك گۈكـ
رەپ سىياسەت قىلدى. ئاخىرىدا ئېلىجانغا
قولىنى جۆنەپ تۇرۇپ جەھلى بىلەن ۋاـ
قىرىدى:
— پوتلاگىنى ئېقىتمای، ياخشىلىقچە
كەينىمدىن دۇكانغا چىق، بولمىسا قۇلىغىڭنى
يۇلۇپ قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇمەن، بىلىپ
قوي، مەن سېنىڭ داداڭ!

2

شۇنداق قىلىپ، ئېلىجان ئوقۇمايدىغان
بولدى. بۇنى ئويلىغاندا، ئۇ خۇددى ئوغرى
مۈشۈك يۈرىگىنى تاتىلاپ يەۋاتقاندەك بىئاـ
رام بولۇپ كېتەتتى. ھەي، ئامال قانچە، مانا
بۈگۈن ئۇ مەكتەپتىن قالغىنىغا ساق ئالتە
كۈن بولدى. بۇ ئالتە كۈندىن بۇيان ئۇ داـ
دىسى بىلەن مۇشۇ كىچىككىنە دۇكان ئۆيىگە
سولىنىپ ئولتۇرۇپ موزدوزلۇق قىلماقتا. بۈـ
گۈن شەنبە، ئەنە، كۈنمۇ قايرىلىپ قالدى.
سەلەي ئاخۇن ئۇستام ئەتە بازارغا ئېلىپ
چىقىدىغان چوڭ ئۆتۈكلەرنىڭ پەدىزىگە
جىددى ئىشلىمەكتە. ئېلىجانمۇ ئىككى دانە
بالا ئۆتۈكنى پەدازدىن چىقىرىشى كېرەك.
ئەنە، ئۇ ئۆتۈكلەرگە قارا رەڭ ئارىلاشتۇرۇلـ
غان قارا گۈل سۈيى بېرىپ قويغىنىغا خېلى
ۋاقىت بولۇپ قالدى، ئەمدى پوزىنى قولىغا ئېـ
لىپ، رەختىنىڭ يۈزىنى ئېچىشى كېرەك ئىـ
دى. بىراق، شۇ تاپتا نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ
قولى ئىشقا بارماي، دۇكان دەرىزىسىدىن
ھويلىدىكى ئۈژمە دەرىخى ئۈستىدە چۇرۇقلىـ
شىپ يۈرگەن قۇشقاچلارغا قارىغىنىچە خىيال
سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئېلىجان مەكتەپتىن
قالغاندىن بۇيان بۇ دۇكان ئىچى ئۇنىڭ
كۆزىگە تولىمۇ سوغاق كۆرۈنىدىغان بولۇپ
قالدى. ئۇ ھەر قېتىم ئىشقا ئولتۇرۇشتىن
ئاۋال پەرتۇقنى تارتقان چېغىدا، خۇددى ئۆـ
زىنىڭ بوينىغا ئۆزى سىرتماق سېلىۋاتقاندەك
كۆڭۈلسىز ۋە ئەلەملىك تۇيۇلاتتى. ئۆزىگە زور
بېرىپ ئىشنى قولىغا ئالدى دىگەندىمۇ، بىر ـ
دەم ئىشلە ـ ئىشلىمەيلا، ئاشۇ قايناپ تاشقان
كۆڭۈللۈك مەكتەپ ھاياتى كۆز ئالدىغا كېـ
لىۋېلىپ، ئىختىيارسىز قولى ئىشتىن توختاپ
قالاتتى ...
ئېلىجان يالغۇز ئوغۇل بولغاچقا، ئەتىـ
ۋارلىق ئىدى. ئانا باغرى يۇمشاق، مېھرىۋان
ئايال بولۇپ، ئېلىجان نىمە دىسە ماقۇل
دەيتتى، شۇڭا ئېلىجان ئانىسى ئالدىدا زادىلا
قورۇنمايتتى. بىراق، كەم سۆز، گەپ قىلـ
سا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك گەپ قىلىدىغان
دادا ئېلىجاننىڭ كۆزىگە تولىمۇ سۈرلۈك كۆـ
رۈنەتتى، شۇڭا ئۇ دادىسىدىن ئەزەلدىن تەپ
تارتاتتى. ئۇ 6 ـ 7 ياشلارغا كىرگەندىمۇ دادىـ
سى ئۇنى كوچىدا بالىلار ئۇرۇپ قويۇدۇ

ياكى ۋەلسىپىت سوقۇشۇپتىدۇ دىگەن بانىلار بىلەن دەرۋازىنىڭ تېشىغىمۇ چىقارمايتتى ۋە ھۈنەرگە كۆزۈڭنى پىشۇر دەپ يېنىغا ئەكىرىۋالاتتى.

ئېلىجان قاچان مەكتەپ قويىنغا كىردى، شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يېڭىچە بىر ھايات مەنزىرىسى يۈز ئاچتى. ئۇنىڭغا ھەممىدىنمۇ بەك ياراپ كەتكىنى ئىناق كوللىكتىپ تۇرمۇش ئىدى. نەچچە يۈزلىگەن ساۋاقداش بىر ئاۋازدا ئاسماننى چاڭ كەلتۈرۈپ پىئونېرلار مارشىنى ئوقۇش قانداق ھەيۋەت ۋە نىمە دىگەن كۆڭۈللۈك .. ھە! مەكتەپ پات ـ پاتلا بالىلارنى تەشكىللەپ يېزىلارغا سەيلىگە، ئېكسكۇرسىيىگە ئېلىپ چىقىدۇ. ھەي، مۇنداق چاغلاردا قىپ ـ قىزىل گالستۇكنى تاقاپ، پىئونېرلار ئەترەت بايرىقىنىڭ ئاستىدا، يول بويى روھلۇق ناخشا توۋلاپ ماڭساڭ، كىشىلەر زوقمەن كۆزلىرى بىلەن قاراپ قېلىشىدۇ. يەنە تېخى ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلارچۇ؟ ... ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، تۇرسۇن مۇئەللىم بىلەن دادىسىنىڭ ئارىسىدا سەيشەنبە كۈنى يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىز ئىش ئېسىگە كېلىپ، دەرھال قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۇ ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ قويدى ـ دە، ھە دەپ ئۆتۈككە ئاق موم يىگۈزۈپ، پاقىرىتىۋاتقان دادىسىغا ئەيىپلەش نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى. ئۇ مۇشۇ قارىشى بىلەن گويا «ھەي دادا، ھەي دادا، سەن قاراپ تۇرۇپ ئاشۇ كۈنى تۇرسۇن مۇئەللىمگە ئازار بەردىڭا، سەن ئۇنىڭ قانداق ياخشى ئادەم ئىكەنلىگىنى بىلمەسەن ـ ھە؟» دىگەندەك قىلاتتى.

ـــ ئېلىجان، يەنە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭغۇ، بالام؟ ـــ دىدى سەلەي ئاخۇن ئۇستام توساتتىن بېشىنى كۆتىرىپ، ـــ ھە، قېنى، ئىشنى قولۇڭغا ئاله، يىگىت بالام، كۈن كەتتى، ئەته بازار جۈمۇ!

گەرچە سەلەي ئاخۇن ئۇستام ھىلىقى كۈنى ئېلىجانغا «قۇلىغىڭنى يۇلۇمەن» دەپ ھەيۋە قىلىپ قويغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئېلىجان دۇكانغا كىرىپ، ئەسۋاپنى قولىغا ئالغان ۋاقتىتىن باشلاپلا پىلىكتەك يۇمشاپ، ئۇنىڭغا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا باشلىغان ئىدى.

كۈن ئاستا ـ ئاستا تاغنىڭ كەينىگە مۆكۈشكە باشلىدى. دۇكان دەرىزىسىنىڭ يۇقۇرقى كۆزنەكتىن چۈشۈپ تۇرغان كەچكى شەپەق شولىسى بارغانسېرى سۇسلاشماقتا ئىدى. ئېلىجان يېڭىلا پەدەزدىن چىققان بىر جۈپ بالا ئۆتۈكىنى ئېرەڭسىزلىك بىلەن بىرچەتكە دەسسىتىپ قويۇپ قولىنىڭ كەينى بىلەن چېكىسىدىكى تەرنى سۈرتتى، بۇ چاغدا سەلەي ئاخۇن ئۇستام چوڭ ئۆتۈكلەرنى پەدەزدىن چىقىرىپ بولۇپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ بېلىنى رۇسلاپ، سول قولى بىلەن بېلىگە «گۈپ ـ گۈپ» قىلىپ ئىككىنى مۇشتلىۋەتكەندىن كېيىن، تام تەرەپكە قاراپ كېرىلدى. ئاندىن بېرىپ دۇكان ئىشىگىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ساڭگىلاپ تۇرغان لامپۇچكىنىڭ يىپىنى تارتتى. دۇكان ئىچى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا دۇكان ئىشىگى يەڭگىل چېكىلدى، ئىجازەتتىن كېيىن، خۇش چىراي بىر يۈز باش تىقىپ كىردى. بۇ دەل ئېلىجاننىڭ مۇئەللىمى تۇرسۇن ئىدى.

تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ توساتتىن كىرىپ كېلىشى ئېلىجاننى خوشال قىلىۋەتكەن بولسا، سەلەي ئاخۇن ئۇستامنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ باشتا، تۇرغان جايىدا داڭ قېتىپلا قالدى. كېيىن ھودۇقسانلىغىدىن

ئالدىراپ، قولىنى پەرتۇغىغا ئەمەس، بەلكى ئىككى قولتۇغىغا سۇرتكىنىچە ئورنىدىن تۇردى.

— سالامەت تۇردىلىمۇ، ئۇستام. — خاتىرجەم ۋە سەممى ئاھاڭدا سورىدى تۇرسۇن مۇئەللىم سەلەي ئاخۇن ئۇستامنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، — ئىش-ئوقەتلىرى ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتامدۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللا، ئەپەندىم، ئىش... ئىشلارمۇ بەلەن كېتىۋاتىدۇ ... دۆلەتلىرىدە، — جاۋاپ بەردى سەلەي ئاخۇن ئۇستام سەل - پەل كىكەچلىگەن ھالدا.

ئارقىدىن تۇرسۇن مۇئەللىم ئۆزىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ قالغان ئېلىجاننىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ئەھۋال سورىدى، ئېلىجان گەپكە جاۋاپ بېرەي دەپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ باقتى-يۇ، نىمىشقىدۇ ئۇن چىقىرالماي ئىتتىك دەرىزە تەرەپكە بۇرۇلۇپ، دەرىزە تەكچىسىدىن بىر نەرسە ئاختۇرغان بولۇپ تۇرۇۋالدى.

— قادىر ئاغرىپ قالغان ئىكەن، — دېدى تۇرسۇن مۇئەللىم ئېلىجانغا قاراپ تۇرۇپ، — ئۆيىگە يوقلاپ بارغان ئىدىم، ياناشىمدا سىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتەي دەپ كىرىشىم.

تۇرسۇن مۇئەللىم شۇنداق دەپ بولۇپ، «قانداق بوپتۇ، ئۇستام؟» دېگەندەك قىلىپ سەلەي ئاخۇن ئۇستامغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

— تولا ئوبدان، ئوبدان بوپتۇ، ئەپەندىم، — دېدى سەلەي ئاخۇن ئۇستام ئالدىراپ، — يۈرسىلە، ئۆيگە. مېھمانخانىغا مەرھەمەت قىلسىلا.

— كايىمىسىلا، ئۇستام، — دېدى تۇرسۇن مۇئەللىم ئالدىراپ پەرتۇقلىرىنى يېشىۋاتقان سەلەي ئاخۇن ئۇستامنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، — ھەرقايسىلىرى ئىشلەۋېرىشسىلە، مەن مۇشۇ يەردىلا بىردەم ئولتۇرۇپ قايتاي. مۇشۇمۇ ئۆي ئەمەسمۇ؟

مېجەزى چۇس، زەردىسى بار ئادەملەر ئادەتتە ئاسان ھاياجانلىنىدىغان كېلىدۇ. سەلەي ئاخۇن ئۇستام ھېلىقى قوپاللىقى ئۈچۈن تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئاداۋەت قىلماي، بۈگۈن يەنە خۇش چىراي ھالدا ئۇلارنى يوقلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بەكمۇ تەسىرلەنگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ مېھمانخانا ئۆيگە چىقايلى، دەپ خېلىلا چىڭ تۇردى، بىراق، تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ قەتئىي تۇسىشى بىلەن نائىلاج قالدى. تۇرسۇن مۇئەللىم سەلەي ئاخۇن ئۇستام بىلەن ئېلىجانغا يۈزلىنىپ، ئېلىجاننىڭ تاختىسىغا يېقىنراق قويۇلغان بەندىڭگە ئولتۇردى.

— سىلىنى قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆز ئىشىمىز بىلەن بولۇۋەرسەك سەت بولماسمۇ؟ — دېدى سەلەي ئاخۇن ئۇستام پەرتۇغىنى قايتىدىن تۈزەۋېتىپ، — قېنى، كىچىك ئۇستام، ئۆزلىرىمۇ ئىشلىرىنى داۋام قىلسىلا!

ئېلىجان ئۆزىنىڭ مۇئەللىمىدىن تارتىنىپ قالدىمۇ قانداق، تىرنىغىنى تاتىلىغان پېيتى ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا تۇرسۇن مۇئەللىم قولىنى سوزۇپلا ئېلىجاننىڭ تاختىسى ئۈستىدە پەداز كۈتۈپ تۇرغان بالا ئۆتۈكنى ئالدى-دە، ئېلىجانغا قاراپ دېدى:

— ئەمىسە، ئاۋۇ پوزىنى ماڭا ئېلىۋېتىڭ، بۇ بىر كىشىلىك ئۆتۈكنى مەن پەدەزدىن چىقىرىۋېتەي.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سەلەي ئاخۇن ئۇستام دەسلەپ ئەپەندىم چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى. بىراق، تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ غاچچىدا قوپۇپ پوزىنى ئۆزى ئېلىپ، ئۆتۈكنى ئىككى يوتىسىنىڭ ئارىلىقىغا قىستۇرۇپ رەسمىي تۇتۇش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن،

Altunoq

ئالدىراپ:

— ۋاي ئەپەندىم، ئۇنداق قىلمىسىلا، كىيىملىرى قارا بولۇپ كېتىدۇ، — دەپ توستى، بىردەم تالىشىپ قايىل قىلالمىغاندىن كېيىن، نائىلاج پەرتۇغنى يېشىپ تۇرسۇن مۇئەللىمگە ئۇزاتتى.

تۇرسۇن مۇئەللىم ئۆتۈكنى پەرتۇق ئۇستىدىن ئىككى يوتىسىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ پاشنىسى تەرەپنى قوسىغىغا تاقاپ تۇرۇپ، پوزنى ئىككى قوللاپ ئۆتۈكنىڭ باشلىقىغا كۆچەپ سۈرۈشكە باشلىدى. باشلىقنى ئېچىپ، ئاپقۇتقا ئۆتتى. پوزىلاپ بولغاندىن كېيىن چوغ ئۇستىدىكى پومۇلنى ئېلىپ، ھارارىتىنى تەگشەپ پەرتۇققا بىر نەچچىنى سۈرتىۋەتتى، ئاندىن كېيىن، پاشنا، چەم چۆرىسىگە، باشلىق ۋە ئاپقۇتلارغا پومۇل سۈردى. ئاندىن ئاق موم سۈركەپ ئۇنى پومۇل بىلەن تەكشى ئېرتتى، ئارقىدىن خام لاتا بىلەن ئاق مومنى رەخقە يىگۈزۈپ، ئۆتۈكنى ۋال-ۋۇل پاقىرىتىۋەتتى، چەم چۆرىسىگە گۈل چىقىرىپ ئورۇزنەك باستى. ئاخىرىدا ئۆتۈكنى قولىغا ئېلىپ، ئۇيان-بۇيىنىغا قاراپ، پەدەزدىن رازىمەنلىك ھېس قىلغاندىن كېيىن، قېلىپ چىقىرىدىغان ئىلمەكنىڭ تاسمىسىنى بىر پۇتىغا كىيىپ تۇرۇپ ئۆتۈكنى قېلىپىدىن سىلىققىنە تارتىپ چىقاردى.

تۇرسۇن مۇئەللىم بۇ بىر يۈرۈش ھەرىكەتلەرنى شۇنداق چاققان ۋە پىششىق ئىشلىدىكى، بۇنى كۆرگەن سەلەي ئاخۇن ئۇستام ئولتۇرغان يېرىدە ئاغزىنى ئاچقان پېتى قېتىپ قالدى. ئېلىجان بولسا، دەسلەپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەن ھالدا تۇرۇپلا قالدى. ئارقىدىن بۇ بىر ھەپتىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم قوڭغۇراقتەك ئاۋاز چىقىرىپ كۈلۈۋەتتى.

— ئەپەندىم ... — دىدى سەلەي ئاخۇن ئۇستام مېھمانخانا ئۆيدە تۇرسۇن مۇئەللىم بىلەن بىللە غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن — سىلىنىڭ مۇنداق كارامەتلىرى بارلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. ئۆزلىرى كامىل موزدۇز ئىكەنلا ئەمەسمۇ؟ سىلە بۇ ھۈنەرنى...

— دادامدىن ئۈگەنگەن، — دەپ جاۋاپ بەردى تۇرسۇن مۇئەللىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. — دادام رەھمەتلىك ئۇستا موزدۇز ئىدى، ئېلىجاندەك ۋاقتىمدا مەنمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ھۈنەر قىلاتتىم.

— توۋا، قانداق بولۇپ مۇنداق گۈلدەك ھۈنەرلىرىنى تاشلاپ، دارامەتسىنىڭ تاپىنى يوق ئەپەندىچىلىككە چىقىۋالغان ئىدىلە؟

بۇ سوئالنى ئاڭلىغان تۇرسۇن مۇئەللىم دەسلەپ قاقاقلاپ كۈلدى، ئارقىدىن چىرايى جىددى تۈس ئېلىپ، ئويغا چۆككەن ھالدا بىر مىنۇتچە ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە كېيىنى يەڭگىل قىرىپ قويغاندىن كېيىن، ئۆز كەچۈرمىشلىرىدىن مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى:

— ئېلىجاندەك ۋاقتىم ئىدى، بىر كۈنى دادام مېنى بازاردىن ئازراق كېپەك مىق بىلەن سىرەج سېتىۋېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى، كوچىدا كېتىۋاتسام، ئالدىم تەرەپتىن بىر توپ مەن دىمەتلىك باللار چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاق كۆينەك، كۆك ئىشتان كىيگەن، بويىنىدا قىپ-قىزىل گالستۇك. قولىدا باراباننى، ئەڭ ئالدىدىكى بالا تېخى قالغاچنىڭ تىلىدەك ئاچىماق قىزىل بايراقتىن بىرنى ئېگىز كۆتىرىپ مېڭىپتۇ، ئىككىدىن بولۇپ رەتلىك تىزىلىپ، بىرخىل قەدەم بىلەن كېتىۋاتقان بۇ باللار كۆزۈمگە ئاجايىپ چىرايلىق ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى، باللار گاھ باراباننى چالاتتى، گاھ ناخشا ئوقۇيتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ كونا مەھەللىلىك خوشنىلىرىمىزنىڭ باللىرىمۇ

تۇرۇدۇ، سۇرۇشتۇرسەم ئۇلار يېڭى مەكتەپتە ئوقۇيدىغان باللار ئىكەن. شۇ ئان يۈرىگىمگە بىر ئوت تۇتاشقاندەك بولدى-دە، ئوقۇغۇچى بولۇشقا ئىشتىياق باغلاپ قالدىم، ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا دادامغا دېدىم. ئەسلىدە دادام ماڭا تولىمۇ ئامراق ئىدى، نىمە دېسەم رايىمغا باقاتتى. بۇ دۆرەم ئۇ «مەن ئوقۇيمەن» دىگەن گەپىمنى ئاڭلاپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە دەماللىققا ئىپادە بىلدۈرمىدى. بىراق، ئەتىسى چۈشتە ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ۋاپۇرۇش ئاغىنىسىنىڭكىگە كېتىپ ئۇزۇن ھايال بولدى. قايتىپ كەلگەندە قارىسام، چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ بېشىمنى سىلاپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، مۇنداق دېدى: «بوپتۇ، بالام، مەن رازى بولدۇم، ئوقۇغىن! ھەي... مېنىڭ پۈتكۈل ئۆمرۈم مۇشۇ كىچىككىنە دۇكانغا سولىنىپ ئولتۇرۇپ ئاياق تىكىش بىلەن ئۆتۈپتۇ. مۇشۇ ھۈنەرنىڭ نېنىنى يەيمەن دەپ ئېشەككە مىنىپ بۇ يېڭى خوتەن، قاغىلىق، ئۇ يېڭى ئەنجان، نەمەنگانلاردا تىمىسقىلاپ يۈرۈپتىمەن. مەيلى قەيەردىلا يۈرمەي، ئەس-يادىم ئاشۇ ئۆتۈكتە. يول يۈرسەممۇ خەقنىڭ پۇتىدىكى ئۆتۈكلەرگە — نوسەكىنىڭ ئېلىنىشىغا، چەم چۆرىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە، پاشنىسىنىڭ سوزۇلۇشىغا ۋە ئاپقۇتىنىڭ چىقىشىغا سەپ سېلىش بىلەن ئۆتۈپتىمەن. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بېشىمنى كۆتىرىپ ئاسمانغا قارىسام، ئەرپىلاڭ دەمدۇ، خۇدايىم، قۇشقا ئوخشايدىغان بالادەك بىر تۆمۈر نەرسە ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرۈدۇ، يەرگە قارىسام، كوڭكا-پوڭكىلار غۇيۇلداپ چېپىپ يۈرۈدۇ. ئاڭلىسام، بۇمۇ كارامەت بىر ھۈنەرمىش، بۇ ھۈنەرنىڭ سىرلىرىغا پەقەت يېڭى مەكتەپتە ئوقۇغان ئادەملەرلا يېتەرمىش، ھەي.... ئۆتمۈشتە مۇنداق ئوقۇش پۇرسىتى بولغان ئەمەس، بۈگۈن يېڭى زاماندا بۇنداق ياخشى پۇرسەت بولغان ئىكەن، ئۇنى غەنىمەت بىلگەن دۇرۇستۇر. بوپتۇ، ئوقۇۋال، بالام، ھوشۇڭ بىلەن ئوقى!»

سۆزلەپ مۇشۇ يەگەر كەلگەندە، تۇرسۇن مۇئەللىم بىردەم جىم بولۇپ قالدى. ئاندىن چوڭقۇر ئەسلەش ۋە سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن قوشۇپ قويدى:

— دادام رەمىتى ماڭا ھەقىقەتەن ئامراق ئىدى.

بۈگۈن تۇرسۇن مۇئەللىم سۆزلەۋاتقاندا، سەلەي ئاخۇن ئۇستامنىڭ چىرايىدا ئۆتكەن كۈنلەردىكىدەك گەپ قۇلاققا ياقمايۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇسى كېلىۋاتقانلىقىنىڭ بىشارەتلىرى پەيدا بولدى. ھىكايە تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ گويا مۇڭلۇق مۇقام پەدىسىدىن بىر يۈرۈش ئاڭلىغان ئادەمدەك ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن تۇرسۇن مۇئەللىم بۈگۈنچە ئېلىنجان مەسىلىسىنى تىلغا ئالماي، گەپنى مۇشۇ يەردىرەك توختىتىش قارارىغا كەلدى. ئەمما، ئۇ ئۇزاش ئالدىدا مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى تولىمۇ مۇلايىم ۋە ئەستايىدىل ئاھاڭدا ئېيتىپ قويۇشنى ئۇنۇتمىدى:

— نۆۋەتتىكى شەخسلەرنىڭ ھالال ئەمگەك بىلەن بېيىشى ئۈچۈن كەڭرى يول ئېچىپ بېرىش بىلەن ئەۋلاتلارنى ئوقۇتۇپ، ئىلىم-پەنگە ئىگە قىلىش ھەرگىزمۇ بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدۇ. ئۇستام، ئوقۇشنىڭ ئۆزىمو ھۈنەر ئۆگىنىش، بەلكى مەكتەپتە ئۆگەنگەن ھۈنەرنىڭ ئۆمرى ئۇزاق. ئالدى ئوچۇق بولۇدۇ.

3

ئاردىن يەكشەنبە ئۆتۈپ، دۈشەنبە كەلدى. ئەتىگەندىن بويان سەلەي ئاخۇن ئۇستام ئىش كەستى، راستلىدى، باشلىق تىكتى. ئادەتتە بۇ ئىشلار كۈن بىلەن تەڭ تۈگەپ بولاتتى. بىراق، بۈگۈن ساق ئىككى كىشىلىك باشلىق ئېشىپ قالدى. شۇڭا ئاتا-بالا ئىككىيلەن كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئاززاق ئارام ئېلىپلا چىراقتا كىرمەي بولمىدى. ئۇلار ھازىر ئۆز تاختىلىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ باشلىق تىكىش بىلەن مەشغۇل بولدى.

بۈگۈن سەلەي ئاخۇن ئۇستامنىڭ روھىي-كەيپىياتى بىر خىل بولمىدى. ئۇ گايىدا بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كەتسە، گايىدا دەرھال ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ، يىگىننى «شارت-شۇرت» تارتىپ جىددى ئىشلەپ كېتەتتى، يەنە بەزىدە بولسا، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئېلىجاننىڭ يېنىغا كېلەتتى-دە، قىلىۋاتقان ئىشىنى كۆزەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ-سىلاپ قوياتتى. بۇ بىر قاتار ھەركەتلەر ئۇنىڭ كاللىسىدا كەسكىن ئىدىيىۋى توقۇنۇش بولۇۋاتقانلىقىنى دەلىللەپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇ ئۆز مىڭىسىگە نىمە پىكىرلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ زادى نىمە بولغانلىقىنى يا ئېلىجانغا، يا نىساخانغا ئېيتمايتتى. پەقەت پات-ياتلا ھويلىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ-قاراپ قوياتتى، خالاس. ئۇنداق بولسا، سەلەي ئاخۇن ئۇستام زادى نىمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن گەپنى تۇرسۇن مۇئەللىم ئۆزىنىڭ موزدۇزلۇق ھۈنىرىنى نامايەن قىلغان ئاشۇ شەنبە كۈنىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

**شۇ كۈنى تۇرسۇن مۇئەللىم دادىسىنىڭ** ئۆز ئۆمرىنى خۇلاسىلاپ ئېيتقان سۆزلىرىنى دەپ بەرگەندە، سەلەي ئاخۇن ئۇستام خۇددى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنىڭ رەسىملىك تارىخىنى قايتا كۆرگەندەك بولدى: سەلەي ئاخۇن ئۇستامۇ كىچىككىنە بالا چېغىدىن تارتىپلا مەرھۇم دادىسىنىڭ دۇكىنىدىن چىقماي ئولتۇرۇپ موزدۇزلۇق قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ مۇشۇ ھۈنەرنىڭ نېنىنى يېيىش بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى خۇلاسىلىغاندا، خۇددى «گاھى تاپتىم پەلەكتىن ناتىۋانلىق، گاھى كۆردۈم زاماندىن كامرانلىق» دېگەندەك، بەزەن چاغلاردا ئۇنىڭ قولىغا خېلى پۇل كىرىپ، ھالاۋەتمۇ كۆردى، بەزىدە سالغان دەسمايىسىنىمۇ ئۈندۈرەلمەي قالغان چاغلىرىمۇ بولدى. ئەمما، ئۇ جا ئىش قىلىشقا ئەزەلدىن ئۆچ كاسىپ ئىدى. ناۋادا دەسمايىسى غالتەككە چىقىپ قالغۇدەك بولسا، بىرنەچچە جۈپ قېلىپ ۋە باشقا ئەسۋاپلىرىنى سېتىپ يەپ كەتسە كەتتىكى، ھەرگىز ئۇنداق ئەپلەپ-سەپلەپ خەقنىڭ كۆزىنى بويايدىغان ھۈنەر قىلمىدى. بىراق، نىملا بولسۇن ئۇنىڭ پۈتكۈل زېھنى، ھەممە ئوي-پىكرى ھامان ئۆتۈك، مەسە، سەندەل، شىبلىت ۋە توپلىيلاردىلا بولدى. ئۇنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسى ھالال ئەمگەك بىلەن پۇل تېپىپ جان بېقىشتىن ئىبارەت ئىدى. دۇرۇس، ئۇمۇ يېڭى زامانغا كەلگەندە، بېشىدا ئۇچۇپ يۈرگەن ئايروپىلانلارنى، يەردە غۇيۇلداپ يۈرگەن ماشىنىلارنى كۆردى. گەرچە بۇ نەرسىلەر ئۇنى ئاجايىپ ھەيران قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇنىڭ سىر-ئەسرارلىرى بىلەن ھېساپلىشىپ ئولتۇرمىدى. ئۇنىڭ تىلىدا «ھۆكۈمەت» دەيدىغان بىر ئاتالغۇ بار، ئۇ دەۋاتقان «ھۆكۈمەت» ئادەممۇ

ياكى بىرەر ئىلاھىي كۈچمۇ ئۇنىڭ ئۆزىسىمۇ ئۇچۇق بىر نەرسە دەپ بىرەلمەيدۇ. ناۋادا ئۇ ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن ئايرۇپىلانلارنى كۆرسە، سول قولى بىلەن كەكە ساقىلىنى سىلاپ، ئوڭ قولى بىلەن ياقىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ ھۆكۈمەتنىڭ قىلمايدىغان ئىشى يوق جۇمۇ، كۆرمەمدىغان بۇ كارامەتنى، ياھەزرەت، ياھەزرەت!» دەپ قوياتتى. مۇبادا ئۇ رادىيو كانىيىدىن: «... ئەتە ئازراق يامغۇر ياغىدۇ، ياكى مانچە بال شامال چىقىدۇ» دىگەندەك گەپنى ئاڭلاپ، دىگەن چاغدا ئاشۇ ئەھۋالنىڭ يۈز بەرگەنلىگىنى كۆرسە، پىشانىسىگە شاپىلاق بىلەن بىرنى ئۇرۇپ: «تۇۋا، ماۋۇ ھۆكۈمەتنىڭ يامانلىغىنى كۆرمەمدىغان، ئاسماندىن قاچان يامغۇر ياغىدىغانلىغىنى ۋە كۆھى قاپنىڭ ئىغىزى قاچان ئىچىلىدىغانلىغىنىمۇ بىلىۋاپتۇ ئەمەسمۇ؟ ياپىرىم، ياپىرىم!» دەيتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ ساددىلىغىدىن مەكتەپتە ئوقۇغان ئادەم ئاشۇنداق مۆجىزاتلارنىڭ سىرىنى بىلەلەيدىغانلىغىنى ۋە ئۇلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرالايدىغانلىغىنى ئەزەلدىن ئەقلىگە سىغدۇرۇپ باققان ئەمەس...

سەلەي ئاخۇن ئۇستام چىراققا كىرگەندىن كىيىنمۇ بىر توختاپ، بىر مىڭىپ، بىر ئاستىلاپ، بىر تىزلىشىپ دىگەندەك، ئاخىرى بىر پاي باشلىقنى تىكىپ بولدى. ئۇنى پۈتكەنلەر قاتارىغا تاشلاپ قويۇپ، يەنە بىر پايىنى قولىغا ئالدى ۋە ئۇنى تىزىغا قوندۇرۇپ تۇرۇپ، ئادىتى بويىچە دەرەشنى يىرىك چىچىغا بىر-ئىككى بۈلىۋەتكەندىن كىيىن، رەختە سانچىدى. ئۇ ئەمدىلا تۆت يىڭنە تىككەن ئىدى، قىرىشقاندەك تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ شۇ كۈنى ئىيىتقان: «دادام رەممەتى ماڭا ھەقىقەتەن ئامراق ئىدى» دىگەن گىپى خىيالىغا كىرىۋېلىپ، قولى ئىشتىن توختاپ قالدى ۋە ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ بىر خىل سالماقلىق بىلەن تىكىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىبلىجانغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. «مەن ئوغلۇمغا ئامراق ئەمەسمىكە نمەن؟ — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — مەن ئۇنى جىنىمدىنمۇ ئارتۇق كۆرمىسەم، ئۇنىڭ قولى بالدۇرراق پۇل كۆرسۇن، مەندىن كىيىن قالغاندىمۇ خەقنىڭ قولىغا قاراپ قالمىسۇن، نىنى پۈتۈن بولسۇن دىمىسەم ئۇنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ نىمە قىلىمەن؟ كىممۇ قولۇم بالدۇرراق پۇل كۆرسۇن، مال-بايلىغىم زىيادە بولسۇن دەپ ئويلىمايدۇ؟ ئەمما، بىزنىڭ ئىبلىجان تۈنۈگۈن...» ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، سەلەي ئاخۇن ئۇستامنىڭ كۆز ئالدىدا، تۈنۈگۈن ئۇ بازاردىن يىنىپ كەلگەندىن كىيىنكى بىر ئىش قايتا زاھىر بولدى:

تۈنۈگۈنمۇ سەلەي ئاخۇن ئۇستامنىڭ بازىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولدى ۋە كەچ پىشىن بىلەنلا ئالدىنى ئۆي تەرەپكە قىلدى. ئۆيگە كىلىپلا ئىبلىجاننى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىر ھەپتىدىن بۇيانقى ھۈنەرۋەنلىگىنى راسا ماختىدى. ئاندىن يىنىدىن بىر سىقىم پۇل چىقىرىپ، ئىچىدىن ئون كويلۇقتىن ئىككىنى ئايرىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى:

— مانا، يىگىت بالام، بۇ يىگىرمە كويىنى خالىغىنىڭچە خەجلە!

— يەيدىغىنىم نەق، كىيىدىغىنىم تەق تۇرسا، ئۇنچىۋالا پۇلنى قەيىرىمگە خەجلەيمەن، دادا؟ ئۇنى ئۆزەڭ خىراجەت قىل!

سەلەي ئاخۇن ئۇستام يەنە ئۇنى-بۇنى دەپ زورلاپ باقتى. بىراق، ئىبلىجان زادىلا ئالغىلى ئۇنۇمىدى. دەل شۇ چاغدا نىساخان كىرىپ گەپكە ئارىلاشتى:

— ئۆتكەن ھەپتىدىكى ئون كويىنىمۇ

ماڭا بەردى، دادىسى، — دېدى ئۇ ئېلىجاننىڭ
بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئويلاپ باقسىلا،
بالىنىڭ خىيالى نەدىمۇ پۇل خەجلەشتە
بولسۇن؟

شۇنداق، سەلەي ئاخۇن ئۇستامۇ ئىشەندىكى، ئېلىجان ئوقۇشتىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن، ئۇ پەقەت دادىسىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش يۈزىسىدىنلا نائىلاج ئىشلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا كۈلكىدىن ئەسەر يوق. ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىكىدەك بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى دوراپ ئاتا-ئانىسىنى كۈلدۈرۈۋېتىدىغان شوخلۇقلىرى قەيەرلەرگىدۇر يوقالغان. مانا بۇلار ئۇنىڭدىكى نارازىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەسمۇ؟ مانا شۇ چاغدا سەلەي ئاخۇن ئۇستامنىڭ كاللىسىدا مۇنداق بىر سوئال پەيدا بولدى: «مېنىڭ بۇ بىردىن-بىر ئوغلۇم مۇشۇ ئىش تۇپەيلى مەندىن ئۆمۈرۋايەت نارازى ئۆتەرمۇ؟ ئەمدى ئۇ ماڭا ئۆچ بولۇپ قالارمۇ؟» بۇ سوئال ئۇنى خېلىلا قىيىندى. ئۇ ئۇيان ئويلاپ-بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ئېلىجاننى باغرىغا بېسىپ: «ئوغلۇم، ئەگەر ئوقۇشتىن قېلىشقا كۆڭلۈڭ پەقەت ئۇنىمىسا بولدى، مەن رازى، مەكتىۋىڭگە بارغىن...» دېگۈسىمۇ كەلدى. بىراق، ئۇ ئائىلىدە ئەزەلدىن ئۆزىنىڭكىنىلا راست قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ كاللىسىدا تېخىچە يېشىلمەيۋاتقان مۇنداق بىر تۈگۈنمۇ بار ئىدى: «كىچىك بالا دېگەن ئويۇن قېپى كېلىدۇ، ئۇنىڭ مەكتەپتىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىكىنىڭ تۈپ سەۋەبى، تەڭتۇشلىرى بىلەن بىرگە ئويناشتىن مەھرۇم بولغانلىقىدىن بولۇشى ئېھتىمال. ئەگەر ئۇنداق ئەمەس دېيىلسە، ئۇنى شۇنچىۋالا قىزىقتۇرغىدەك زادى نېمە كارامەتلەر بار؟ ئۇ بەش يىلدىن بۇيان خەت ئوقۇشتىن بۆلەك يەنە نېمىلەرنى ئۆگەندى؟ مۇندىن كېيىن يەنە داۋاملىق ئوقۇۋەرسىمۇ، مۇشۇ موزدوزلۇقتىنمۇ ئېسىل بىرەر ھۈنەر ئۆگىنەلەمتى؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا تۇرسۇن مۇئەللىمنى سېغىندى: ئاشۇ ئۆز زامانىسىدا موزدوزلۇقتىن كېچىپ، مەكتەپتە ئوقۇغان ئەپەندىم بىلەن يەنە بىر قېتىم چوڭقۇرراق مۇڭدىشىپ باقسا، بۇ تۈگۈنمۇ يېشىلىپ قالارمىكىن يا؟

— ئۇھ...

سەلەي ئاخۇن ئۇستام ھاردۇق يەتكەن ئادەمدەك ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ قويدى-دە، ئېرىنچەكلىك بىلەن دەرەش سازچىپ ئىش تىكىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئىككى يىڭنە تىكىپ بولۇپ، ئېلىجاننىڭ قولىغا قارىغان ئىدى، ئۇنىڭ ئىككىنچى پاي باشلىشتىنمۇ تىكىپ بولاي دەپ قالغىنىنى، ئۆزىنىڭ بولسا تېخىچە نوسەككىمۇ كەلمىگەنلىكىنى بايقىدى-دە، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ، چاپسان-چاپسان تىكىشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا توساتتىن لامپۇچكا ئۆچۈپ قالدى.

— بۇ ھۆكۈمەتنىڭ توكىغا نېمە بولغاندۇ بۈگۈن؟ — دەپ غۇدۇردى ئۇ. — ئېلىجان، قوپە بالام، كوچىغا چىقىپ قاراپ باققىنا، تالانىڭ چىراقلىرى بارمۇ-يوق؟

ئېلىجان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىككە قاراپ ماڭغان ئىدى، سەلەي ئاخۇن ئۇستام مۇلايىم ئاۋازدا ئېيتتى:

— ئاۋايلاپ ماڭ، بالام. قاراڭغۇدا بىر يەرگە ئۇسۇۋالمىغىن يەنە.

ئېلىجان تالادىن ھايال بولمايلا قايتىپ كىردى ۋە دۇكاننىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ دادىسىغا دېدى:

— تالانىڭ چىراقلىرى يېقىقلىق

تۇرۇدۇ، خوشنىلارنىڭمۇ شۇنداق. پەقەت بىزنىڭلا ئۆچۈپتۇ. دادا، مەن ئۆيدىن قول چىراقنى ئېلىپ چىقىپ، ۋېكلىيۇچاتىل ساندۇغىغا قاراپ باقاي.

— هاي، توختا! — ۋاقىرىغىنىچە ئىككى قەدەمنى بىر تاخلاپلا دۇكاندىن چىقتى سەلەي ئاخۇن ئۇستام، — توك دىگەن ئويىنىشىدىغان نەرسە ئەمەس، ساندۇقتا قارىغىنىڭ بىلەنمۇ ئۇنىڭدىكى ئالامەتىنى سەن نەدىن بىلەتتىڭ؟

— دادا...

— بولدى، ماۋۇ يانغا ئۆت! — ئالدىراپلا ئېلىجاننىڭ گېپىنى تارتىۋالدى سەلەي ئاخۇن ئۇستام، — مەن ئۆيدىن شام تېپىپ چىقاي، شام يورۇغىدىمۇ ئىشلىگىلى بولۇدۇ.

ئېلىجان نائىلاج ئاستا مېڭىپ دۇكانغا كىرىپ كەتتى. بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن، سەلەي ئاخۇن ئۇستام بىر دانە جىن چىراقنى كۆتەرگەن پېتى كىرىپ كەلدى.

— ئۆيگە شاممۇ ئېلىپ قويماپتىكەنمىز، بالام، — دىدى ئۇ سەل نارازى بولغان ئاھاڭدا، — بوپتۇ، ماۋۇ جىن چىراقنى قازناقتىن تېپىپ چىقتىم. بازاردىن شام ئېلىپ كېلىمەن دەپ بولغىچە مۇشۇنىڭ يورۇغىدا ئىشىمىزنى غاچ-غۇچ پۈتتۈرۈۋالايلى.

ئۇ شۇنداق دىگەچ بۇلۇڭدىن كىچىككىنە بىر ئورۇندۇقنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ تاختىسى ئۈستىگە قويدى. جىن چىراقنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئېلىجاننى كورسىسىنى يۆتكەپ ئۆزىنىڭ تاختىسىنىڭ ئۇ يېنىغا قويۇشنى بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ، ئاتا-بالا ئىككىيلەن بىر تاختىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر-بىرىگە ئۇدۇل ئولتۇرۇپ، جىن چىراقنىڭ يورۇغىدا ئىشلىرىنى قولغا ئېلىشتى.

جىن چىراق — ئىسمى جىسمىغا لايىق جىن چىراق-تە! ئەنە ئۇ شۇ تاپتا يورۇقتىن تولاراق قارا ئىس چىقىرىپ پىلدىرلاپ تۇرماقتا. دۇكان ئىچى ئۇنىڭ زەئىپ نۇرىدا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. سەلەي ئاخۇن ئۇستام ئىشنى قولغا ئالدى-يۇ، بىراق، تېخى بىرەر يىڭنە سانچىپ باقماي تۇرۇپلا ھىچ ئەپلەشەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، بىر دەم كورسىسىنى تاختىغا تېخىمۇ يېقىنىراق يۆتكەپ باقتى، بىردەم جىن چىراقنى ئۆزىنىڭ ئالدىغىراق سىلجىتىپ كۆردى، يەنىلا ئوخشاش ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى پەردە تارتىپ قويغاندەك تۇيۇلۇپ شۇنچە قىلسىمۇ دەرەشنىڭ ئورنىنى تاپالماي قالدى. ئاخىرى ئۇ ئۆزىگە زور بېرىپ: «يا، بىسمىللا» دەپ دەرەش سانچىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ دەرەشنى ئالدىنقى يىڭنىنىڭ تەييار تۆشۈگىگە سانچىپ تاشلىغان ئىدى. شۇڭا ئۇنى دەرھال تارتىۋېلىپ، قايتا سانچىۋىدى، يىڭنە ئارىلىغى بەك كەڭ بولۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ تۆت يىڭنە تىكىۋىدى، كۆزى ئېچىشىپ ئىختىيارسىز ھالدا ياش چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاستا دەرەشنى تاختا ئۈستىگە قويۇپ، يانچۇغىدىن قولياغلىقىنى چىقاردى.

شۇ ئەسنادا ئېلىجان قولىدىكى ئاخىرقى بىر پاي باشلىقنىمۇ تىكىپ بولدى. ئۇ بېشىنى كۆتىرىپ دادىسىغا قارىغان ئىدى، دادىسىنىڭ قولياغلىقى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىشنىڭ تېگىنى چۈشەندى-دە، دەرھال قولىنى سوزۇپ:

— ئەكەل، دادا، مەن تىكىۋېتەي، — دىدى.

سەلەي ئاخۇن ئۇستام گەپ-سۆز قىلمايلا ئىشنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ بەردى. ئېلىجان جىن چىراقنى ئۆزىنىڭ ئالدىغىراق تارتىپ قويغاندىن كېيىن، تىكىشنى داۋاملاشتۇردى.

سەلەي ئاخۇن ئۇستام قولياغلىقىنى يانچۇغىغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن، تېتىك

ئولتۇرۇپ، سالماقلىق بىلەن دەرەش سانچىپ
ئىشلەۋاتقان ئوغلىغا قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە
باش لىڭشىتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن گويا
«ھەي، ياشلىق دېگەن باشقا گەپ جۇمۇ»
دېگەندەك مەنا چىقاتتى. بىراق، ئۇ قارىغانـ
سېرى كۆزىگە ئالدىدا ئىشلەۋاتقان ئوغلى
ئېلىجان ئەمەس، بەلكى دەل ئۆزىنىڭ
سىماسى بولۇپ كۆرۈنۈپ، چىھرىسىدىكى كۈـ
لۈمسىرەش ئاستا ـ ئاستا ھەيرانلىق، چۆچۈش
ئالامىتى بىلەن ئالماشتى: تۇۋا، قاراڭ! ئەنە
ئاشۇ جىن چىراقنىڭ غۇۋا يورۇغى ئاستىدا
مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ موزدۇزلۇق قىلىۋاتقان
دەل كىچىك سەلەينىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ شۇ
ئان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، ئۆتمۈشتىكى مۇـ
شەققەتلىك كۈنلەر قايتا پەيدا بولدى: ئەنە،
ئۇ كېچە ـ كۈندۈز مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۆـ
تۈك، مەسە تىكىدۇ. بازارلار كاساتچىلىق،
ئامالسىز بازار ئىزلەپ، ئېشەكلىك يۇرتمۇ
يۇرت مۇدۇرۇپ ـ چوقۇرۇپ يۈرۈدۇ. ئۆزىنىڭ
پۇتىدا بولسا نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن
كونا ئۆتۈك ... ئەنە، ئۇ ماڭا ـ ماڭا بارغانسېـ
رى چېكى يوق قاراڭغۇ تۈن قوينىغا كىرىپ
كېتىۋاتىدۇ...

ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، سەلەي
ئاخۇن ئۇستامنىڭ ساقىلىنى سىلاۋاتقان قولى
ئىختىيارسىز تىترەپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى،
شۇ ھامان كاللىسىدا مۇنداق بىر سوئال
پەيدا بولدى: «مەنىڭ ئاشۇ قارا كۈنلەردە،
پەقەت تىرىكچىلىك ئۈچۈنلا موشۇ ئىش
بىلەن مەشغۇل بولۇپتىمەن. ھالا بۈگۈن
ئېلىجانىنى ھەم بۇ يولغا كىرىشكە مەجبۇرـ
لىشىمدا سەۋەپ زادى نېمە؟ پۇلۇم يوقمۇ،
كىيىدىغىنىم كەممۇ؟» بۇ سوئال خۇددىي توساتـ
تىن چاقنىغان چاقماقتەك ئۇنىڭ پۈتكۈل پىكىر
دۇنياسىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. شۇڭا ئۇ
گويا جۆيلىگەن ئادەمدەك ۋاقىراپ تۇرۇپ
ئېيتتى:

— بالام ئېلىجان، دەرەشنى تاشلا!

— نېمىشقا، سەلەي ئاخۇن ئۇستا؟ — بۇ
قاچاندۇر دۇكان ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا پەيدا
بولۇپ قالغان تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئاۋاـ
زى ئىدى.

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن تەڭلا تۇرسۇن
مۇئەللىمگە تەلپۈنۈپ، زىل، بوم ئاۋازدا بىرلا
ۋاقىتتا ئېيتتى:

— مۇئەللىم!

— ئەپەندىم!

تۇرسۇن مۇئەللىم ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن
بىلەن ھەر چاغدىكىدەك خۇش تەبەسسۇم
بىلەن كۆرۈشتى. ئاندىن ئۇ سەلەي ئاخۇن
ئۇستام قويۇپ بەرگەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرـ
غاندىن كېيىن، ئۇستامغا قاراپ باياتىنقى
سوئالنى مۇلايىم ئاۋازدا تەكرارلىدى. سەلەي
ئاخۇن ئۇستام سەل خىجالەت بولغان قىياـ
پەتتە بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ساڭگىـ
لاپ تۇرغان ئۆچۈك لامپۇچكىنى بېشى بىلەن
ئىما قىلىپ تۇرۇپ ئېيتتى.

— ماۋۇ ئوقەتنىڭ ۋاقتىدا جىن چىراقـ
قا كۆڭگىلى بولمايدىكەن.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى تۇرسۇن مۇـ
ئەللىم مۇلايىم ئەمما كەسكىن ئاۋازدا، — لامـ
پۇچكىنى يورۇتايلى ـ دە، مۇشۇ لامپۇچكا زاـ
مانىسىغا لايىق ئىش قىلايلى! — ئاندىن ئۇ
بۇرۇلۇپ ئېلىجانغا قاراپ ئېيتتى، — قېنى،
ئېلىجان، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، سىلەرنىڭ
ۋېكلىيۇچاتىلدىن چاتاق چىققان ئوخشايدۇ. سىز
ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىكى چاتاقنى بايقىيالايسىز،
چىقىپ قاراپ بېقىڭا.

ئېلىجان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئەـ
شىككە قاراپ بىر قەدەم ئالغان ئىدى، داـ

دىسى ئەنسىرىگەن ئاھاڭدا ئېيتتى:
— بالام...
— خاتىرجەم بولسىلا، ئۇستام، — دىدى
تۇرسۇن مۇئەللىم دەرھاللا، — مەكتىۋىمىزدە
يۇقۇرى سىنىپ بالىلىرى ئىچىدىكى دەرستە
ئەلاچىلاردىن تەركىب تاپقان ئۆسمۈرلەر
پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى بار، ئېـ
لىجان شۇ گۇرۇپپىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
ئىدى، ئۇ بۇنىچىلىك ئىشلارنى گەپ يوق
بىر تەرەپ قىلالايدۇ.
بۇ گەپنى ئېيتىپ، سەلەي ئاخۇن
ئۇستام سەل - پەل خاتىرجەم بولغاندەك
بولدى - يۇ، بىراق، يەنىلا تەلتۆكۈس كۆڭلى
توختىتىپ كېتەلمىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال دۇ-
كاننىڭ دەرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، ئېـ
لىجانغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى.
ئېلىجان دەسلەپ ئۆيگە كىرىپ قول-
چىراق بىلەن بىر ئورۇندۇق ئېلىپ چىقتى،
ئاندىن، دەرۋازىدىن كىرىشكە سول تەرەپتىـ
كى هويلا تېمىغا يېقىن ئورنىتىلغان سىم
تۈۋرۈكنىڭ ئالدىغا كەلدى. ۋېكلىيۇچاتىل ۋە
توك سائىتى ئاشۇ تۈۋرۈككە ئورنىتىلغان ئىـ
دى. ئۇ ئورۇندۇقنى پۇختىلاپ قويۇۋالغاندىن
كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ۋېكلىيۇچاتىل
ساندۇغىنى ئاچتى - دە، قولچىراق بىلەن ئۇ-
نىڭ ئىچىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ بىر
قاراپلا بىلدىكى، ئەسلىدە بىخەتەرلىك سىمى
ئېرىپ كەتكەن ئىكەن. ئېلىجان دەرھال
ئورۇندۇقتىن چۈشۈپ، يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ
كەتتى. هايال ئۆتمەي قولىدا كىچىككىنە
بىر ساندۇق كۆتىرىپ چىقتى. ئۇنىڭدا ئاز-
راق بىخەتەرلىك سىمى، توك قەلىمى، ئەت-
ۋىركە ۋە ئامبۇر قاتارلىق سايمانلىرى بار
ئىدى. ئۇ يەنە ئورۇندۇققا چىقتى - دە، ئال-
دى بىلەن ۋېكلىيۇچاتىلنى ئېچىپ توك مەنبە-
سىنى ئۈزۈۋەتتى. ئاندىن ئەتۋىركە بىلەن
بىخەتەرلىك سىمى ئۈلىنىدىغان ۋىنتىلارنى
بوشاتتى ۋە يېڭى بىخەتەرلىك سىمىنى پەم
بىلەن مۇستەھكەم قىلىپ ئۇلىدى. ئاندىن
ۋىنتىلارنى چىڭىتتى. ئاخىرىدا دىققەت بىلەن
قاراپ ئىشنىڭ توغرا ۋە كۆڭۈلدىكىدەك
بولغانلىقىغا ئىشەنچ هاسىل قىلغاندىن كېـ
يىن، ۋېكلىيۇچاتىلنى «غاچچىدە» كۆتەردى،
قورا ئىچى لاپپىدە يورۇدى.
— يارايسەن ئېلىجان، يارايسەن يىگىت
بالام! — بۇ هاياجانلانغان سەلەي ئاخۇن ئۇس-
تامنىڭ ئاۋازى ئىدى.
ئېلىجان نەرسە - كېرەكلىرىنى ئۆيگە ئە-
كىرىپ قويۇپ، ئانىسى نىساخان بىلەن بىلـ
لە دۇكانغا كىرىپ كەلگىنىدە، دادىسى ئۇنى باغـ
رىغا بېسىپ، يۈز - كۆزلىرىگە يىرىك بۇرۇت-
ساقاللىرىنى سۈركەپ تۇرۇپ نەچچىنى سۆيۈ-
ۋەتتى.
— بىزنىڭ ئېلىجان بەش يىلنىڭياغى
مەكتەپتە بىكار يۈرمەپتۇ، بۇمۇ ھە نە ئۆگە-
نىپتۇ ئەمەسمۇ! — دەيتتى ئۇ خۇددى ئېلىـ
جاننى تېخى بۈگۈنلا كۆرۈۋاتقان ئادەمدەك
ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىغىغا سەپ سېلىپ تۇ-
رۇپ. ئارقىدىن تۇرسۇن مۇئەللىمگە قاراپ،
كۆزلىرىدىن ئىشەنچ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ
تۇرغان هالدا ئېيتتى:
— بۇنىڭدىن چىقتىكى، ئەپەندىم، بىزمۇ
هىلىقى تېلېۋىزور دىگەن ئۇقەتنى ئالساق،
بىزنىڭ ئېلىجان ئۇنىڭ ئەلمى - تەلمىنى
بىلىپ، قويالايدىكەن - دە؟!
— قويالايدۇلا ئەمەس، ئۇستام، — دى-
دى تۇرسۇن مۇئەللىم تولىمۇ سەممى ۋە
قەتئى ئاۋازدا، — ئېلىجان مەكتەپتە مۇرادى-
غا يەتكۈدەك ئوقۇسا، ئاشۇ تېلېۋىزور دىگەن
ئۇقەتنىڭ ئۆزىنىمۇ ياسىيالايدۇ.
— مۇشۇ بىزنىڭ بالىلىرىمىز؟
(ئاخىرى 114 - بەتتە)

# شېئىرلار

## ئابدۇللا ساۋۇت

### غەزەللەر

1

ۋەتەن بىر باغچا — گۈللۈك سەن، گۈلۈڭدىن ئۆرگىلەي دائىم،
سولاشماس مەڭگۈ چوغلۇق سەن، قىسىپ چوغلۇق كۈلەي دائىم.

ھاياتقا كۆز ئېچىپ باقتىم، مېھىر-چەشمەڭدە مەن ئاقتىم،
شۇڭا ئىشقى-پىراقىڭدا بولۇپ ئاتەش كۆيەي دائىم.

ماڭا ئامراق ئانا بولدۇڭ، بېشىم سىلاپ پانا بولدۇڭ،
ئانا قەدرى باھاسىزدۇر، ئۇنى ئەلا بىلەي دائىم.

سىڭىپ سۆيگۈڭ ۋۇجۇدۇمغا، غۇرۇر قوشتى غۇرۇرۇمغا،
ساداقەت بابىدا لازىم تېپىلسا جان بېرەي دائىم.

باھادىر نەسلىمەن — قابىل، ئاڭا پۈتكۈل جاھان قايىل،
ساڭا خىزمەت قىلىش — بەختىم، بىلەكنى چىڭ تۈرەي دائىم.

ساڭا ئوغلان — ۋاپادارمەن، ھامان پەرمانغا تەييارمەن،
ئەگەر باش تولغىسام ۋىجدان ئوتىدا ئۆرتىنەي دائىم.

ئەقىدەڭ ھەددە ئەجرىڭ كۆپ، شۇڭا بويىنۇمدا قەرزىڭ كۆپ،
كۈرەش-جەڭنىڭ داۋانىدا ئۇنى ئاقلاپ كېلەي دائىم.

بولاي ئىشچى، بولاي دېخان، ماڭا جەڭگاھ ئېتىز ھەم كان،
ئېلىپ قوشلاپ ھوسۇل ئەلگە شەرەپ-شان كەلتۈرەي دائىم.

پىدايى دەيدۇ: شۇ پەيمان بۇزۇلسا نە كېرەك بۇ جان؟
تىرىلسەم مىڭ قېتىم، مىڭ بىر قېتىم زىنھار ئۆلەي دائىم.

2

ئۇلاپ تۈننى سەھەر - تاڭغا تىكىپ چىقتى ئانام دوپپا،
تېگى خاڭدەن، يىپى مەشۇت، گۈلى كۆرگەم بادام دوپپا.

كۆڭۈل رىشتى بولۇپتۇ يىپ، قارا كىرپىكلىرى ــ يىڭنە،
تىكەر شۇنداق ئانام ھەر كەچ بىدار، ئالماي ئارام، دوپپا.

تەرىدىن ھەر تىكىش پۈتكەن، يېشىدىن كەشتىلەر ھاسىل،
چىراقنىڭ ئالدىدا ھەر گۈل كۆرۈندى نۇر - تارام، دوپپا.

زېرىپلىق سەنئىتى قىلغاچ ئانامنىڭ قەدرىنى ئۈستۈن،
بۈگۈن بايرامدا ھېيتگاھغا كىيىپ چىقتى دادام، دوپپا.

كۆلۈپ خۇشخۇي دادام كەتتى ساما سەيناسىغا شۇڭغۇپ،
ئۇنى تەبرىكلىدى ھەممە قىلىپ ھۆرمەت - سالام، دوپپا.

ساما سەيلانىغا باقسام كۆزۈمنى چاقتى گۈل - شولا،
جېمى باشتا گويا زەر تاج، كىيىپتۇ خەلق - ئاۋام، دوپپا.

شۇ ئان قايتىپ دېدىمكى: ئەي ئانا، يىڭنەڭنى ئال ھازىر!
ئانام ئېيتتى كۈلۈپ: سەنمۇ كىيەمسەن، جان بالام، دوپپا؟!

سۆيۈندى دىل، ئانامنىڭ گۈل قولىدىن ــ ئەجرىدىن شۇ چاغ،
ناۋاتتا پاتلىنىپ شۇ ئان پۈتۈپ چىقتى تامام ، دوپپا.

كىيىپ ھېيتگاھغا چىقسام مەن سېزىلدى ئەرشتە يۈرگەندەك،
غورۇرۇم قىلدى كۆزلەرنى ئۆزگە زەپمۇ رام، دوپپا.

ساما ئەۋجىدە ئۇزدۇم شوخ بېلىقتەك قىيغىتىپ ھەريان،
بەخش ئەتتى ماڭا ئابروي، تەشەككۈر، ئېھتىرام، دوپپا.

ئەجەپلەندى قاراپ لوندون، نيۇيورك مۇخبىرى شۇ دەم،
ئۇلارنىڭ ئاپپاراتىغا نىشان بولدى داۋام، دوپپا.

Altunoq

بۈگۈنمۇ - ئەتە، ياق، ھەر كۈن دىيارىم قوينىدا بايرام،
كۈلەر دائىم يېڭىدا يېڭىنىڭ بېشىدا شات - خورام، دوپپا.

3

سەپەردە - جەڭدە مەن، غاپىل بولۇپ غەپلەتكە چۆكمەيمەن،
مۇشەققەت ئالدىدا تىترەپ چىنار قەددىمنى پۈكمەيمەن.

ھەۋەسكە ئالدىنىپ ياشلىق ھاياتىم مەنىسىز ئۆتسە،
گۇناھىمدىن ئۆتەر كىممۇ، ئۆزەممۇ زادى ئۆتمەيمەن.

ئەقىل تاپتىم ئىچىپ شېرىن شارابىنى ئىلىم - پەننىڭ،
ئىجات مەيدانىغا جۈرئەت - شىجائەت بىرلە سەكرەيمەن.

ماكارمەن پەللىلەر ئاتلاپ ئۇلۇغ كارۋان بىلەن بىللە،
بۇ يولدا مەنمۇ يەلكەمگە ئېغىر يۈكلەرنى يۈكلەيمەن.

جاپالىق جەڭدە زارلانسام يىگەن تۇز ئەيلىسۇن ئەما،
قىلىپ مىننەت ئەقىدەمگە يىغانۇ - نالە چەكمەيمەن.

ئىرادە بولسا چىڭ، ئىنسان يېتەر ئارزۇسىغا ئاخىر،
قېچىپ سەپتىن، بولۇپ رەسۋا، يۈزۈمنى يەرگە تۆكمەيمەن.

تەرىمدىن ئۆستۈرۈپ گۈللەر خەلققە سوغىلار تۇتسام،
رىزالىق ئىلكىدە سولماس بولۇپ ھەر پەسلى كۆكلەيمەن.

يىدايى كۈنسېرى ياشناپ چىقاردى شاخ بىلەن ياپراق،
بېرىشكە مېۋە بەركەتلىك، ئىجات بىرلە چېچەكلەيمەن.

1984 - يىل، ئاۋغۇست، ئاقتۇ.

قەدەھ

نىگار ماڭا تۇتتۇڭ قەدەھتە
رەڭگى گۈلگۈن، لىقمۇ - لىق شاراپ.
ئىچمەي تۇرۇپ بولدۇم مەستانە،
گۈلگۈن رەڭلىك لېۋىڭگە قاراپ.

ئارزۇ قىلدىم ئاشۇ لېۋىڭنى،
قەدەھ قىلىپ تۇتساڭ ئىدى يار.
نە ئارمان، سۆيگۈ شارابى،
مېنى قىلسا مەڭگۈ بەختىيار!

## ئەينەك

ئەينەك ئۇ — ناھايەت سۈزۈك بىر جىسىم،
كۆرسىتەر ئاقنى ئۆز رەڭگىدە ئاق ھەم.
گەر قارا بولسا، ئۇ، كۆرسىتەر قارا،
كۆرسەتمەس ئاقنى جۇپ،جۇپ بولسا تاق ھەم.

ئەينەكتە ئاشۇنداق خىسلەت بار ئىكەن،
تىلەيمەن ئەينەكتەك بولسا ھەر ئادەم.
قەلبىدىن ئادالەت نۇرى تۆكۈلسە،
شۇ نۇرنىڭ بەھرىدە ياشىنسا ئالەم.

## دامگىرات

دامگىرات — دەپ ئاتىلار ئىسمىڭ،
جەينەكچىلىك بار سېنىڭ جىسمىڭ.
ئېغىرلىقىڭ ئون جىڭغا يەتمەس،
پاتىسەنكى بىر پوپكىغا، بەس.
ماشىنىنى، ھەتتا يۈك بىلەن،
كۆتىرىسەن مەزمۇت ۋە تېمەن.
ئەلگە قوشقان تۆھپەڭ كۆپ، بىراق،
زارلانمايسەن، مىننەتتىن يىراق.

سەندە شۇنداق قۇدرەت بار ئىكەن،
قۇدرىتىڭگە ھىممەت يار ئىكەن،
شۇ خىسلىتىڭ ماڭا، دامگىرات،
بەردى ئۆچمەس، ئىلھام، تەسىرات.
چۈنكى، ماڭا تارىخ يۈك ئارتقان،
گۈزەل ئىقبال مەيلىمنى تارتقان.
بولالىسام شۇڭا سەنچىلىك،
ئارمىنىم يوق ئىدى قىلچىلىك!

## كاۋاپ

ئاشىق ئىدىم ئۇزۇندىن بېرى،
كاۋاپچىنىڭ قىزى — گۈلنارغا.
ئۆتتى يىللار، پۇرسەت كەلمىدى،
يۈرەك سۆزۈم ئېيتىشقا يارغا.

ئۆتۈپ قالدىم قايناق بازاردا،
كاۋاپچىنىڭ ئالدىدىن بۈگۈن.
ئەجەپ بىر ھال يۈز بەردى شۇ ئان،
نە ھالكى ئۇ، يېشىلدى تۈگۈن…

كۆز ئۇچىدا قاراپ گۈلنار قىز،
تەكلىپ قىلدى مېنى كاۋاپقا.
دېدىم: كاۋاپ قىلمايدۇ پايدا،
مەندەك ئىسسىق مىجەز — بىتاپقا!

ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى قىز،
سۆزلىرىمگە چۈشەنمىگەندەك.
بىر زىخ كاۋاپ ئۇزاتتى ماڭا،
كېسەلىمگە ئىشەنمىگەندەك.

دېدىم: كاۋاپ يەيدۇ دەپ قالماڭ،
كۆزىڭىزگە تىك قاراپ تۇرسام.
قانداق ئۆتسۇن گېلىمدىن كاۋاپ،
ئۆزەم گويا بىر كاۋاپ تۇرسام؟!

قىز قىزاردى، قىزىرىپ دېدى:
— كۆڭلۈم ئۇچۇن ئېلىڭ كاۋاپنى.
قىز تەڭلىگەن ئاشۇ كاۋاپتىن،
ۋىسال ئۇچۇن ئالدىم جاۋاپنى.

# كۆكتە پەرۋاز قىلغاندا

**مىرزاھىد كېرىمى**

1

گۆدەك چېغىم تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ،
ئويدىن دۆڭگە، دۆڭدىن ئويغا چاپاتتىم.
تەڭتۇشلىرىم بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ،
گويا ياۋنى يېڭىپ قەلئە ئالاتتىم.
ئەجەپلەنمەڭ، قىلاتتىمەن خوپ ھەۋەس
ئېشەك مىنىپ يولدا ئىلدام يۈرۈشكە.
بالا ۋاقتىم ئىنتىلەتتىم ھەر نەپەس،
ئات چاپتۇرۇپ يولدىن مەغرۇر ئۆتۈشكە.
ئىستەر ئىدىم مەن ھارۋىدا ئولتۇرۇپ،
يىراقلارغا ئەركىن سەپەر قىلىشنى.
چوڭ خوشاللىق دەپ بىلەتتىم زوقلىنىپ،
گۈكىرىگەن ماشىنىغا چىقىشنى.
ئۈچسا ئەگەر تۆمۈر قانات ئۈچقۇدا
ئادەملەر ئەڭ بەختلىك، دەپ ئويلايتتىم.
مەن بېرىلىپ شۇنداق ھەۋەس-تۇيغۇغا،
ئاق لەگلەكنى ئۇچۇرۇپ شات ئوينايتتىم.
تارتار ئىدى چەكسىز ئاسمان ئۆزىگە
كۆك گۈمبەزدەك تۇرغان يەرگە كۆمتۈرۈلۈپ.
لەگلەك بولۇپ قالسام دەيتتىم مەن ئۆزەم
ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلارغا تەلپۈنۈپ.

2

لەگلەك ئەمەس كۆتىرىلگەن ئاسمانغا،
قۇشمۇ ئەمەس ئۇچۇۋاتقان پەلەكتە؛
مانا بۈگۈن مەن ئولتۇرۇپ ئۈچقۇدا،
پەرۋاز قىلىپ بارماقتىمەن يۈكسەكتە.
قالدى پەستە ئېشەك ھارۋا ئات بىلەن،
بارغانسېرى ئۆرلىمەكتىمەن شۇڭقاردەك.
قالدى شەھەر كۆرۈنمەي باغ، گۈل-چىمەن
گويا تۈتەك تۇمان باسقان ناھاردەك.
قارىسا كۆز يەتمەيدىغان ھەيۋەتلىك،
چوققىلارمۇ غايىپ بولدى تۆۋەندە.
كۆلۈپ باقتى نازاكەتلىك، سۈلكەتلىك،
ئاسمان شاھى مېنى ئامان كۆرگەندە.
قايسى ياقتا باقسام ئوخشاش كۆرۈنەر
تارتىلغاندەك ئاقۇش شايى پەردىلەر.
ئۈچقۇ گاھى ئۆرلەپ-پەسلەپ تەۋرىنەر،
ۋۇجۇدۇممۇ ئۇنىڭ بىلەن سىلكىنەر.
ئالەم ماڭا سىرلىق ئەمەس، ھەيكەلدەك،
سۈرلۈك ئەمەس چەكسىز گۈزەل كۆرۈندى.
بۇ دۇنياغا زىننەت بەرگەن تەرىدىن،
زاتىم، ئىنسان بولغىنىغا سۆيۈندى.
گويا ئاچتى پەرى ئاسمان ئىشىكنى،
سۇندى قۇيۇپ ئالتۇن جامغا مېھرىنى.

3

«كۆكتە پەرۋاز ئەيلەش قۇشقا خاس» دىگەن
بۇ ئۇقۇمغا بەردى ئېرپان خاتىمە.
يېڭى دۇنيا گۈزەللەشتى پەن بىلەن،
يەردىن كۆككە كېڭەيدى ئار دائىرە.
ئاپپاق-قارا بۇلۇت قالدى ئاستىمدا،
ئاقۇش تۇمان دېڭىزىغا غەرق بولۇپ.
سەييارىلار قۇچاق ئاچار ئالدىمدا،
كەلدى ئىلھام كۆك قەھرىدە جوش ئۇرۇپ.
شېئىر يازدىم ئاسمان قىزى مەڭزىگە:
سەندىن گۈزەل مەشۇغۇم بار يەردە، دەپ.

مېنى تۇتۇپ قالالمايسەن مەڭگۈگە.
مەن قايتىمەن سۆيگەن ئانا يەرگە دەپ.
يازدىم شېئىر چەكسىز ساما يولىغا
ئۇقۇپ ئالىم — ئىجاتكارغا مەدھىيە.
قان - تەر تۆككەن ئىلىم ئېرپان يولىدا،
ئۇقۇپ غالىپ قەھرىمانغا مەدھىيە.
ئوت لېۋىگە يازدىم چولپان، قەمەرنىڭ
يۈزلىرىگە يازدىم شامۇ - سەھەرنىڭ.

4

راست سېغىندىم كۆكتە پەرۋاز قىلغاندا،
ئانا ۋەتەن قۇچىغىنى گۈزەل، باي.
ئۆرلەپ ئىگىز، بىر ھادىسە بولغاندا،
شۇ تۇپراقتا چۈشۈشۈمنى ئۇنۇتماي.
مەن ئۇنۇتسام تۇز بەرگەن شۇ زېمىننى،
ئەل ئالدىدا بولامىدىمەن قارا يۈز؟!
كېچە - كۈندۈز يىگەن مېنىڭ غېمىمنى
كېلەلەمتىم يارۇ - دوستقا يەنە يۈز؟!
ناخشام ياڭرار ئاسمان - پەلەك ئۈستىدە:
«ئايغا ئانار كۆچىتىنى تىكىمەن!
قادىلىمەن مىقتەك جاپا كۆزىگە،
ئىجادىيەت ئۇچۇن جاننى تىكىمەن! ...»
ناخشام ياڭرار كۆكنى سېلىپ لەرزىگە:
«كۈچ - بىلىمدىن، راھەت كېلەر ئەجىردىن،
دەرمان بولغان كىشى ئەلنىڭ دەردىگە
ئورۇن ئالار دىلدىن — ئالتۇن قەسىردىن...»
ناخشام ياڭرار: «قېرى دەللە جاھالەت
يايالمايدۇ مەڭگۈ زۇلمەت تورىنى.
خەلقىمگە يار چىدام، غەيرەت - جاسارەت،
توسالمايدۇ كۆككە ئۆرلەش يولىنى ...»
ئۇچماقتىمەن كۆكتە ناخشام ياڭرايدۇ،
تەۋرىنىپ يەر، سىلكىنىپ كۆك ئاڭلايدۇ.

5

ئۇچار سۇمرۇغ، بۈركۈت، لاچىن ئاسماندا،
ئۇچار ھۆپۈپ، يىڭناغۇچ ھەم قاغا - زاغ.
مەن كىم زادى؟ — يەرگە قەدەم باسقاندا
خەلقىم بەرگەن نام ماڭا باپ مۇشۇ چاغ.
ئەمەس ئادەم قۇش بىلەن بىر تۇيغۇدا،
كەپتەر، كەكلىك دان ۋە يەم دەپ ئۇچۇدۇ.
ئىنسان بىكار ئۇچماس چۈشۈپ ئۇچقۇغا،
بىلىم بىلەن دىدار ئىزلەپ ئۇچۇدۇ.
كۆكتە پەرۋاز قىلغىنىمدا شۇ ھىسلار،
كەتمىدى بۇ تۇيغا چۆمگەن بېشىمدىن.
پەستە تۇمان دېڭىزىغا چۆككەن يەر
ئوت مېھرىمنى تارتىپ ۋۇجۇت - دىلىمدىن.
ئەي ئانا يەر، ئانا ماكان قەسەمىيات،
يەرۇ كۆكتە خاسمەن ساڭا ئۆمۈرۋات.

1984 - يىل، 28 - نويابىر.

# شېئىرلار

ماخمۇت مۇھەممەت

## يۈرىگىمنىڭ ساداسى

يۈرىگىم تىنىم تاپماي ماڭغىن، دەيدۇ،
گۈلخانىدەك چاراسلىغىن - يانغىن، دەيدۇ.
ياشلىقنىڭ مېھمان ساڭا، تۇرماس ئۇزاق،
ئىشلىگىن، ئەلگە ئەجىر قاتقىن، دەيدۇ.

يۈرىگىم ئارمان قۇچۇپ دۈپۈلدەيدۇ،
تۆمۈرچى بازغىنىدەك گۈپۈلدەيدۇ.
پەخرىم بار يۈرىگىمنىڭ ساداسىغا،
بۇ سادا ئاشسا ئاشار، ئۈزۈلمەيدۇ.

## شوتا

شوتا تاپتى دوستۇم ھامان ئۆرلەشكە،
بالداقلىرى سوغات، تۆھمەت، خوشامەت؛
ھەر ياماشسا ئۈچ بالداقنى بىر ئاتلاپ،
ئۆسۈپ كەلدى مەرتىۋىسى كارامەت.
بىراق، دوستۇم بىر شوتىدىن چىققاندا،
چۈشتى يەنە بىر شوتىدىن شۇ يىلى؛
ئەل نەزىرى ئاتلىق ئالتۇن شوتىدىن
كۆچتى ئەمەل شوتىسىغا بىر يولى.

## تارازىدىن سۆز ئېچىلغاندا

تارازىنى ماختىدى بىرسى:
پەزىلىتى — توغرىلىقتا، دەپ.
ئوشۇق - كەمنى ئايرىيدۇ خالىس،
زادى يوقتۇر ئوغرىلىقتا، دەپ.
مەن دىدىمكى: گېپىڭغۇ دۇرۇس،
بىر نۇقتىنى ئۇنتۇما لېكىن؛
تارازىچى لىللا بولمىسا،
تارازىدىن سۆيۈنمەك قىيىن.

## ئارمان ۋە ئىرادە

ئارماننى يۈرىگىمگە دوست كۆرۈمەن،
ئارماندىن سۆز ئېچىلسا شوخ كۈلۈمەن.
ۋە لېكىن مىڭ بەرمەس قۇرۇق ئارمان،
ئارمان — قۇش، غەيرەت — قانات، خوپ بىلىمەن.
ئارمانلار قۇچىغىدا سويلىغاندا.
غەيرىتىم ئاشار دائىم ئويلىغاندا؛
مۇرادىم چىچىگىنى قىستىم دەيمەن،
ئىستىقبال چوققىسىنى بويلىغاندا.

## ئاقلىق چاي

ئۆمۈر يولى ئاق بولسۇن دەپ،
تويدا ئاقلىق چاي قىلار.
قىز - يىگىتنىڭ سەرپالىرى
تەگدىن تولا ئاق بولار.
مەن تىلەيمەن ئىككى ياشقا
ئاق سەپەرنى باشقىچە.
ئاق نىيەتلىك بولسۇن ئۇلار،
تاكى ئاقباش ياشقىچە.

1984 - يىل، ئاۋغۇست، غۇلجا.

# چوققىدا

### زەينۇرە ئەيسا

دىدىلىڭ: «ئەگەر بولسا ئىرادە —
تىك چوققىدىن يوللار تاپىمىز».
مەن دىدىمكى: «شانلىق تۆھپىدىن
ئانا ئەلگە گۈللەر ياپىمىز.»
پىسەنت قىلماي مۆلدۈر - بورانغا
تىك چوققىغا بىللە ياماشتۇق.
قۇشلارنىڭمۇ ئىزى چۈشمىگەن
قىيالارغا بىز قەدەم باستۇق.

AltunOq

كېيىن قالسام، مەردانە قولۇڭ
سۇندۇڭ ماڭا تېنىم يايرىدى.
كۆپكۆك مۇزلار بىلىندى ئاتەش،
تىلىم بۇلبۇل بولۇپ سايرىدى.

«سۇ ئىچىدۇ كۆكۆلدىن كۆكۆل»
دىگەن ماقال راست بوپ تۇيۇلدى.
مەنچۇن تۆككەن تامچە يېشىڭدا
يۈرىگىمدىن داغلار يۇيۇلدى.

يەتتە ئاشىق يېتەلمەيتكەن
مۇرادىغا يورۇق دۇنيادا.
سەككىزىنچى، ئاھ بىزلەر يەتتۇق،
دىدىم يايراپ قەلبىم سامادا.

خادا تاشتىن ساڭگىلاپ پەسكە
قار لەيلىسى ئۈزۈۋالىدەن.
ساڭا گۈللەر ئۈزۈش يولىدا،
كۆكۈم - تالقان بولسام رازىمەن.

سۇنغىنىمدا قولۇڭغا گۈلنى،
تولۇنئايدەك چېھرىڭ ئېچىلدى.
نۇرلۇق كۆزۈڭ بولۇپ جۇپ قىزياش
كۆلكەڭ بىلەن كۆلكەم قېتىلدى.

سەن قوغلىدىڭ، قاچتىم قاقاقلاپ،
يۈگۈرگەنچە مەنزىلگە يەتتىم.
بىر كۆزلىگەن ئاشۇ چوققىدا
خادا تاشنى مەن باغ - باغ ئەتتىم.

بىراق شۇ چاغ ئۈن - تىنسىز، ئەي يار،
قاياققىدۇر كەتتىڭ يوقۇلۇپ.
يا كەتتىڭمۇ تۇيدۇرماي ماڭا
كويىقاپنى ئىزلىمەك بولۇپ؟

قايان ئۇچۇشنى بىلمىگەن قۇشتەك
ئولتۇرۇمەن تاغنىڭ بېشىدا.
قۇياش ماڭا بېرەر تەسەللى،
چولپان ھەمرا ئاينىڭ قېشىدا.

مەن شامالنى توختىتىپ يولدا،
«قېنى، يارىم؟» دىدىم سوراقلاپ،
كۆز يېشىمدىن تاغلار تېشىلىپ،
قۇرام تاشلار كېتىشتى غولاپ.

شامال دىدى: «يارىڭ باشقىنى
سۆيگەن چېغى، ئۇنۇتتى سېنى».
يېرىل تېغىم، مېنى يۇتۇۋەت،
ئەل كۆزىدىن يىراق قىل مېنى.

شامال دىگەن يالغانچى ئىكەن،
كەلدى يارىم تاغ چوققىسىغا.
ئۆزى سويغان يولۋاس تېرىسىن
ئارتىۋاپتۇ كەڭ دولىسىغا.

1984 - يىل، ئۈرۈمچى.

# ئىككى شېئىر

مەتتوختى ئەخمەت

## يۈرەك سۆزى

پېنتىسلىننى ئۇرۇپ بولۇپلا بىلىقىز،
ئولتۇرمايلا چىقىپ كەتتى شۇنچە تېز.
ئارقىسىدىن رەھىم بوۋاي ئۇزىتىپ
چىقىپ دىدى: «رەھمەت سىزگە ياخشى قىز...»

«رەھمەت دىمەك، بىمارلارغا يار-يۆلەك
بولماق بىزنىڭ خىزمىتىمىز-ئىشىمىز.
تۇرۇپ قېلىڭ بوۋا، ئەتە كېلىمەن،
چوڭ ئانامدىن ياخشى خەۋەر ئېلىڭ سىز».
ئېگىلدى-دە، سالام قىلىپ، كەتتى قىز،
ئۆي ئالدىدا — يولدا قالدى گۈلدەك ئىز.
يېنىپ كىرىپ، كېسەل ياتقان موماينا،
دىدى بوۋاي: «زامانىمىز بەك ئېزىز.
ئەقلىمىزگە كەلمىگەن ئىش كۆپ-تولا،
غەم-ئەندىشە، ئەنسىزلىكتىن ئازات بىز».
«توختىسىلا، — دىدى موماي، سۆز قاتتى، —
گەپكە سىغماس ھاياتىمىز — بەختىمىز.
ئەتىگەندە يوقلاپ كەلدى رەھبەرلەر،
چۈشتە سەپداش، كەچتە دوختۇر قىزىمىز.
تۈنۈگۈن گاز تۈگىمىزنى يەڭگۈشلەپ،
سۈپۈردى ئۆي-ھويلىنى كۆپ ئوغۇل-قىز...
ئەسلىمىزنى ئويلاپ قالدىم بەزىدە،
شۇنداق كۈننى كۆرگەنمىدى بوۋىمىز؟»
«شۇنداق، — دىدى بوۋاي خوشال بىر تىندى، —
رەھمەت بىلەن تۈگىمەيدۇ سۆزىمىز.
ئەمگەك قىلماي، پېنسىيىگە چىقتۇق دەپ،
بىكار ئۆتۈپ كەتمىسۇن بۇ كۈنىمىز.
كۆڭۈلدىكى سۆيۈنۈشنى ئىزھارلاپ،
ۋەتەن ئۈچۈن بىزمۇ تۆھپە قوشىمىز...»
«ئۇمىدىم شۇ، — دىدى موماي، — زاۋۇتتا
تازىلىقتا يېتەر بەلكى قۇربىمىز.»
رەھىم بوۋاي بىلەن موماي شات كۈلدى،
دىدى ئۇلار: «بۇمۇ بىزنىڭ بۇرچىمىز».

## پەخىرلەن بوۋا

رەنجىمىگىن بوۋا چۈچىلىپ،
ئوغلۇڭ ئەسلا گالۋاڭمۇ ئەمەس.
گەر كىشىنىڭ قېنى قىزىسا،
ھەق-ناھەقنى ئايرىمىغى تەس.
ئوغلۇڭ چىچەن، ئىشتا جۇرئەتلىك،
ئىلغار ئىشچى بولدى كۆپ قېتىم.
سۆيۈندۈڭمۇ سەنمۇ، ئوغلۇڭغا،
يۈرىكىڭدىن ئۇرغۇپ چوڭ ئېقىم.
ئۆزى تاللاپ سۆيۈپتۇ قىزنى،
ئىش-ئەمگەكنىڭ قوينىدا سىناپ.
ئىشلەيدىكەن بولۇشۇپ قوشماق،
ۋۇجۇدىنى ۋەتەنگە ئاتاپ.
شۇنداق ئوغۇل، شۇنداق كېلىنىڭ
بولغىنىدىن پەخىرلەن بوۋا.
«ئۆزەم تاللاپ ئېلىپ بېرىمەن»
دىگەن گېپىڭ خۇشياقماس ئاكا.
قىز-يىگىتتە ئورتاق نىيەت بار،
تارتىشمىغىن، قىلىپ بەرگىن توي.
خاتىرجەملىك ئىزلىسەڭ ئەگەر،
كۆڭۈللۈكنى كۆڭۈللۈككە قوي.

1984 - يىل، ئىيۇن، قاراماي.

# يېزا ناخشىلىرى

ئابدۇللا ئەبەيدۇللىن

### تاڭ سەھەر

تارقىدى ئاسماندا يۇلتۇز، مۆكتى نەلەرگە تاراپ،
سەپكىلى ئاتەش نۇرىنى چىقتى كۈنمۇ پاقىراپ.

كەڭ دالا — بوستان-چىمەنلەر تاقتى مارجان-ئۈنچىلەر،
گۈل يېزامنىڭ ھۆسنىگە مەن زوقلىنىپ قالدىم قاراپ.

تاۋلىنار ھۆسنى يېزامنىڭ خۇددى خان ئەتلەس بولۇپ،
بۇ گۈزەللىكتىن دىلىم مەس بولدى ئىچكەندەك شاراپ.

ياڭرىدى شۇ ئاندا جۇشقۇنلۇق ھاياتنىڭ ناخشىسى،
چىكىلەردىن تەرلىرىم ئاقتى سەدەپتەك يالتىراپ.

## ئېتىزدىن ئاۋاز

مەن باراتتىم ئېتىزدا
ھەۋەس قىلىپ روھلىنىپ.
سادا كەلدى ئېتىزدىن
قۇلاق سالدىم زوقلىنىپ:
«ئەسلى مۇنبەت يەر ئىدىم
كەتكەن ئۇزۇن تاشلىنىپ.
بۈگۈن قايتا ياشنىدىم،
يېڭى ئەمگەك باشلىنىپ.
دىخان ئاكام ئەجرىدىن
ماڭا ھايات جان بەردى.
باقتى كەتمەي يېنىمدىن،
پەرۋىشلىدى — قان بەردى.
ئوغۇتلىدى، سۇ بەردى،
تەشنالىغىم قانغۇدەك.
ئەمدى ھوسۇل بېرىمەن
ئالەم ھەيران قالغۇدەك...»
ئاۋازىدىن ئېتىزنىڭ،
قەلبىم كۈلدى — سۆيۈندى.
كېلەر يىلقى мол ھوسۇل
ماڭا تاڭدەك كۆرۈندى...

## ئايدىڭ كېچە

ئايدىڭ كېچە — ئاق كېچە،
بۈگۈن سۈرئەت باشقىچە.
ئىشلىدۇق جانان بىلەن،
سۈزۈلۈپ تاڭ ئاتقىچە.
ئوخشىغان بۇغداي، قوناق،
يەلپۈتەر مەيىن شامال.
مەن ئورۇمەن ئۇمىنى،
باغنى باغلار ئايجامال.
ناخشىمىزغا جۆر بولۇپ،
سايرار تورغاي توختىماي.
چىراق بولۇپ بىز ئۈچۈن،
كۈلەر كۆكتە تولۇنئاي.

## يېزىمىزنىڭ يەڭگىتى

(ناخشا تېكستى)

يېزىمىزنىڭ يىگىتى،
ئىسىل ئارزۇ-تىلىگى.
мол ھوسۇل ئېلىپ دائىم،
چارچىمايدۇ بىلىگى.
قەلبىدە ۋەتەن ئىشقى،
غەيرىتى بۈيۈك شۇنچە.
گۈل قىسىپ دالا-تۈزگە،
ماڭلايدىن تۆكەر ئۈنچە.

ئېتىزلىقتا ـ گۈلشەندە،
ياڭرىتىدۇ ناخشىنى.

تالىشىدۇ گۈزەللەر.
ئاشۇ ئىشچان ــ ياخشىنى.

# يۇرت ئىلھاملىرى

مەتىمىن زىبىبۇللا

## بوغدا سەيلىسى

ئۆپپۇق تۇغدى، ئۇنىڭ نۇرى جۇلالاپ،
بوغدا تېغى چوققىسىنى قىزارتتى.
شىپالىق دەپ دوستلار بوغدا سۈيىدىن
ماڭا ئالتۇن قەدەھلەرنى ئۇزاتتى.

كۆزلىرىمدە قالدى رەڭدار سايىلار،
سۈرەت بولۇپ گۈزەللىكتىن نۇرلۇنۇپ.
تۇمەن ئەندىز ئالدىم بوغدا تېغىدىن،
ئانا يۇرتقا ئاشىق بولۇپ، جۆر بولۇپ.

لېۋىنگە لەۋ ياقتىم بوغدا كۆلىنىڭ
ئالتۇن رەڭلىك شولىلارنى سۈمۈردۈم.
بېھىش يەڭلىغ چىمەن ئىچرە كەزگەندە،
ئالەمچە روھ ـ ھەسسىياتقا چۆمۈلدۈم.

ھاياجاندا باقتىم يەنە نەچچە رەت،
ئىگىز چوققا، قارىغايلارغا تىكىلىپ.
ناخشا توقۇلاپ باسالمىدىم ئۆزەمنى،
بۇندا كۆيچى بۇلبۇللارغا قېتىلىپ.

باغاش ئەتتىم ئەزىز ئانا تاغلارنى،
سۈرىتتۇم ئالتۇن تۇپرىغىنى يۈزۈمگە.
يۈرىگىمگە باستىم گىيا ـ گۈللەرنى،
رەڭدار گىلەم كۆرۈندى يۇرت كۆزۈمگە.

ئايا دوستلار، نىمە دىگەن كۆڭۈللۈك،
بوغدا تېغى، بوغدا كۆلى سەيلىسى.
سەيلىچىنى شېرىن دىسەك مىسالى،
سەيلىگاھكەن سەيلىچىنىڭ لەيلىسى.

## تاش ئۆستەڭدە زۇمرەت سۇ

ئۇپا دىگەن جاينى كۆردۈم ھەۋەستە
ئاقىدىكەن سۈزۈك سۈيى شاۋقۇنلاپ.
قىرغاق سۆيۈپ، تاش ئۆستەڭنىڭ سۇلىرى
ئاقىدىكەن تال ـ كۆچەتكە پىچىرلاپ.

ھەر تامچىسى گويا ئۈنچە ـ مەرۋايىت
ئۆركەشلىنەر شوخ قىزلاردەك تولغىنىپ.

ئوچۇملاپ. خوپ ئىچتىم يۈرەك شاتلاندى،
ئەمگەكچىنىڭ چىن ئەجرىدىن روھلىنىپ.

يەرگە يۇلتۇز كۆچۈرۈپتۇ يەركەنلىك،
تاش ئۆستەڭگە ئىستانسىلار قوندۇرۇپ.
قايتتىم، بىراق قالدى كۆزۈم ئۇپادا،
يۈرىگىمنى ھاياجانغا تولدۇرۇپ.

## پارچە

قىش تەبىئەتكە ئەزەلدىن بار مىراس،
قار ـ شىۋىرغان سوغىغى ئۆزىگە خاس.

بولمىسا قىشنىڭ ئاشۇنداق ھەيۋىسى
نەدە بولسۇن يازدىكى رەڭدار لىباس؟!

# گۈل ئېيتقان ھېكايە

(باللادا)

ئىلغارجان سادىق

1

قاچىغان گۈللەرنىڭ بەرگىدىن
تۇپراقنىڭ خۇش ھىدى — ئىپارى.
قۇياشنىڭ نۇرىدىن رەڭ ئالغان
مىڭ تۈرلۈك گۈللەرنىڭ قاتارى.

گۈللەرنىڭ بەرگىدە شەبنەملەر،
يېشىمدۇر شاتلىقتىن تامچىغان؛

ۋە ياكى جۇدالىق، تەلمۈرۈش
نىگارى چۈشىدە يوقلىغان.

قەلبىمدە گۈللەرگە تەلپۈنۈش،
مېڭەمدە ئۇ ھەقتە خىياللار،
ئالدىمدا نامايەن بولماقتا،
چىمەنزار گۈل باغلار، داللار.

2

كېلىمەن گۈلزارنى ئارىلاپ،
ياپراقلار تاجىدا كۈمۈش نۇر!
قايسى بىر گۈللەرگە قارايكىن،
بەرمەكتە دىلىمغا چوڭ ھوزۇر.

شەلپەردەك قىزاردى يۈزلىرىم،
چىقمىدى ئېغىزدىن سۆزلىرىم،
تولاشتى ھەر تۈرلۈك گۈللەردىن
گۆھەردىن نۇرلۇقراق كۆزلىرىم.

گۈللەرمۇ بىلگەندەك ئويۇمنى،
قىسىلدى بىر چىچەك قۇلاققا.
دېگەندەك ئېيتامسەن سۆزۈڭنى،
مەن جاۋاپ بېرىمەن سوراققا.

ئالدىم - دە، تەلمۈردۈم بىر ھازا،
چىچەكنى قولۇمغا قۇلاقتىن.
بىردىنلا كۆزۈمگە ياش ئالدى،
ھەيران بوپ مەن بەرگەن سوراقتىن:

ئەي چىچەك، ئەي چىچەك،
ئېيتقىنا!
بۇلبۇللار ئىشقىڭدا لال نىچۈن؟
تاڭ سەھەر يىغلايسەن، ياش تۆكۈپ،
بۇ پەقەت تېپىشماق مەن ئۈچۈن؟!

تىترىدى چىچەكنىڭ ياپرىقى،
تامچىدى تۇپراققا كۆز يېشى.
ھە بەلكىم، ئۆتكەندۇر ئالدىدىن
ئۇنىڭكى ئۆتمۈشى — كەچمىشى.

3

مەن تۇپراق قىزىمەن، قىشىدا
قەيسەر بىر گۈل ئۆسكەن، چوغ سۈپەت.
تۇراتتى قىشمۇ، ياز قىپ - قىزىل،
تەپچىگەن تەپتىدىن ھارارەت.

مەن جاندىن سۆيەتتىم ئۇ گۈلنى،
چىن دىلدىن سۆيەتتى ئۇمۇ ھەم.
ياناتتى ئىشقىمىز ئوت ئېلىپ،
ئارزۇلار بىر ئىدى مۇجەسسەم.

AltunOq

يۇلتۇزلۇق كەچلەردە يۇرەتتۇق،
ئەڭ شېرىن ئويلارغا پاتاتتۇق.
سەيلىلەر تاجىدا يانسا نۇر،
نۇرنى دەپ كۆكرەكلەر ياقاتتۇق.

تۇپراقمۇ خۇش ئىدى بىزلەردىن،
دەريالار كۈي-ناخشا قاتاتتى.
غۇبارسىز سۆيگۈمىز دىللارنى
مەھلىيا قىلاتتى، تارتاتتى.

شاماللار يەلپۈشۈپ ئۆتەتتى
لېۋىمىز جۈپ بولۇپ تەككەندە.
مۆكەتتى دالىدىغا تولۇنئاي،
بىزمۇ ھەم دالىدىغا مۆككەندە.

ئاھ شېرىن، ئاھ تاتلىق كۈلكىلەر،
خوشلاشتى بىز بىلەن خەير دەپ.
ئۇن كۈلكە، بىر يىغا بەرھەق بۇ،
سۆيگۈگە قوش ئىكەن ئوڭ ۋە چەپ.

ئاھ شۇ يار تۆرەلگەن چېغىدا،
يەر تېخى قويمىغان ئىسمىنى.
نىمگە ئوخشاتسام بولاركىن؟
قىشمۇ، ياز سولماس چىلك قەددىنى.

كۆپ ئۆمۈر كۆرمىدى جاھاندا،
كەلدى ۋە كەتتى ئۇ نەۋقىران.
ياشىغان بولسا گەر بولاتتى،
ئەۋلادى بىر كەبى شادىمان.

4

كەچ ئىدى بىر كۈنى ئايمۇ يوق،
سەيلە قىپ باراتتۇق ئىككىمىز.
گۈلدۈرلەپ تۆكۈلدى مۆلدۈرلەر،
قىرغىنلىق باشلاندى تۇيۇقسىز.

ياپراقلار ساناقسىز تۆكۈلدى،
ئورمانلار بىتاقەت پۈكۈلدى!
ياش تامدى، قان تامدى، جان تامدى،
پۆرەكلەر چېكىدىن سۆكۈلدى.

نىگارىم ئۆرلىدى ئاسمانغا،
قولىدا زۇلپىقار كۈمۈش رەڭ.
بۇلۇتلار تۇرۇلگەن ئەجدىھار،
زىمىنگە ياغدۇرار ۋابا، جەڭ.

نىگارىم ئويناتتى زۇلپىقار،
جۈت بولۇپ تاشلاندى ئەجدىھا.
ئېلىشتى ئىككىسى روبىرو
كەسكىن جەڭ بولماقتا ھاۋادا.

بىر مەدەت تىلىدۇق گۈل-چېچەك،
بىز ئۆمۈر تىلىدۇق تەڭرىدىن!
بىز زەپەر تىلىدۇق ئۇنىڭغا،
بىز ھايات تىلىدۇق يېڭىدىن!

كۆكتە ئوت، تاغدا ئوت، يەردە [illegible]!
ئۇن كېچە ۋە كۈندۈز بولدى جەڭ.
چاقماقنىڭ، شەمشەرنىڭ زەربىدىن
يىقىلدى ئەجدىھار ھالى تەڭ.

يوق بولدى ئاسماندا ئەجدىھار،
يوق بولدى نىگارىم ۋە يەنە.
چۈشمىدى قايتىلاپ زىمىنگە،
گۈل-چېچەك بىلدۈردۇق تەزىيە.

نىگارىم چاقنايدۇ يامغۇردىن،
كېيىنكى ئاسماندا يا سۈپەت.
ئەل ئۇنى ھەسەن ۋە ھۈسەن دەر،
دىللاردا ئىپتىخار تا ئەبەت.

تىترىدى ئۇ گۈلنىڭ ياپرىغى،
تۆپراقتا تامچىدى شەبنىمى.

قوزغىدى قەلبىمدە سوئاللار،
گۈللەرنىڭ ئاجايىپ كەچمىشى.

5

مەن دىدىم بۇلبۇلدۇر ساڭا يار،
ئۇنۇتقىن ئۇ نامسىز گۈلۈڭنى.
بۇلبۇلغا بەرگىنە ئىشقىڭنى،
ۋىسالغا توغرىلا يولۇڭنى.

گۈل دىدى: ئىكەنسەن ھاماقەت،
سۆيگىنىم بىر پەقەت نامسىز گۈل.
سۆيمەيمەن ئۇ گۈلدىن باشقىنى،
چۈنكى ئۇ باشقا جان، ئۇ بۇلبۇل.

بىرەلمەس ئۇ ماڭا چىن ۋىسال،
جۆنەيدۇ قىشلىغى يىراققا.

قالغۇسى قالسامۇ سولشىپ،
ياپرىغىم تۇغۇلغان تۇپراقتا.

سايرىسۇن ئىشقىمدا مەيلى ئۇ،
نامسىز گۈل قەلبىدە ئەبەتلا.
جاھاندا مىڭ كىشى بولسىمۇ،
سۆيگىنىم بىر ئادەم پەقەتلا...

*

گۈل ئېيتقان ھىكايە ئۆگەتتى
ماڭا چىن سۆيگۈنى، ۋاپانى.
مۇھەببەت يولىدا بىلەرمەن
راھەت دەپ ھەر مۈشكۈل جاپانى!



(پوۋېست)①

**قاھار جابل**

4

شۇندىن كېيىنكى ئىشلارنى ھەر قېتىم ئويلىسام، ئۆزەمنىڭ نەقەدەر نادان ئىكەنلىگىمنى، مەندەك بىر بىچارىنىڭ زوراۋانلىق ۋە نەيرەڭۋازلىقلارغا قىلچىمۇ تاقابىل تۇرالمايدىغانلىغىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھىس قىلىپ، يۈرىگىم لەختە-لەختە قان بولىدۇ. تۇرمۇشتا شۇنداق چاغلارمۇ بولۇدۇكەنكى، ئۆزەڭنىڭ پاك ئىكەنلىگىڭ ئاسماندىكى قۇياشتەك ئېنىق تۇرۇغلۇق، ئۇنى كىشىلەرگە ئىسپاتلاپ بېرىشكە قادىر بولالمايدىكەنسەن.

ئۇلارنى ئەسلەشتىن بەكمۇ قورقۇمەن، ئەمما سەرگۈزەشتىلىرىمنى يېزىۋاتقىنىمدا ئۇ ئىشلار ھەققىدە ئېغىز ئاچماي ئۆتۈپ كېتىشكە ئامالىم يوق. بەلكىم بۇ يازغانلىرىم كەلگۈسىدە بىرەركىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ئۈۋەينى بەختىيارلىق، ئالدىنىش. قارا-يۈزلۈك، پۇشايمان ۋە تۆھمەتكە گىرىپتار بولۇپ ئۆتكۈزگەن مەندەك بىر بىتەلەينىڭ روھىغا لەنەت ئوقار، ياكى ئېچىنار.

ئەمدى ئۆز گېپىمگە كېلەي: ئۇلار مېنى شەھەرگە ئەكېلىپ بىر قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويدى.

— ھەي، ئادىل، بۇ نىمە قىلغىنىڭ؟— دىدى ئەتىسى سايىم ئالدىمغا كىرىپ، ئاندىن ئوز قولى بىلەن باغلاقنى يېشىۋەتتى،— مەن سېنى ئىستىقبالغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن شۇنچە كۈيۈپ-پىشىپ يۈرسەم، ئاخىرى يەنە شۇ ئەكسىيەتچى داداڭدىن مېھرىڭنى ئۈزەلمەپسەن-دە...خەير، بوپتۇ. ھىلىمۇ كەچ ئەمەس، مانا قەغەز-قەلەم، داداڭ قاچقاندىن بېرى نەچچە قېتىم كۆرۈشتۈڭ؟ ئۇ ساڭا نىمىلەرنى دىدى؟ ئۇنىڭ قېچىشىغا

---

① پېمى ئوتكەن ساندا.

كىملەر ياردەملىشىپتۇ؟ ھەممىسىنى يېزىپ
چىق، بىز ساڭا يەنە چىقىش يولى بېرىمىز.
بۇ ھازازۇل شەيتانغا بولغان غەزىۋىمە-
نى بېسىشقا ئاجىز ئىدىم.

— ھۇ، قوي تېرىسىنى يېپىنىۋالغان تۈل-
كە، — دەپ ۋاقىرىدىم مەن ئۇنىڭغا دىۋەي-
لەپ، — مېنى يەنە كۈلدۈرلىتمەن دەمسەن؟
بىلىپ قوي، مېنىڭ ئەمدى كۆزۈم ئېچىلدى.
سەن تۈلكىنىڭ دادامغا سۇئىقەست قىلىش
ئۈچۈن مەندىن قانداق پايدىلانغانلىقىڭنى
خەلقى - ئالەمگە يايىمەن!

سايىمنىڭ چىرايى باشتا تاتاردى، كۆ-
زىگە قىزىللىق تېتىلدى، كېيىن يەنە ئاستا-
ئاستا ئۆز ئەكسىگە يېنىپ، چىرايىدا مەس-
خىرىلىك ھىجىيىش پەيدا بولدى.

— ھىم، ئەمدى سېنىڭ گېپىڭگە كىم
ئىشىنىدۇ؟

— خەلق ئىشىنىدۇ، ئاقكۆڭۈل كىشىلەر-
نىڭ ھەممىسى ئىشىنىدۇ.

— ھا...، ھا...، ھا... خەلق ئىشى-
نەرمىش، سېنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىڭ داداڭ-
نىڭ شېرىكلىرىدۇر، تايىنلىق. مۇنۇنى كۆرسە
ئۇلار سېنىڭ تېرەڭنى تەتۈر سويارمىكىن، —
سايىم يانچۇغىدىن قاتلانغان قەغەزنى چىقى-
رىپ ئالدىمغا قويدى، — ئاۋال بۇ خەتلەرنى
ئوقۇپ چىق.

«قېنى، ئۇنىڭغا نىملەر يېزىلغانكىن؟»
دېگەن قىزىقىش بىلەن قەغەزگە ئىختىياسىز
كۆز تاشلىدىم. ئوقۇغانسېرى ۋۇجۇدۇمغا تىت-
رەك ئولىشىپ، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قال-
غاندەك بولدى. قەغەزگە: ئەكسىيەتچى دادام-
دىن ئاللىقاچان چەك - چېگرا ئايرىغانلىقىم،
ئۇنىڭ خەلق بىلەن ئۆلگىچە دۈشمەنلىشىش
ئۈچۈن قېچىپ كەتكەنلىكى، ئۇنى پرولېتا-
رىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ھەققانىي سودىغا
تاپشۇرۇش ئۈچۈن يالغاندىن مۇناسىۋەت باغ-
لاپ، يوشۇرۇنغان يېرىنى تاپقانلىقىم، ئاندىن
ئىنقىلاپچى يولداشلىرىمنى باشلاپ بېرىپ،
قولغا چۈشۈرگەنلىكىم قاتارلىقلار بايان قىلىنىپ،
ئاخىرىغا ئىسمىم يېزىلغان ئىدى.

ئاھ، تۇرمۇشتا بۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك
تۆھمەت بولامدۇ؟ مېنىڭ كۆرۈۋاتقىنىم، ئاد-
دى بىر خەت ئەمەس، يىرتقۇچ بۆرىنىڭ
قانسىرىغان تىلى، ئىلاننىڭ زەھەرلىك نەش-
تىرى ئىدى. مەن ئىنسانلار ئارىسىدا مۇشۇن-
داق رەزىللىكلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ھەم
ھەيران بولدۇم، ھەم چۆچۈدۇم. ھەي جا-
ھان، نىمە بولۇپ كەتتىڭ سەن زادى؟!

— ئويلىنىپ بولدۇڭمۇ؟ — سايىم ھى-
جايدى، — كىچىك بۇرادەر، سەن ئىنقىلاپچى-
لار بىلەن بولغان ئالاقەڭنى ئۇنداق تېز
ئۈزۈۋەن دىمە. ئەگەر تەتۈرلۈك قىلىدىكەن-
سەن، سېنىڭ نامىڭدا يېزىلغان بۇ باياناتـ-
تىن نەچچە مىڭ نۇسخا بېسىپ، ناھىيىنىڭ
ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە تارقىتىمىز،
شەھەر ۋە گۇڭشېلاردىكى ھەممە دوقمۇشلار-
غا چوڭ خەتلىك گېزىت قىلىپ چاپلايمىز.
مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، پەقەت داداڭنىڭ
ئۈستىدىن داۋاملىق مەسىلە پاش قىلىشلا
سېنى قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ. ئەكسىيەتچىلەر-
دىن ئۈمىت كۈتمە. ئەمدى ئۇلاردىن پانا
ئىزلىسەڭ، ھەتتا ھاياتىڭ خەۋپ ئىچىدە
قېلىشى مۇمكىن! قانداق، شۇنداق ئاقىۋەتكە
قېلىشنى خالامسەن؟

سايىمنىڭ مېنى قورقىتىش ئۈچۈن ئېيت-
قان بۇ سۆزلىرى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مۇد-
دىئاسىنى ئاشكارىلاپ قويدى. ئۇ مۇشۇ ئۇ-
سۇل بىلەن مېنى ئۆمۈچۈك تورىغا ئوراپ،
دادامغا قۇرۇلغان سۇيىقەست ئۈچۈن داۋاملىق
پايدىلانماقچى. خام ئويلىشىپسەن، بولۇپ
ئۆتكەن ئىشلار كۆزۈمنى خېلىلا ئېچىپ قوي-
دى. ياغاچ قازاندا بىرلا قېتىم ئاش پىشى-

دۇ، ئۆلۈپ كېتىشكە رازىمەنكى، ئەمدى سەنلەرگە ئەگەشمەيمەن!

مەن سايىمغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ، ئالدىمدىكى قەغەز - قەلەملىرىنى يۈزىگە ئاتتىم.

— قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل!

شۇ پەيت ئۆيگە ھوشۇر بىلەن قۇددۇس كىرىپ كەلدى - دە، ماڭا ياۋۇز بۆرىلەردەك ئېتىلدى. شۇندىن باشلاپ ئۈچ كۈنگىچە سوئال - سوراققا تارتىلدىم. تىل - ھاقارەت ۋە مۇشت ئۇزۇغۇم بولىدى. لېكىن ئاغزىمدىن ئۆزىلىرىگە پايدىلىق ھېچنەرسە ئالالمىدى. ئاخىرى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قويۇۋېتىشتى. بىراق، بۇ چاغدا دادام ئاللقاچان يورۇق دۇنيادىنمۇ، ئۇنىڭ جەۋرى - جاپالىرىدىنمۇ خالاس بولۇپ، پانى ئالەمگە يول ئالغان ئىكەن. سايىملار ئۇنى «ئىنقىلاپ بىلەن ئاخىرىغىچە دۈشمەنلىشىپ، تۈرك سىمىغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى» دەپ ئېلان قىپتۇ ۋە نەق ئەكسىلئىنقىلابچى دىگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپتۇ.

مەن يىغلىدىم، قاخشىدىم، كۆزۈمدىن ياش ئەمەس، قان ئاقتى! دادامنىڭ تۇپراق بېشىنى ئىزلىدىم، لېكىن ھېچكىم ئېيتىپ بەرمىدى. سايىم راست ئېيتقان ئىكەن، ماڭا ھەممە كىشى نەپرەت بىلەن قارىشاتتى، خۇددى موخو كېسىلىدىن قاچقاندەك قاچاتتى. يار تۇغمەن يېزىسىغا باردىم، لېكىن بۇ يەردىمۇ ھېچكىم ماڭا چىراي ئاچمىدى.

— كەت بالا، — دىدى بىر دىخان يېنىمغا كېلىپ، — بۇندىن كېيىن يېزىمىزغا ئاياق باسقۇچى بولما!

ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلايتتى، مۇشتۇمى قاتتىق تۈگۈلگەن ئىدى. مەن بېشىمنى ساڭگىلىتىپ ئارقامغا قايتتىم. نەچچەرەت ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىدىم. بىراق كەلگۈسىدە دادامنىڭ قاتىللىرىدىن ئىنتىقام ئېلىش نىيىتى مېنى يەنە ساقلاپ قالدى.

ئۆيۈم ئاللقاچان تارتىۋېلىنغان ئىدى، مەكتەپتە يېتىپ - قوپۇپ يۈردۈم. ئارىدا تەرەپۋاز تەشكىلاتلار بارلىققا كەلدى. ھەممە نەرسىدىن ئىخلاسىم قايتقان ئىدى. ھېچقايسى تەشكىلاتقا قاتنىششنى ئويلىمىدىم، ئۇلارمۇ مېنى زورلاشمىدى. مەكتەپنىڭ يېڭى ھوقۇقدارلىرىدىن مېنى مەكتەپنىڭ دىخانچىلىق مەيدانىغا ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلدىم، ئۇلارمۇ قوشۇلدى. ئەنە شۇ يەردىلا ئازاپلانغان قەلبىمگە ئازراق تەسكىن تاپتىم. ئۇ يەردىكى بىر ئائىلىلىك ھەمرايىم — مەيداننىڭ كونا ئىشچىسى مامۇت ئاكا، ئايالى ھەۋزىخان ئاچا ۋە 5 ياشلىق نەۋرىسى غۇنچەم مېنى «قاتىل» دەپ تىللىمايتتى، ئالايمايتتى. غەمكىنلىگىم ۋە كۆز ياشلىرىم تەسىرلەندۈرگەن بولسا كېرەك، ئۇلار بارا - بارا مەن بىلەن ئانچە - مۇنچە پاراڭلىشىدىغان ۋە بەزىدە ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىدىغان بولۇشتى. ئۇلاردىن ئايرىلغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدە دادامغا قىلىنغان ۋاپاسىزلىغىنى بىرەر قېتىممۇ يۈزۈمگە سالمىدى.

تارتىپ چىقىرىلغان مەكتەپ مەسئۇللىرىمۇ بەزىدە مەيدانغا ئەمگەك قىلغىلى چىقاتتى. بىر قېتىم ئۇلاردىن بىرى قۇلىقىمغا پىچىرلاپ:

— داداڭنىڭ جەسىدىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قوراسىنىڭ سىرتىدىكى يارلىققا كۆمۈۋەتكەن ئىكەن. كېيىن كىملەردۇر كولاپ ئېلىپ، يار تۇغمەن يېزىسىدىكى قەۋرىستانلىققا دەپنە قىپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

مەن شۇ كېچىسىلا يار تۇغمەنگە باردىم. دادامنىڭ قەۋرىسىنىڭ قايسى ئىكەنلىگىنى بىلمەيتتىم، كىشىلەردىن سوراشتىن قورقاتتىم، شۇڭا بۇ قېتىم غايىبانە دۇئا

قىلدىم. قەۋرىستانلىق يېزىنىڭ چېتىدە ئىدى، شۇڭا 3 - قېتىم كۈندۈزى باردىم. قەۋرىستانلىق يېنىدا ئون ياشلاردىكى بىر بالا قوي بېقىۋاتقان ئىكەن، ئۇ مېنى كۆرگەن بولسىمۇ تونۇمىدى. مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا بىر كوي پۇل بەردىم - دە، مەرھۇم قۇربان ھاكىمنىڭ قەۋرىسىنى كۆرسىتىپ قويۇشىنى ئۆتۈندۈم. ئۇ مېنى بىر قەۋرىنىڭ يېنىغا باشلاپ باردى. دادامنىڭ قەۋرىسىگە تۇنجى قېتىم كۆز ياشلىرىم تۆكۈلدى، كېيىن بالا كېتىپ قالدى. مەن قەۋرىگە ئۆزەمنى ئېتىپ تاڭ ئاتقىچە نالە قىلدىم. شۇندىن كېيىن ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم كېچىسى بېرىپ قەۋرىنى يوقلاپ تۇردۇم. بەزىدە قەۋرىستانلىقتىن يېنىپ، ھاشىم بوۋامنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا باراتتىم، لېكىن ئىشىكنى قېقىشقا جۈرئەت قىلالماي، قايتىپ كېلەتتىم. ئاخىرى بىر كۈنى خۇپتەن ۋاقتى بىلەن بېرىپ ھويلىنىڭ ئىشىكىنى قاقتىم. ھاشىم بوۋام ئېغىر ھاسىراپ ۋە يۆتىلىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— ھاشىم بوۋا!...

شۇ ھامان ئىشىك يۈزۈمگە يېپىلدى. مەن بۇ ئىشىكنىڭ مەن ئۈچۈن مەڭگۈ ئېچىلمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ھەسرەت بىلەن ئارقامغا ياندىم.

ئىككى يىلدىن كېيىن مەيداندىن ئايرىلىپ، يىراق بىر يېزىغا قايتا تەربىيە ئېلىشقا ئەۋەتىلدىم. لېكىن شۇ كۈندىن باشلاپ تىنچلىقىم يەنە بۇزۇلدى. مەن بىلەن بىللە بارغان ساۋاقداشلىرىدىن بەزىلىرى كىشىلەرگە مېنىڭ قانداق ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىمنى سۆزلەپ بېرىشكە ئۈلگۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سايىم كۆپەيتىپ تارقاتقان ھېلىقى ئاتالمىش مېنىڭ نامىمدىن يېزىلغان بايانات بۇ يەرگىمۇ ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن يېزىدىكىلەر مېنى ئۆچ كۆرۈپ قېلىشتى. كادىرلىرى: «ئەكسىلئىنقىلاپچىنىڭ بالىسى» دەپ چەتكە قاقسا، دېخانلار: «قارا يۈز، ۋاپاسىز ئوغۇلكەن» دەپ نەپرەتلىنەتتى.

«كىشىلەر ماڭا نىمىشقا ئىشەنمەيدىغاندۇ؟ مېنىڭ نامىمدىن يېزىلغان ئاشۇ تۆھمەتنىڭ كۈچى شۇنچە زورمىدۇ؟» دەپ ھەسرەت چېكەتتىم. كېيىن ئۇقسام، ھېلىقىدەك «بايانات» يالغۇز بىرلا ئەمەسكەن. يەنە دادامنىڭ يوشۇرنۇپ يۈرگەن مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ بىلەن بەش قېتىم ئۇچراشقانلىقىم، ھەر قېتىمقى سۆھبەتلەرنىڭ تەپسىلى مەزمۇنى، دادامنىڭ مېنىمۇ ئىنقىلاپقا قارشى تۇرۇشقا قۇترىتقانلىقى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان تەشۋىقات ۋەرەقلىرى مېنىڭ نامىمدىن يېزىلىپ تارقىتىلغان ئىكەن.

مەندەك ئۇشتۇمتۇت چىققان بوراندا نەگە بېرىشنى بىلمەي قامىقاقتەك قاڭقىپ يۈرگەن بىر نادان بالىنىڭ ئۈستىدە شۇ قەدەر كۆپ تۆھمەتنىڭ توقۇلۇشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن. ئۇلارنىڭ مېنى شۇنچە خانىۋەيران قىلىپ، دەسسەپ - چەيلىشىگە نېمە ھاجەت بولۇپ قالدى؟ بۇ ئىشلار ھەققىدە كېچە - كۈندۈز ئويلايتتىم. ئاخىرى بۇنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. لېكىن ئۇ ھەقتە بىرەر يەرگە ئەرز قىلىپ، يەلكەمدىكى تۆھمەتلەرنى ئاغدۇرۇپ، سايىملارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاشقا ئاجىز ئىدىم. چۈنكى، ئۇ كەملەردە سايىم ناھىيىلىك ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىدى. مۇھىم ھوقۇقلارنىڭ تولىسى ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. شۇڭا قايغۇ - ھەسرىتىم ۋە ئىنتىقام ئېلىش ئويۇمنى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇپ، پۇرسەت كۈتمەكچى بولدۇم.

بىللە كەلگەن ساۋاقداشلىرىم بىر - بىر-

لەپ شەھەرگە قايتقىلى تۇردى، 4 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پەقەت مەنلا قالدىم. گويا مەن مۇشۇ يېزىدا مەڭگۈ تۇرۇپ قېلىشىم لازىمدەك ھېچكىم مېنىڭ توغرامدا ئويلاشمايتتى، مەنمۇ تەقدىرىمگە تەن بېرىپ بۇ يەردىن كېتىشكە ئېغىز ئاچمايتتىم. نەگە باراتتىم؟ خىزمەت ياكى ئوقۇشقا مەندەك ئادەمنى قوبۇل قىلمايتتى. خوشنا ناھىيىدە ھامماچام بولسىمۇ، مېنى ئاللىقاچان كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتكەن ئىدى. بىر ھېساپتا مۇشۇ يېزىدا تۇرۇپ قالغىنىممۇ ياخشى. ۋاقىت — ئېقىن سۇغا ئوخشايدۇ، سۇنىڭ ئېقىۋېرىشى — دەريانىڭ تېگىدىكى كونا ئەخلەت - چاۋالارنى ئېقىتىپ كەتكىنىدەك، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈۋېرىشى مېنىڭ ئۇستۇمدىكى تۆھمەت - ياللىرىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرار، ئازاپ - ئوقۇبەتلىرىمنى يېنىكلىتەر.

دادۇيدىكى بۇرۇن چەتكە چىقىرىپ قويۇلغان بەزى كادىرلارنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى ماڭا ئىچ ئاغرىتىش بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بىر كۈنى سېكرېتار بىلەن دۇيجاڭ مېنى ئىزلەپ كېلىشتى. بىز ھەر قېتىمقىدىن كۆپرەك سۆھبەتلەشتۇق. ئۇلارنىڭ قىستاپ سورۇشى بىلەن ھەقىقى ئەھۋاللارنى باشتىن - ئاياق سۆزلەپ بەردىم، دادامغا قىلغان ۋاپاسىزلىقلىرىمنىمۇ قىلچە يوشۇرمىدىم.

سۆزۈم تۈگىگەندىن كېيىن بۇ ئىككى پىشقەدەم خېلىغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇشتى.

— بالام، ئۇزەڭگىمۇ مەلۇم، — دېدى ئاخىرى سېكرېتار بېشىنى كۆتىرىپ، — سايىم ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ھازىر ناھىيىمىزدە چوڭ ھوقۇق ئىگەللەپ تۇرۇۋاتىدۇ. بايىقى سۆزلىرىڭنى باشقىلارغا ئېيتىپ يۈرمە. سايىملەر ئاڭلاپ قالسا، ساڭا بىرەر يامانلىق قىلمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. بۇ يۇرتتا داۋاملىق تۇرۇۋەرسەڭمۇ بولمىغۇدەك. بىز سېنى بىرەر ئەپلىك پۇرسەت تېپىپ، يىراق جايلارغا — سايىملارنىڭ قولى يەتمەيدىغان يەرگە يولغا سېلىپ قويايلى.

— روھىڭنى چۈشۈرمە، — دۇيجاڭمۇ سۆزگە قېتىلدى، — ياشلىقتا پۇتلاشمايدىغان كىم بار دەيسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاكىمنىڭ ئۆلۈمىگە سەن سەۋەپچى ئەمەسكەنسەن. بىز بۈگۈنكى سۆزلىرىڭگە ئىشەندۇق، سەنمۇ ئۆزەڭنى تاشلىۋەتمە، بىزمۇ سېنىڭ غېمىڭدە بولايلى.

4 - 5 يىلدىن بۇيان دادامنىڭ قەۋرىسى ئالدىدا ۋە كېچىلىرى يوتقان ئىچىدە يوشۇرۇنچە ياش تۆكۈپ كەلگەن ئىدىم. بۈگۈن بۇ مېھرىۋان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم...

ئاردىن يەنە بىر يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. 1974 - يىلنىڭ كۈز پەسلىدە سېكرېتار ئېيتقان ئەپلىك پۇرسەت ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇلار ناھىيە ۋە گۇڭشېدىكى تونۇش - بىلىشلىرى ئارقىلىق، سايىملارغا ئۇقتۇرمايلا رەسمىيەتلىرىنى توغرىلاشقا مۇۋەپپەق بوپتۇ.

— تولا كوچىلاپ سېنى ئاۋارە قىلمىسۇن دەپ تونۇشتۇرۇش ماتېرىياللىرىغا «ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن» دەپلا يېزىپ قويدۇق، — دېدى سېكرېتار مېنى ئۇزىتىش ۋاقتىدا، — سەن غەم قىلما، بۇ توغرىدا گەپ كەلگۈدەك بولسا، ئۆزىمىز تارتىمىز.

سەل كەم 6 يىلغا يېقىن ۋاقتىم ئۆتكەن بۇ يېزىدىن، ئۇ يەردىكى ئاقكۆڭۈل كىشىلەردىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىسىمۇ، سايىملارنىڭ خەۋپ - خەتىرىدىن قۇتۇلغىنىمغا خوشال بولۇپ، يىراق سەپەرگە ئاتلاندىم...

## ئۈچىنچى باپ

### 1

ئادىل شۇ كۈنلۈك ئاپتووۇزغا ئۈلگۈرەلمەي، ئەتىنىڭ بىلىتىنى سېتىۋالدى. ئۇنىڭ ئىستانسىغا قايتقۇسى يوق ئىدى، شۇڭا مەقسەتسىز ھالدا بازار ئايلاندى. كوچىدا ئادەملەر كۆپ ۋە خوشال - خورام يۈرۈشمەكتە. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا شەھەردىكى بىردىنبىر غەمكىن ئادەم ئۆزىدەكلا بىلىندى - دە، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، ئېغىر خورسىنىپ قويدى.

ئادىل بۇ سەپەر ئۈچۈن ھېچقانداق سوغا - سالام تەييارلىمىغان ئىدى. ئۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ماگازىننىڭ ئالدىغا كەلگەندە كۆڭلىدىن ئۇشتۇمتۇت بىر خىيال كەچتى. ياق، ئۇ سوغا - سالام ئېلىپ بارىدىغان ئادەملەرمۇ باركەن. ئالتە يىللىق ئۆمرى ئۆتكەن ھىلىقى يېزىدىكى كۆپچىلىك دىخانلار، پىشقەدەم سېكرىتار بىلەن دۈيجاڭ ئۇنىڭ سوغىسىنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ. يەنە ھاشىم بوۋايمۇ بار. ئۇ بەلكىم ئادىلنى ھىلىمۇ ئەپۇ قىلمىغاندۇر، ئەمما ئادىل ئۇنىڭغىمۇ سوغا - سالام ئالغاچ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، بولۇپ ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنى، نەچچە يىلدىن بۇيان يۈرىكىنى مۇجۇپ كەلگەن بارلىق دەرت - ئەلەملىرىنى قويماي ئېيتىدۇ. ھاشىم بوۋاي ئاقكۆڭۈل، مېھرىۋان ئادەم، ئۇ ئادىلنىڭ سۆزىگە ئىشىنىدۇ، ئىچ ئاغرىتىدۇ، ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ.

شۇ ئويلاردىن كېيىن، ئادىلنىڭ كۆڭلى خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى - دە، ماگازىنغا كىرىپ ئاۋال يوغان ئىككى سومكا سېتىۋالدى. ئۇنىڭ پۇلى يېتەرلىك ئىدى، شۇڭا بىر پەستىلا ئىككى سومكا لىققىدە توشتى.

ۋاقىت چۈشكە يېقىنلاپ قالغان ئىدى. ئادىل قوسىقىنىڭ قاتتىق ئاچقانلىقىنى سېزىپ، ئاشخانىغا كىردى. ئاشخانىدا ئادەملەر كۆپ ئىدى ئادىل بىلەت ئېلىپ بۇلۇڭغا قويۇلغان ئۈستەلدىكى بوش ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردى. كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى تاماق يەگەچ ھاراق ئىچىۋاتاتتى، ئۆزئارا چاقچاق قىلىشاتتى، كۈلۈشەتتى. بىر سائەتتىن كېيىن ئادىلمۇ ئاشخانىدىن كەيپى كۆتىرىلگەن ھالدا قايتىپ چىقتى. ئۇ ئېغىر سومكىلارنى كۆتىرىپ، يەنە كوچا ئايلىنىۋېرىشكە رايى بارمىدى - دە، ئارام ئېلىش ئۈچۈن باغچىغا كىردى.

كۈز كۈنلىرى بولغاچقا يوپۇرماقلار تۆكۈلۈۋاتاتتى، باغچىدا ئادەملەرمۇ شالاڭ ئىدى. ئادىل بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ چەترەك بىر يەرگە بېرىپ قالدى - دە، ئاكاتسىيە تۈۋىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

ھاراق دېگەن ئاجايىپ غەلىتە نەرسە - دە، كىشىلەر ئۇنى خوشاللىق ئۈچۈنمۇ، غەم - قايغۇسىنى بېسىش ئۈچۈنمۇ ئىچىشىدۇ. لېكىن بەزىدە تۈنجى رومكىنى خوشاللىق ئۈچۈن كۆتىرىپ، ئاخىرىنى جېدەل، ماجىرا بىلەن تۈگىتىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. شۇنداقلا، ھاراق ئىچسەڭ، باشتا غەم - قايغۇڭنى ئۇنتۇغاندەك بولۇسەن، بىراق كۆپ ئۆتمەي، ئاۋالقىدىنمۇ بەكرەك ھەسرەتكە چۆكۈسەن.

شۇ تاپتا ئادىلنىڭ كەيپىياتىمۇ خۇددى شۇنداق بولدى. ئۇ ئەسلى بۆگۈن ھاراق ئىچمەكچى ئەمەس ئىدى. بىراق، ئاشخانىدا باشقىلارنىڭ خوشال كەيپىياتىنى كۆرۈپ، بىردىنلا ئۆزىنى غەم باستى - دە، ھا-

راق ئىچتى. باشتا خېلى كەيپى كۆتىرىلگەن ئىدى، مانا ئەمدى ھەسرەتلىك خىياللار كاللىسىنى چىرمىۋالدى. ئۇ 12 يىلدىن بۇيان يۈرىگىنى ئازاپلاپ كەلگەن بۇرۇنقى ئىشلارنى ئويلىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئادەتتىكە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى، كېيىن ئىختىيارسىز ھالدا ئايگۈل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئويلاشقا ئۆتتى.

ئويۇن - كۈلكىلەرگە ئارىلاشماي، دەرۋىشانە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئادىلغا ئوخشاش يىگىتلەرنىڭ قىزلار بىلەن تونۇشۇۋېلىشى، ھەتتا ئۇلارنىڭ مەيلىنى تارتالىشى - ھەسەلدىن قىل سۇغارغاندەك تەس ئىش ئىكەنلىكى كىتاپخانلىرىمىزغا ئايان بولسا كېرەك. شۇڭا كىتاۋىمىزنىڭ بېشىدا مۇشۇ ھەقتە گەپ بولغاندا، ئەنىۋەر تۇرماق سېيىت ئاكىنىڭ ئۆزىمۇ ھەيرانلىغىنى ئىپادىلەپ، مۇنداق قوشۇلۇشنىڭ قانداق پەۋقۇلئاددە سەۋەپ بىلەن يۈز بەرگەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىشكە ئاجىزلىغىنى بىلدۈرگەن. دىمىسىمۇ بۇنىڭ سەۋەۋىنى شۇ كەمگىچە پەقەت ئادىل بىلەن ئايگۈللا بىلەتتى. شۇ تاپتا ئادىل باغچىدا ئولتۇرۇپ ئەنە شۇ ھەقتە ئويلىدى.

ئىستانسا بىلەن شەھەرنىڭ ئارىلىغى سەككىز كىلومېتىر كېلەتتى. نۆۋەتچى ئاپتوۋۇز بولسا، گۈگۈم چۈشۈشتىن بۇرۇنلا توختاپ قالاتتى. ئۆتكەن يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئادىل شەھەرلىك كۈتۈپخانىدىن ئىستانسىغا پىيادە قايتتى. كۈزنىڭ كۈنى قىسقا بولىدۇ، ئادىل شەھەرنىڭ سىرتىغا چىققىشىغا ئەتراپ سىيادەك قاراڭغۇلۇققا چۆكتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىستانسىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاھالە ياشمايتتى. باشتا ئارىلاپ - ئارىلاپ ۋېلسىپىتلىك يولۇچىلار ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئىدى. يولنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى تۈگىگەندە، كىشىلەرنىڭمۇ ئايىغى بېسىقتى.

ئالدى تەرەپتە ئىستانسىنىڭ چىراقلىرى نۇر چېچىپ تۇراتتى. شەھەر تەرەپتىن ماشىنىلارنىڭ سىگناللىرى ئاڭلىناتتى. ئادىل توختاپ تاماكا تۇتاشتۇردى. ئاندىن 200 قەدەمچە مېڭىشىدى، قۇلىغىغا نىمىدۇ ئاڭلانغاندەك بولدى. كېچىسى يول ماڭساڭ، غەلىتە ئاۋۇشلار ئاڭلانغاندەك بولۇپ، تېنىڭ شۈركىنىدۇ، دىگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. ئادىلمۇ ئىختىيارسىز ئارقىسىغا بۇرۇلدى. لېكىن كۆزىگە قاراڭغۇلۇقتىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى. ئۇ يەنە ئالدىغا قاراپ ئىككى قەدەم ئېلىشىغا، ئوڭ تەرەپتىن «گۈپ - گۈپ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئارقىدىن ئايال كىشىنىڭ: «ئادەم بارمۇ؟...» دىگەن ئېچىنىشلىق پەريادى تۈن قوينىنى يېرىپ ئۆتۈپ، يەنە جىمىقتى. ئادىل ئەھۋالنى مۆلچەرلىدى-دە، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قويۇندەك چاپتى. ئۇ يېتىپ كەلگەندە گەمە ئورنىچىلىك ئازگال ئىچىدە بىر نەچچە گەۋدە تېپىرلىشاتتى. ئۇلار ئادىلنى دەماللىققا پايقىمىدى. ئىككى كىشى ئېڭىشىپ تۇرۇپ، يەردە ياتقۇزۇلغان ئايالنىڭ پۇت-قوللىرىنى بېسىشقا ھەدەپ ئۇرۇناتتى. ئادىل ئاياق تەرەپتىكى كىشىنىڭ قۇلاق تۈۋىگە بار كۈچى بىلەن ئۇردى. ئۇ دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ يەنە بىر ھەمرايىغا ئۇرۇلۇپ، ئۇنىمۇ يېقىتىۋەتتى. ئاڭغىچە يەردە ياتقان ئايال دەرھال ئورنىدىن تۇردى - يۇ، «ۋاي!» دىگىنىچە ئازگالنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. لېكىن ئادىلنىڭ ئۇنىڭغا قاراشقا چولىسى تەگمەيتتى. ئۇ ھېلىقى ئىككى ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىدىن ئىلگىرى، ئۇلارنى ھالسىرىتىشى لازىم ئىدى. ئادەتتە كېچىلىرى خوتۇن- قىزلارنى ئولىغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى قورقانچاق كېلىدۇ. مۇنداق تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن مەڭدەپ قېلىشقان «ئوۋچى»لارنىڭ بىرى ئىككى مۇش ۋە بىر تېپىكتىن كېيىن، شېرىگىنىڭ نىمە

بولۇشى بىلەن كارى بولماي، قۇيرۇغىنى خادا قىلدى. ئىككىنچىسى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئادىل بىلەن ئېلىشتى. بۇ چاغدا ئۇلار ئازگالنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالغان ئىدى. «ئۇۋچى» كاللا قويماقچى بولۇپ، يۇگۈرۈپ كېلىۋىدى، ئادىل چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى چەتكە قاچۇردى. «ئۇۋچى» ئۆزىنى توختىتالماي، ئازگالغا دۈم چۈشتى. ئارقىدىنلا ئادىلمۇ ئازگالغا سەكرەپ چۈشۈپ «ئۇۋچى» نىڭ گەجگىسىگە دەسسىدى «ئۇۋچى» بوغۇق ئىڭرىدى. ئادىل ئۇنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ كۆتەرمەكچى بولىۋىدى «ئۇۋچى» بىر يۇلقۇنۇپلا، خۇددى قاپقاندىن بوشانغان تۈلكىدەك، ئۆزىنى ئازگالنىڭ سىرتىغا ئالدىدە، قاراڭغۇلۇق قوينىغا سىڭىپ كەتتى. ئادىل ئەمدىلا ئايالغا دىققىتىنى ئاغدۇردى. ئۇ هازىرمۇ ئازگالنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ، گويا بولۇپ ئۆتكەن هادىسىدىن هاڭ-تاڭ بولغاندەك، ئۈن-تىنسىز ئولتۇراتتى.

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، قايتايلى، — دېدى ئادىل بۇيرۇق قىلغاندەك تەلەپپۇزدا.

ئايال ئۇشتۇمتۇت ۋاقىرىۋەتتى:

— ۋۇي، ئادىلمۇ سىز؟

ئادىلمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تونۇدى.

— ئايگۈل؟ سىز ... — دېدى ئادىلمۇ هەيران بولۇپ ۋە نىمىشقىدۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتىۋەتتى.

— پۇتۇمنى قايرىۋەتكەن ئىدى، دەسسىيەلمەيۋاتىمەن، — دېدى ئايگۈل ئازاپلانغان ئاۋازدا، — ۋۇي، سەرەڭگىنى ئۆچۈرۈڭ.

— ئادىل قىزنىڭ كىيىملىرىنىڭ يىرتىلغانلىقىنى، ئايگۈل ئېچىلىپ قالغان كۆكرىگىنى يىرتىق كىيىمى بىلەن توسۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىشتا ئۈلگۈردى. تۇرمۇشتا بەزى تەسادىپىلىقمۇ خۇددى ئالدىن پىلانلانغاندەك بىر-بىرىگە ماس كېلىپ قالىدۇ. ئادىل بايا بازار ئايلانغاندا كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ شىم چاپان سېتىۋالغان ئىدى. ئۇ ئازگال تۆپىسىدە قالدۇرۇپ قويغان سومكىسىدىن ئاشۇ كىيىملەرنى ئېلىپ، ئايگۈلگە تاشلاپ بەردى.

— كىيىۋېلىڭ، تېخى بايىلا ماگازىنىدىن سېتىۋالغان.

قىز كىيىمنى ئالماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئادىل يەنە ئازگالغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئازگالدىن چىقىشىغا ياردەملەشتى. قىز سول پۇتىنى ئاۋايلاپ پات-پات «ۋاي» دەيتتى.

— بۇغۇمدىن چىقىپ كەتتىمۇ-يا، كۆرۈپ باقايمۇ؟ — دېدى ئادىل ئەندىشە قىلىپ.

— ياق، ئەمدى ئاغرىقى خېلى پەسلەپ قالدى... مۇشۇ ئەتراپتا ۋەلسىپىتىم بولسا كېرەك، قاراپ باقسىڭىز.

ئەتراپ تۇم قاراڭغۇ ئىدى. ئادىل ئەتراپنى ئاختۇرۇپ، يەنە بىر ئازگالغا تاشلاپ قويۇلغان ۋەلسىپىتنى تاپتى. چوڭ يولغا چىققىچە ئۇنى مىنىپ مېڭىشقا بولمايتتى. شۇڭا ئادىل ۋەلسىپىتنى يېتىلىدى، ئايگۈل بولسا، بىر قولىنى ئادىلنىڭ مۈرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭغا يۆلىنىپ ماڭدى. شۇ كەمگىچە ئادىل ئۈچۈن بىرەر قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ بېقىشقىمۇ توغرا كەلمىگەن. مانا شۇ تاپتا ئىستانىسىدىكى ئەڭ چىرايلىق قىزلارنىڭ بىرى بولغان ئايگۈلنىڭ ئۇنىڭغا يۆلىنىپ مېڭىشى، بىر تۇرۇپ ئۇنى ساراسىمىگە سالسا، بىر تۇرۇپ قەلبىدە ئاجايىپ بېقىملىق تۇيغۇ قوزغايتتى... ئۇلار چوڭ يولغا چىققىچە ئۈنسىز مېڭىشتى. گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئادەمدىكى بىر خىل تەبىئىي تۇيغۇغۇ! بولۇپمۇ يىگىتلەرنىڭ چىرايلىق قىزلارغا هەۋەسلەنمەيدىغىنى بولمىسا كېرەك. شۇ يىللار ئىچىدە ئادىلنىڭ قەلبى قايغۇ-هەسرەتتىن ئېزىلىپ، هەسرەت تېغى يەلكىسىنى بېسىپ تۇرسىمۇ، ياشلىقنىڭ ئىشقى هەۋىسى ئەلەملىك يۈرىكىنى پات-پات غىدىقلاپ تۇراتتى. ئۇمۇ باشقا كۆپلىگەن يىگىتلەرگە ئوخشاش ئايگۈلگە هەۋەس

لىنەتتى، ئەمما يىراقتىنلا نەزەر تاشلاپ، خۇرسىنىپلا قوياتتى. «ئەخمەق بولما، سەن كىم؟ كىشىلەر تەرىپىدىن نەپرەتلەنگەن بىر بىتەلەيسەن. سەن ئۈچۈن قىزلارنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولۇش، ئائىلە قۇرۇش دېگەنلەر مەڭگۈ مۇمكىن بولمايدىغان خام خىيال، ئارتۇقچە ئاۋارە بولما» دەيتتى ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەپ.

ئەمما، بۇ ئەقىلنىڭ بۇيرۇغى ئىدى، يۈرەكنىڭ خاھىشى بولسا، خۇددى شامال ئەسكەن چاغدىكى كۆل سۈيىدەك پات - پات زۇمرەت قىرغاققا قاراپ ئىنتىلەتتى.

بىر قېتىم مۇنداق بىر ئەھۋال يۈز بەردى: بىر دەم ئېلىش كۈنى ئادىلنىڭ ياتاقداشلىرى ئولتۇرۇش ئۇيۇشتۇردى. قىزلاردىنمۇ تۆت - بەشى تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. ئولتۇرۇشتا ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىلدى، ئۇسۇللار ئوينالدى، ھاراق بولسا سۇدەك ئىچىلدى. يىگىتلەر باشتا ئۆزلىرىنى خېلى ئەدەپلىك تۇتۇپ، قىزلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئولتۇرغان ئىدى. بىراق كەيپى كۆتۈرۈلگەنسېرى بەزىلىرى لاۋزىلاشقىلى تۇردى. بولۇپمۇ ساقلىق قىلىۋاتقان مۇسا ئاتلىق يىگىت ھەدەپ قىزلارنى ھاراق ئىچىشكە زورلاشقا باشلىدى. يەنە ئىككى - ئۈچەيلەن «ھە - ھۇ» دېيىشىپ بەردى. قىزلار رەت قىلاتتى، ئەمما مۇسا رودىپايدەك يېپىشىپ زورلايتتى، يالۋۇراتتى. تۆردە ئولتۇرغان قىز تەڭلىككە چىدىماي ئىچىۋەتتى، ئىككىنچىسىمۇ ئالدىنقىسىنىڭ زورى بىلەن ئىچىشكە مەجبۇر بولدى. قىزلارنىڭ ئۈچىنچىسى ئايگۈل ئىدى. نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلگەندە مۇسانىڭ تىلياغلىمىلىقلىرىمۇ، باشقىلارنىڭ «ھە - ھۇ» لىرىمۇ ۋە باشتىكى ئىككى قىزنىڭ دەۋەتلىرىمۇ كار قىلمىدى.

— سىزگە مۇشۇ ھاراقنى ئىچۈرمەيدىغان بولسام، ئوغۇلبالا بولماي كېتەي! — دېدى ئاخىرى يالۋۇرۇشلاردىن زېرىككەن مۇسا.

بۇ گەپ «ھە - ھۇ» چىلارغا بولۇپ بەردى:

— يارايسەن مۇسا!

— مۇسا، قەسەم ئىچتىڭ، يېنىۋالساڭ ئوغۇلبالا دېمەيمىز!

— مۇسا بوش كەلمەيدۇ، ئۆلۈككىمۇ ئىچرەلەيدۇ بۇ شەيتان! — دەپ چۇقۇراشتى ئۇلار.

بۇ خىل مەدەتلەردىن دىمىغى ئۆسۈپ كەتكەن چالا مەس مۇسا بىردىنلا ئايگۈلگە يېقىنلاشتى - دە، ياغ سالغان سۈيقاشتەك ھەجىيىپ تۇرۇپ:

— ئۆرگىلىپ كېتەي گۈزەل قىز، ھېچبولمىسا، مۇشۇ رومكىنى قولۇمدىن ئېلىپ، ئاشۇ جىنەستىدەك لېۋىڭىزگە بىر تەككۈزۈپلا قايتۇرۇپ بېرىڭ، قالغىنىنى ئۆزەم ئىچىپ، يۈرىكىمگە شىپالىق تاپاي! — دېدى.

ھە - ھۇچىلار ئۈنىنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك قىقاس سېلىپ كۈلۈشتى.

— ھاياسىز. بەدقىلىق! — ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن ئايگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — يولۇمنى بوشىتىڭ، چىقىپ كېتىمەن!

—يولۇمنى بوشات؟ ھا... ھا ... ھا!—دەپ تېلىقىپ كۈلدى مۇسا، ئاندىن بىردىنلا ئەلپازىنى بۇزدى، — چىرايلىق مەن دەپ ئۆزىڭىزنى نىمانچە چوڭ تۇتۇسىز؟ بىلىپ قويۇڭ، پېقىر ھاياسىز بولسىمۇ، ئۆزۈكنىڭ كۆزىدەك يىگىت. قېنى، مۇشۇ ھاراقنى ئىچمىگىنىڭىزنى بىر كۆرەي، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئايگۈلگە تېخىمۇ يېقىنلاشتى. باشقا قىزلارمۇ قىيا - چىيا قىلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. شۇ پەيت كۈتۈلمىگەن بىر ھادىسە يۈز بەردى. مۇسا بىر قولى بىلەن قىزنىڭ ئوڭ يەلكىسىنى كاپپىدە تۇتۇپ رومكا تۇتقان قولىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا يېقىنلاشتۇرۇشىغا «ۋاق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى - دە، مۇسانىڭ قولى پەسكە ساڭگىلىدى. رومكا

يەرگە چۈشۈپ چېقىلدى. ئۇ شارتتىدە ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئۆزىگە نەشتەردەك تىكىلىپ تۇرغان ئادىلنى كۆردى.

ـــ سەن،... سەن، ـــ مۇسا ئاچچىغىدىن دۇدۇقلاپ قالدى، ـــ نىمىشقا قولۇمغا ئۇرۇسەن؟ ئۇ سىېنىڭ ئىگىچە ـ سىڭىلىڭ ياكى ئاشناڭمىدى؟!

ـــ ئاغزىڭنى يىغ! ـــ ئادىل غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ، ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

ئايگۈل ئىېسەدىگەن پېتى ياتاقتىن چىقىپ كەتتى، باشقا قىزلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى...

چوڭ يولغا چىققىچە بولغان بىر نەچچە مىنۇت ئارىلىقتا ئادىل ئەنە شۇ ۋەقەنى ئەسلەپ ئۈلگۈرگەن ئىدى. قىسمەت بۈگۈن يەنە بىر قېتىم ئۇنى مۇشۇ قىز ئۈچۈن ھىمايىچى بولۇشقا تاللاپتۇ.

شۇ تاپتا ئادىلنىڭ ئايگۈل يولۇققان بۇ ھادىسىنىڭ سەۋەبىنى بەكمۇ بىلگۈسى بار ئىدى. بىراق ئۇنى خىجىل بولمىسۇن دەپ گەپ ئاچالمايۋاتاتتى، ئۇلار ئاخىرى چوڭ يولغا چىقىپ توختاشتى.

ـــ بۈگۈن نۆۋەتچى ئىدىم، ـــ دەپ سۆز باشلىدى ئايگۈل گويا ئادىلنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك، ـــ كەچتە ئىشتىن چۈشۈشۈمگە شەھەردىن تېلېفون كېلىپ، ئاپامنىڭ مىجەزىنىڭ يوقلىغىنى خەۋەر قىلدى. بېكەتكە بارسام ئاپتوۋۇز ئاللىقاچان توختاپ بولغان ئىكەن. ئاخىرى بىر ۋەلسىپىت تېپىپ يولغا چىقتىم. مۇشۇ يەرگە كېلىشىمگە ئالدىمنى بايىقىلار توساپ ئازگالغا سۆرەپ باردى، ـــ قىز بىردىنلا ئىېسەدەپ يىغلىۋەتتى، ـــ ھىلىمۇ سىزنى ماڭا خۇدا يەتكۈزگەندەك بولدى، ئەگەر سىز...

ـــ بولدى، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، يىغلىماڭ، ـــ دىدى ئادىل تەسەللى بېرىپ، ـــ كېلىڭ، ۋەلسىپىتنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرۇڭ، ئۆيىڭىزگە يەتكۈزۈپ قوياي.

ئايگۈل ئەمدى ۋەلسىپىتنى باشقۇرۇپ ماڭالمايدىغانلىغىنى چۈشىنىپ، ئادىلنىڭ تەكلىۋىگە ماقۇل بولدى.

ئادىل تۇرمۇشتا بايىقىدەك «ئوۋچى»لارنىڭ بارلىغىنى بۇرۇنمۇ ئاڭلىغان. ئۇ تۆھمەتخورلارنى قانچىلىك يامان كۆرسە، ئۆزلىرىنىڭ بىر نەچچە مىنۇتلۇق شەھۋانى نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى بىر ئۆمۈر ئازاپقا گىرىپتار قىلىدىغان مۇنداق «ئوۋچى»لارنىمۇ ئەڭ پەسكەش، رەزىل كىشىلەر دەپ ھىساپلايتتى. بەزىلەر شەخسنىڭ ھەرقانداق خاھىشىنىڭ قاندۇرۇلۇشىنى ـــ ئىنسان ھوقۇقىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزسىزلىگى، كامالەتكە يەتكەن ئەركىنلىك، دەپ بىلىشىدىكەن. ئەمما باشقا بىرونى مەجبۇرلاش بەدىلىگە كەلگەن ئاشۇ ئەركىنلىكنىڭ مەجبۇرلانغۇچىنى قانچىلىك قايغۇ ـ ھەسرەتكە مۇپتىلا قىلىدىغانلىغىنى ئاشۇ «ئىنسان ھوقۇقى» مەستانىلىرى چۈشىنەمدىغاندۇ؟ چۈشىنىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەقلىنى، تەپەككۇرىنى ئۆزەمچىلىكنىڭ لاۋا ـ لاتقىسى بۇلغىۋەتكەن! ئۇلارنىڭ لوغىتىدا پەقەت «مەن» ۋە «ئۆزەم» دىگەن سۆزلەرلا ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان!

ئايگۈل يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئادىلنىڭ بېلىدىن تۇتىۋالغان ئىدى. بۇ ھالدىن ئادىلنىڭ قەلبىنى ھوزۇرلاندۇرۇۋاتقان يېقىملىق تۇيغۇلار تېخىمۇ كۈۋەجەپ، يۈرىگىدىكى رەشىق ئوتى بىردىنلا ئۆرلىدى ـ دە، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

ـــ ھەي، بايىقى ھايۋانلارنىڭ بىردىنى بولسىمۇ تۇتىۋالماپتىمەن ـ دە، قىلمىشىغا تويغۇزۇش كېرەك ئىدى ئۇنى، ـــ دىدى ۋە ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى، ـــ سىز ئۇلارنىڭ بىرەر بەلگىسىنى ئەسلىيەلمەمسىز؟

ـــ بەك قاراڭغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاغزىغا ماسكا تارتىۋالغاندەك تۇرىدۇ، بىر ئىېغىزمۇ سۆز

قىلىشمىدى، — ئايگۈل ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى.

«بىزنىڭ ئىشچىلاردىنمىدۇ - يا؟» ئەلەم بىلەن ئويلىدى ئادىل.

— سىزدىن بىر ئۆتۈنۈشۈم بار، — دېدى ئايگۈل ئۇلار شەھەر ئىچىگە كىرگەندە، — بۈگۈنكى ئىش توغرىسىدا ھېچكىمگە تىنمىسىڭىز.

ئادىل ئۇنىڭ مەقسىدىنى چۈشەندى. ئادەتتە خوتۇن - قىزلار توغرىسىدىكى گەپ سۆزلەر ناھايىتى تېز تارقىلاتتى. بەزىلەر قىلدەك ئىشنى يىلدەك قىلىپ سۆزلىشەتتى. ئادىلغۇ ھەلىقى «ئۇۋچى»لارنىڭ رەزىل نىيەتلىرىگە ئېرىشەلمىگەنلىگىنى كۆردى، لېكىن، باشقىلار مەسىلىگە شۇنداق قارارمۇ؟ ئادىلمۇ 11 يىلدىن بېرى يىمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەۋاتامدۇ؟ ناۋادا ئايگۈلمۇ شۇنداق قورۇق تۆھمەتكە قالسا، بىر ئۆمۈر ئازاپلىنىشى تۇرغان گەپ.

ئادىل ئۇنىڭ تەلىۋىگە دەرھال ماقۇل بولدى.

ۋىجدانلىق قىزلار ئۈچۈن ھاياتىدىكى ھەر قانداق مۇۋەپپەقىيەتلەرمۇ ئىپپەت - نومۇسنى ساقلاشتىن ئارتۇق خوشاللىق بېغىشلىمىسا كېرەك. ئۇلار مۇشۇ جەھەتتە خەۋپ - خەتەرگە دۇچ كەلگەندە ياردەم قولىنى سوزغان كىشى ئۈچۈن لازىم بولىدىكەن ھەر قانداق قۇربان بېرىشتىن يانمايدۇ. ئايگۈلمۇ ئەنە شۇنداقلارنىڭ تىپىدىن ئىدى. ھېلىقى ۋەقەيۈز بېرىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ،ئۆز مۇھەببىتىنى ئادىلغا بېغىشلىدى. ئادىلنى ئايگۈلنىڭ ئاپىسى ۋە ئىنگىچە - سىڭىللىرىمۇ ياقتۇرۇپ قېلىشتى. ئايگۈلنىڭ دادىسى ئۆمرىنى ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئىشىغا بېغىشلىغان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى ئىكەن. بىراق «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى»نىڭ دەسلىۋىدىلا تۆھمەتكە ئۇچراپ، قىيىن - قىستاقلار ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئايگۈل بۇ ھەقتە كۆز يېشى قىلىپ سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، قەھرۇغەزەپ بىلەن:

— ئاشۇ قاتىللارنى چاپىناپ پۇركىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدا شۇنچىلىك تاش يۈرەك ئادەملەرنىڭ بارلىقىغا ھەيرانمەن. ئەمما ئۇلاردىن بەزىلىرى ھازىرمۇ گويا ھېچبىر يامان ئىش قىلمىغاندەك بىخارامان يۈرۈشۈۋاتىدۇ. ناھەق ئىشنىڭ ھامان سورىقى بولار، ئىنتىقام ئالىدىغان پۇرسەتمۇ كېلەر! — دېدى.

ئەسلىدە ئادىل ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى تەپسىلى سۆزلەپ بەرمەكچى ئىدى، بىراق بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ نىمىشقىدۇر بۇ نىيىتىدىن يالتىيىپ قالدى.

ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتتى. ئۆكتەبىر بايرىمىدا ئۇلار توي قىلماقچى ئىدى. بۇ بىر جۈپ ياش ئۆزلىرىنى چەكسىز بەختلىك ھىساپلايتتى، ئىستانسىدىكىلەرمۇ ئۇلارغا ھەۋەسلىنىشەتتى. ئادىلمۇ بۇ كەملەردە قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى ئۇنتۇپ، كەلگۈسى تۇرمۇشقا ئۈمىتۋارلىق بىلەن قاراشقا باشلىغان ئىدى. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇسكى، بۇنىڭدىن تۆت كۈن ئىلگىرى ئايگۈل بىر دوستىدىن ئۇنىڭغا كىچىككىنە بىر باغاق ئەۋەتىپتۇ. ئادىل ئۇنى ئوقۇۋېتىپ، گويا كاچكۆلگە چۈشۈپ كەتكەندەك شۈركىنىپ كەتتى، يۈرىگى سىقىراپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولدى. پۇت - قوللىرى بوشىشىپ چېكىسىنى تۇتقان پېتى لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. «بۇ ئىش توغرىسىدا نىمىشقىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئايگۈلگە سۆزلەپ بەرمىگەندىمەن، — دەپ ئەلەم بىلەن ئويلىدى ئۇ، — ئۆزەمدىن ئۆتتى، ئەخمەقلىق قىلدىم، قورقۇنچاقلىق قىلدىم، ئۇنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنمەسلىگىدىن قورقتۇم. ھەقىقەت ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن بىلىسىمۇ بولار دەپ ئويلاپتىمەن. لېكىن تۆھمەتخورلارنىڭ تېخىچە ياتمايدىغانلىغىنى چۈشەنمەپتىمەن. خەير، ھېلىمۇ كەچ ئەمەس، ھەسرەتتە چۈشۈپ ئولتۇرۇۋەرمەي، ئايگۈلنى تېپىپ، ھەقىقى ئەھـ

ۋالنى چۇشەندۇرەي ...»

بىراق، ئۇنىڭ ھەممە ئۇرۇنۇشلىرى بىكار بولۇپ چىقتى. ئايگۈل ھەتتا ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈشنىمۇ خالىمايدىغانلىغىنى بىلدۇردى.

ئادىل دەرت ـ ئەلەمدىن نىمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. ئاندىن ئىختىيارسىز ھالدا ئىستانسا دەرۋازىسىدىن چىقىپ نەگە بارىدىـ غانلىغىنىمۇ ئويلىماي، شەھەرگە ئېلىپ بارىدىغان يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى. «تۈگىدى، ھەممە ئىش تۈگىدى، — دەيتتى ئۇ بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى كېتىۋېتىپ، — بۇ ھاياتنىڭ ماڭا نىمە كېرىگى قالدى؟ كىمگە ۋە نىمىگە تارـ تىشىمەن دەپ ياشايمەن؟ تۇرمۇشتىن نىمە خوۋلۇق كۆردۈم؟ مەن ئۆمرىمنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ تۆھمەتتىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە تەقدىرىمگە تەن بېرىپ، بۇ ۋاپاسىز دۇنيادىن خوشلاشقىنىم تۈزۈك ئوخـ شايدۇ ...»

ئادىل ئۆزىنى يولدىن ئۆتۈۋاتقان ماشىـ نىلارنىڭ ئاستىغا تاشلاشنى ئويلىدى. لېكىن جان دىگەن ئەجەپ تاتلىق نەرسىكەن. ئۇ ھەر قېتىم شۇنداق قارارغا كېلىپ، كېلىۋاتقان ماشىنىلارنى كۈتۈپ تۇرغاندا، گويا ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىۋاتقاندەك چەكسىز ئاسمانغا، يىراقلارغا سوزۇلغان ۋادىلارغا نەزەر تاشلايتتى. سۈزۈك ئاسمان زۇمرەتتەك يالتىرايتتى. قۇياش گويا: «ئوغلۇم، مەن بارچە ئىنسانلار قاتارىدا سېنىمۇ ياخشى كۆرىمەن، ئىللىق نۇرۇم بىلەن قەلبىڭنى ئىسسىتىمەن» دىگەندەك مېھرىبانـ لىق بىلەن قارايتتى. ۋادىلار گويا: «ياشاش كېرەك. ھايات ئۇلۇغ، مەنىسىز ئۆلۈم ـ ئەخـ مەقلىق، ياشا، ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈر» دىگەنـ دەك شاۋقۇن سالاتتى. ئادىل يۈرىگى دۈپۈلـ دىگەن، پۇت ـ قوللىرى تىترىگەن ھالدا نەچچە ماشىنىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. قەلبىدىكى قارىمۇـ قارشى ھىسلار كۆزلىرىدىن ياش بولۇپ ئوخچۇپ

چىقتى. بىردىنلا قۇلاق تۈۋىدە: «داداڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماي ئۆلسەڭ، مەرھۇمنىڭ روھىغا يۈز كېلەلەمسەن؟» دىگەن سوراق ئاڭلانغانـ دەك بولدى. ئۇ، ئاخىرى ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ بىر پەس ئولتۇردى ـ دە، كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ شەھەر تەرەپكە مېڭىپ كەتتى. شەھەرگە كىرىپ ئۇتتۇر قاۋاقخانىغا باردى ـ دە، تويغىچە ھاراق ئىچتى. گويا مۇشۇ رەڭسىز سۇيۇقلۇق قەلبىدىكى پۈتۈن داغلارنى يۇيۇپ تاشلايدىغاندەك ئارقا ـ ئارقىدىن ئىچىـ ۋەردى ...

ئادىل ئەتىسى ئۆزىنى مۇخبىرنىڭ ئۆـ يىدە كۆرۈپ، دەسلەپتە ھەيران بولدى، كېيىن ئەھۋالنى چۈشىنىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ كىچىك كىنە خەت يېزىپ قالدۇردى ـ دە، ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇل قاتناش بېكىتىگە باردى. ئۇ ئۆز يۇرتىغا بارماقچى، سايىملاردىن ئىنتىقام ئالماقچى ئىدى. ئەمما بېلەت ساتىدىغان تۆشۈكنىڭ يېنىغا بېرىپ، يەنە توختاپ قالدى. ئېھتىمال، ئۇنىڭ «قاتىللىغى» ھەققىدىكى گەپ سۆزلەر بۇ كەمگىچە ئىستانسىغا تارقىلىپ ئۇلـ گۈرگەندۇر. مۇشۇ پېتى يوقاپ كەتسە كىشىلەر «راست ئىكەن، قېچىپتۇ» دىمەسمۇ؟ ياق، ئۇ ئىستانسىغا بارىدۇ، يۇرتۇمغا بارىمەن دەپ تەشكىلدىن رۇخسەت ئالىدۇ.

بىراق، ئىستانسىدا شۇجىمۇ، سىيىت ئاكىمۇ يوق بولۇپ چىقتى، ئىككىسى ئىككى يىغىنغا كېتىپتۇ. ئادىل ئامالسىز ئۇلارنى كۈتمەكچى بولدى. ئۇ سېخقا كىرگەندە يىگىتلەر ئۇنى گويا ئۇزۇن يىللىق ئايرىلىشتىن كېيىن كۆـ رۈشكەندەك كۈتۈۋالدى. قىزغىن ئەھۋال سوـ راشتى، ھەتتا بەزىلىرى ئادەت بويىچە مۈرـ لىرىگە ئۇرۇپ قويۇشتى. ئادىل ئۇلارنىڭ ھىلىقى ئىشتىن خەۋەر تاپقان ـ تاپمىغانلىغىنى دەماللىققا ئاڭقىرالماي سوئاللىرىغا مۇجمەل جاۋاپ بەردى ـ دە، ئۆز ئىشىغا تۇتۇندى.

ئاردىن بىر كۈن ئۆتتى. سىيىت ئاكا ئەتىسى
چۈشتىن كېيىن ئىستانسىغا قايتقاندا، ئادىل
ئۇنىڭغا رۇخسەت سوراش خېتىنى تۇتقۇزدى.
رۇخسەتنى ئالدى، مانا ماشىنا بېلىتى ۋە سوغا-
سالاملارنىمۇ سېتىۋالدى. ئۇ يۇرتىغا بېرىپ،
دادىسىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈنمۇ، ئۆزىنىڭ 12 -
يىلدىن بېرى تارتىۋاتقان دەرت - ئەلەملىرى
ئۈچۈنمۇ بىر يولى ئىنتىقام ئالماقچى. ئۇ
ئاڭلىدى: سايىم ھىلىمۇ ئۆز مەنسىۋىدە
تۇرۇۋاتقانمىش. شۇڭا ئېھتىمال، ئىنتىقام ئېلىش
ئوڭايغا چۈشمەس، ئەمما ئۇ شۇنىمۇ بىلىدىكى،
ھازىر زامان بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ. سايىملار-
نىڭ مەركەزدىكى باش پانالىرىنىڭ گۇمران
قىلىنغىنىغا ئىككى يىلغا يېقىن بولدى. تۆۋەن-
دىكىلىرىنىڭمۇ قۇيرۇغىنى قۇم بېسىۋاتىدۇ.
شۇڭا يۇرتىدا ئادىل ئۈچۈن ياقا يىرتىدىغان-
لارمۇ تېپىلار. ئادىل ئىنتىقام ئالالايدىغان-
لىقىغا چوقۇم ئىشىنىدۇ!...

ئادىلنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە
گۈگۈم چۈشۈپ، باغچىدا ئاخىرقى سەيلىچى-
لەرلا قالغان ئىدى. ئۇ سەل يېنىكلەشكەندەك
ئورنىدىن تۇردى - دە، ئارقا ئىشىك تەرەپكە
قاراپ ماڭدى.

2

ئادىل باغچىنىڭ چېتى بىلەن مېڭىپ،
ئىشىككە 100 قەدەمچە قالغاندا تار يولدا
قوسىقىنى تۇتۇپ ئىڭراپ ياتقان 12 - 13
ياشلاردىكى بىر بالىغا دۇچ كەلدى. ئۇ سوم-
كىنى قويۇپ، دەرھال بالىنى يۆلىدى. بالىنىڭ
چىرايى تاتىرىپ، ئاغرىق دەردىدىن
پۇرۇشۇپ كەتكەن لەۋلىرى كۆكىرىپ، گەز
باغلىغان ئىدى. بالا قوسىقىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى
قوش قوللاپ تۇتۇپ ھەدەپ ۋايجانلايتتى.

— قوسىقىم قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ، — دې-
دى بالا قىينىلىپ سۆزلەپ.

— ئۆيۈڭ نەدە؟

— بۇ شەھەرگە مۇساپىرمەن ئاكا،
ھېچكىمىم يوق.

ئادىل ئىككى سومكىنى سول بىلىكىگە
ئۆتكۈزۈپ، بالىنى ئوڭ قولى بىلەن قۇ-
چاقلاپ كۆتەردى. مېڭىش قىيىن ئىدى،
قېرىشقاندەك ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.
ئۇ، ئارقا دەرۋازىغىچە بولغان ئارىلىقنى تەس-
تە بېسىپ بولدى - دە، بالىنى ئاۋايلاپ يەردە
قويۇپ، دەرۋازىۋەن بوۋاينىڭ يېنىغا باردى.
دۇنيادا يەنىلا ياخشى ئادەملەر كۆپ ئىكەن.
بوۋاي بالىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، ئادىلنىڭ
سومكىلىرىنى ساقلاپ بېرىشكە دەرھال ماقۇل
بولدى. ھەتتا قول ھارۋىسىنىمۇ بېرىپ، ئۇس-
تىگە كونا ئەدىيال سېلىپ بەردى. ئادىل
بالىنى ھارۋىغا ياتقۇزۇپ، دوختۇرخانىغا
قاراپ ئۇچقاندەك ھەيدەپ كەتتى.

بالا ئۆتكۈر سوقۇرئۈچەي كېسىلىگە
مۇپتىلا بولغان ئىكەن، دوختۇرلار دەرھال
ئوپېراتسىيە قىلىش لازىملىقىنى ئۇقتۇردى.
لېكىن بالا ئىنتايىن ئورۇق، بەدىنى ئۆلۈك-
تەك قانسىز ئىدى. پېشقەدەم ۋىراچ كۆز-
ئەينەك ئاستىدىن ئادىلغا ھومىيىپ قارى-
دى - دە، ھېچبىر يۈز خاتىرە قىلماستىن:

— تۇرقىڭىزدىن قارىغاندا، خېلى ھال-
لىق كۆرۈنىسىز، ئەمما ئىنىڭىزغا كەلگەندە
تولىمۇ پەخسىلىق قىلىدىغان ئوخشايسىز -
ھە، يىگىت، — دېدى توڭلۇق بىلەن، — مۇنداق
ئەرۋاھتەك بالىغا قان بەرمىسەك بولمايدۇ.
قان پۇلىنىمۇ تۆلەشكە ھازىرلىنىڭ!

ئۇشتۇمتۇت «ۋاپاسىز ئاكا» غا ئايلى-
نىپ، دەككىسىنى يېگەن ئادىل دوختۇرغا
چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنى لايىق كۆرمەي،
ھەر قانداق چىقىمنى تۆلەشكە تەييار ئىكەن-
لىكىنى بىلدۈردى.

شۇ ئاخشىملا بالا ئوپېراتسىيە قىلىن-
دى. ئۇنى ئوپېراتسىيىگە ئەكىرىپ كەتكەندە
ئادىل ھارۋىنى ئىگىسىگە ئاپىرىپ بېرىپ،

Altunoq

سومكىلىرىنى قايتۇرۇپ كەلگەن ئىدى.

— بالا ساقايغىچە بىر كىشى كېچە-كۈندۈز مۇشۇ يەردە تۇرۇشى لازىم، — دېدى ھېلىقى توڭ قاپاق ۋىراچ، — ھوي، بۇ يوغان سومكىلىرىڭىز نېمىسى؟ ياتاقنىڭ تارلىقى يەتمىگەندەك بۇ نەرسىلىرىڭىزنى نېمىشقا سۆرەپ كەلدىڭىز؟ ياكى دوختۇرخانىدا سودىگەرچىلىك قىلاي دەمسىز؟

ئادىل نېمە دېيىشىنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدى. بۇ چاغدا ئاغرىق ئازاۋىدىن قۇتۇلغان بالا شىرىن ئۇيقىغا كەتكەن ئىدى. ئادىل ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ ئاندىن پەس ئاۋازدا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، بالىنى قانداق ئەھۋالدا ئۇچراتقانلىقىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

— مۇنداق دەڭ؟ — دېدى دوختۇر بىردىنلا مۇلايىملىشىپ، — ئەپۇ قىلىڭ، بايا سىزنى بىكار ئەيىبلەپتىمەن، — ئاندىن ئۇ سەل ئويلىنىۋالدى، — مۇنداق قىلايلى، سىز سەپەردىن قالماڭ، بالىغا سېستىرالار قارىسۇن.

— ھېممىتىڭىزگە رەھمەت دوختۇر، بالا بۇ شەھەرگە مۇساپىركەن، باشقا ھېچكىمى يوقكەن، — دېدى ئادىل ئىچ ئاغرىتقان ھالدا، — گەپ-سۆزلىرىدىن قارىغاندا، مەن بىلەن بىر يۇرتلۇقتەك قىلىدۇ. مەيلى ساقايغىچە ئۆزەم قاراي، بىللە ئېلىپ كېتىپ، ئاتا-ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرەرمەن.

— ئۇنداقتا، ماشىنا بېلىتىڭىز ...

— ئەتە سەھەر بېرىپ قايتۇرۇۋېتىمەن.

باشتا قاپىقى يامانىدەك كۆرۈنگەن دوختۇر ناھايىتى كۆڭلى يۇمشاق ئادەم بولۇپ چىقتى.

— قەلبىڭىز ئالتۇندەك ساپ ئىكەن، — دېدى ئۇ بىردىنلا ئادىلنىڭ ئىككى يەلكىسىنى تۇتۇپ، — راستىنى ئېيتسام، ھازىرقى ياشلارغا سەل قوساق كۆپكىنىم بار ئىدى، سىزنىمۇ شۇلارغا ئوخشىتىپتىمەن، ئەپۇ قىلىڭ مېنى، — دوختۇر كۆزئەينىكىنى تۈزگەن بولۇپ، كىرپىكلىرىنى سۈرتىۋالدى، ئەتراپتا تۇرغان سېستىرالارمۇ ۋە ياتاقتىكى باشقا كېسەللەرمۇ تەسىرلەنگىنىدىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى.

— پاتىمە، — دېدى دوختۇر سېستىرالاردىن بىرىگە، — بۇ يىگىتنىڭ ... ھە راست ئىسمىڭىز نېمىدى، ھە، ئادىلنىڭ سومكىلىرىنى ئىسكىلاتتا ساقلاپ بېرىڭ، ئاندىن بۇ يەرگە يىغما كارۋاتتىن بىرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورۇن-كۆرپە سېلىپ بېرىڭ.

بالا شۇ ئۇخلىغانچە ئەتىسى تاماق ۋاقتىدا ئويغاندى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۆز بېشىدا تۇرغان ئادىلنى تونۇپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى. ئادىل ئۇنىڭ تەرىتىگە قاچا تۇتتى، ئاندىن ھۆل لۆڭگە بىلەن يۈزلىرىنى سۈرتتى، ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرىنى تاراپ قويدى، كېيىن تاماق ئەكىرىپ يېگۈزدى.

ئۇ كېچىكىپ قالغانلىقى توغرىسىدا ئىستانسىغا خەۋەر قىلىشنى خالىمىدى. دوختۇرغا ئۆز ئەھۋالىنى بىلدۈرگەندىمۇ ئالدىراشچىلىقتا قەيەردە ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتمىغان ئىدى، كېيىن ئۇلارمۇ سۈرۈشتۈرمىدى. شۇنداق قىلىپ، شۇ كۈنلەردە ئادىلنىڭ ئىز-دېرىكىنى تەرەپ-تەرەپتىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرگەن ئىستانسا رەھبەرلىرىمۇ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەرسىز قېلىۋەردى.

ئادىل بىلەن بالا (ئۇنىڭ ئىسمى مۇرات ئىكەن) بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئادىل ئۇنى ئۆزىدەك مۇساپىر بولغانلىقى، دەرت-ئەلەم چەككەنلىكى ئۈچۈن ھېسداشلىق قىلاتتى. ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا مۇرات دەپ ئىسىم قويغان بولسىمۇ، بىچارە بالا ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپلا

سەرسانلىق تۇرمۇشقا مۇپتىلا بوپتۇ. بۇلارنى ئويلىغاندا ئادىلنىڭ بالىسىنى مۇشۇنداق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان مۇراتنىڭ ئاتا-ئانىسىغا غەزىۋى قايىنايتتى. بۇ تاش يۈرەك كىشىلەرنىڭ كىملىگىنى، ھازىر ھاياتمۇ، يوقلىغىنى ۋە مۇراتنىڭ نىمە ئۈچۈن مۇنداق كۈنگە قالغانلىغىنى سوراپ بىلگۈسى كېلەتتى. بىراق، كىم بىلىدۇ، ئېھتىمال، بۇ ئىشلارنى كوچىلاش بۇ سەبىي بالىنىڭ قەلبىنى ئازاپلامدۇ تېخى. ياخشىسى، ئۇ سەللىمازا ساقايسۇن، ئاندىن سۈرۈشتۈرسىمۇ ئۈلگۈرۈدۇ.

مۇرات بولسا، بۇ ناتونۇش يىگىتنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىغى ئۈچۈن ئۇنى ئۆز ئاكىسىدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئوپېراتسىيىدىن كېيىنكى ئىككىنچى كۈنى ئۆز ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولىۋىدى، لېكىن ئادىل:

— ھازىرچە تېچ ئارام ئال، بۇ ھەقتە كېيىن سۆزلىشىمىز، مەن قاچان سورىسام، شۇ چاغدا ئېيتىپ بېرىسەن، — دەپ توسۇپ قويدى.

ھەپتىدىن كېيىن مۇراتنىڭ سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە كەلدى. چىرايى يەنىلا سەل ياداڭغۇ كۆرۈنسىمۇ، لېكىن سۇزۇك ئالمىدەك پاقىراپ تۇراتتى، كۆزلىرىدىن شوخ ئۇچقۇنلار چاقنايتتى، چېچى پاك-پاكىزە چۈشۈرۈلگەن ئىدى. ئەمدى ئۇ سىرتقا بىمالال چىقىپ كىرەلەيتتى. دوختۇر ئۇنىڭ ئەتە بالنىتسىدىن چىقسا بولىدىغانلىغىنى خەۋەر قىلدى. شۇ كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئادىل ئۇنى بالنىتسىنىڭ ئالدىدىكى دەرەخزارلىققا باشلاپ باردى-دە، ئۇزۇن ئورۇندۇقتا يانمۇ-يان ئولتۇرۇشتى.

— قېنى مۇرات، ئەمدى سۆزلەپ بەر، ئۆزەڭ نەلىك؟ ئاتا-ئاناڭ كىملەر؟ بۇ شەھەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟ توختا، ئالدىرىما، بىر شەرت بار، ئازراقمۇ يالغاننى ئارىلاشتۇرما، ئالدىساڭ خاپا بولىمەن-ھە!

— سىزنى ئالدىسام كۆزۈم كور بولسۇن، ئادىل ئاكا، — دىدى مۇرات ھاياجان بىلەن، ئاندىن ئۆزىنىڭ نەلىك ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ بولۇپ، تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەردى، — دادامنىڭ ئىسمى سايىم، كىشىلەر ئۇنى ساجۇرىن دىيىشەتتى، — بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئادىلنىڭ بەدىنى «شۈر» قىلىپ كەتتى، — ئانامنىڭ ئىسمى گۈلنىساخان ئىدى. ئۈچ يىل بۇرۇن دادام بىلەن ئانام ئاجرىشىپ كەتتى. مەن بىرلا بالا ئىدىم. ئانام مېنى ئۆزى ئېلىپ قالماقچى ئىدى، لېكىن دادام بەرمىدى. ئانام يىغلاپ يېزىدىكى ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، دادام خۇرشىدە دىگەن بىر خوتۇن بىلەن توي قىلدى. ئۇ ئارتىستلىك قىلاتتى. مەن دادامنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن ئۇنى «خۇرشىدەم ئاپا» دىدىم، لېكىن ئۇ: «ئاپا دىگۈچى بولما، ھەدە دىگىن» دەپ كايىدى. «ھەدە» دىگىنى «ئاچا» دىگەن گەپكەن. بىزنىڭ يۇرتتا ھەممەيلەن ئاچا دەيدۇ، مەنمۇ ئاچا دىسەم، خۇرشىدە: «نىمىشقا ھەدە دىمەيسەن؟ يەنە ئاچا دەيدىغان بولساڭ، قۇلىغىڭنى يۇلۇۋالىمەن» دەپ قورقۇتتى. ماڭا نىمىدى، ھەدە دەۋەردىم. دادام تولا چاغلاردا يېزىلارغا كېتەتتى. مۇنداق چاغلاردا خۇرشىدەم ھەدەم مېنى «شور پېشانىلىغىڭدىن مۇشۇ كۈنگە قالدىڭ، يېتىم ئوغلاق» دەپ تىللايتتى. بەزىدە قولغىمدىن يۇلاتتى، بەزىدە تەستەك بىلەن ئۇراتتى. ئاندىن يەنە: «داداڭغا دەيدىغان بولساڭ، تامىغىڭغا يىڭنە سېلىپ بېرىپ ئولتۇرۇۋېتىمەن» دەپ قورقىتاتتى. قورقۇپ دادامغا دىمەيتتىم. داداممۇ ھالىمنى سورىمايتتى. تېخى «يۇۋاش بول، ھەدەڭنى خاپا قىلما» دەيتتى. مەريەمخان دىگەن بىر خوش-

مىسىز بار ئىدى، ئۇ بۇرۇن ئانام بىلەن يېقىن ئۆتۈپتىكەن، بىر كۈنى مېنى ئۆيىگە چاقىرىپ، بېشىمنى سىلاپ تاماق بەردى، ئاندىن دادامنىڭ مۇشۇ خۇرشىدە ھەدەمگە بۇزۇلۇپ، ئانامنى ھەيدىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇرشىدەم ھەدەمگە تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ قالدىم. ئۇ بۇ دۇنيادا بولمىغان بولسا، دادام بىلەن ئانامنى ئاجراشمايدىكەن، مەنمۇ مۇنداق يامان كۈنگە قالماسكەنمەن دەپ ئويلۇدۇم ۋە خۇدايىمدىن دادامنىڭ بۇ يامان خوتۇننى ھەيدىۋېتىپ، ئۆيگە يەنە ئانامنى ئەكىلىۋېلىشىنى تىلىدىم. ئەمما دادام ئۇنداق قىلمىدى، بارا - بارا بۇ خوتۇن مېنى دادامنىڭ ئالدىدىمۇ تىللايدىغان، ئۇرۇدىغان بولدى. شۇنداق چاغلاردا مەن دادامدىن پانا تىلەپ، ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارايتتىم، لېكىن دادام يەنىلا ماڭا ئاچچىقلاپ: «مەن ساڭا يۇۋاش بول دىمىدىممۇ، يامانلىق قىلساڭ، مۇشۇنداق كۈنگە قالىسەن» دەيتتى. بىر قېتىم تېخى خۇرشىدەم ھەدەمگە بولۇشۇپ ئىڭىگىمگە ئىككى تەستەك ئۇردى، — مۇرات سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئادىلمۇ ئىنتايىن ھاياجانلانغان ئىدى.

— سەۋىر قىل ئۇكام، — دېدى ئۇ قولياغلىقىنى مۇراتقا ئۇزىتىپ.

ئاسماندا تولۇنئاي لەرزان ئۈزەتتى. سالقىن شامال يۈزلەرنى سۆيۈپ ئۆتەتتى. شەھەرنىڭ كەچلىك مەزگىلى كوچىدىن ئۆتۈۋاتقان خىلمۇ - خىل ماشىنىلارنىڭ سىگناللىرى بىلەن جانلانغان ئىدى. مۇرات سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئانامنى بەك كۆرگۈم بار ئىدى، يېزىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزەمنى ئېتىپ قانغىچە يىغلىۋېلىشنى، «دادام بىلەن ئوبدان ئۆتكەن بولساڭ، مەنمۇ مۇشۇ كۈنگە قالماستىم» دەپ دەرت تۆكۈشنى ئويلايتتىم. ئەمما دادام بۇرۇنلا: «ئەگەر بۇندىن كېيىن ئاناڭ بىلەن كۆرۈشىدىغان بولساڭ، قولىڭنى كېسىپ، كۆزۈڭنى ئويىۋالىمەن» دىگەنلىكى ئۈچۈن، ئانامنى ئىزلەپ بېرىشتىن قورقاتتىم. كېچىلىرى بېشىمنى يوتقان ئىچىگە تىقىۋېلىپ، ئۇزاققىچە يىغلايتتىم. بىر يىلدىن كېيىن مەريەمخان ئاچام ئانامنىڭ بىر شوپۇر بىلەن توي قىلىپ، ئۈرۈمچىگە كەتكەنلىكىنى، تاغامنىڭ بۇ ئىشقا بەك ئاچچىغى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. 6 –7 ئايدىن بېرى دادام بىلەن خۇرشىدەم ھەدەمنىڭ ئاچچىغى تېخىمۇ يامان بولۇپ كەتتى. بەزىدە ئىككىسىمۇ ئۇرۇشۇپ كېتەتتى. بىر كۈنى خۇرشىدەم ھەدەم دادامنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ:

— خېتىمنى بەر، سەندىن ۋاقتىدا ئايرىلمىسام، مېنىمۇ نەس باسىدۇ، — دىدى.

لېكىن دادام:

— راھەتنى تەڭ كۆردۇقمۇ، دەرتىنىمۇ تەڭ تارتىمىز! — دەپ ئۇنىڭ خېتىنى بەرگىلى ئۇنىمىدى. ئۇ چاغدا دادامنى قانداق نەس باسىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەي، ھەيران بولغان ئىدىم. بۇندىن ئۈچ ئاي بۇرۇن دادامنى ساقچىلار تۈرمىگە سولىغاندا ئاندىن بىلدىم: ئۇ ئىنقىلاپتا ناھىيىنىڭ بۇرۇنقى ھاكىمىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتىكەن ... ئادىل ئاكا زېرىكىپ قالدىڭىزمۇ؟

ئادىل گويا ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمىغاندەك دەماللىققا جاۋاپ بەرمىدى.

— ئادىل ئاكا سىزگە نېمە بولدى؟ ئاخىرىنى سۆزلىمەيمۇ يا؟

— ھە، نېمە دېدىڭ؟ — دېدى ئادىل گويا ئۇيقىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك مەڭدەپ، ئاندىن سەل تۇرۇۋېلىپ جاۋاپ بەردى، —

ھېچنېمە بولمىدى، كۆزۈمگە كومۇتە كىرىۋېلىپ ياش چىقىرىۋەتتى، قېنى، سۆزلەۋەر گىن.

— كومۇت دىگەن يامان نېمە، بىزنىڭ يۇرتىمىزنى جىق، كۆزنى بەك ئاغرىتىدۇ، پۇۋلىسە ساقىيىدۇ، ئەكىلگىن، پۇلەپ قوياي.

— ياق، چىقىپ كەتتى، ئاغرىغىنى بېسىقتى، قېنى داۋام قىل.

مۇرات يەنە بىردەم كومۇتنىڭ يامانلىغى ھەققىدە شىكايەت قىلغاندىن كېيىن ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

—ھۆكۈمەت دادامغا 15 يىللىق جازا كېسىپتۇ. دادام يەنە ھۆكۈمەتنىڭ كۆپ پۇلىنى خەجلىۋاپتىكەن، ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ بىر مۇنچىسىنى شۇنىڭغا ھىساپلاپ ئېچىكەتتى. خۇرشىدەم ھەدەم ئەرىز قىلىپ، دادامدىن ئاجراشتى ۋە ئۆيدىكى قالغان نەرسىلەرنى سېنئەتتىكى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ھۆكۈمەت مېنى يېتىم بالىلارنى باقىدىغان يەرگە ئاپىرىپ قويغانتى، ئەمما باشقا بالىلار: «سەن بۇزۇقنىڭ بالىسى» دەپ تىللاۋەرگەچكە، ئۇ يەردىن قېچىپ كەتتىم. دادامنىڭ بىزنىڭ يۇرتتا ھېچقانداق تۇققىنى يوق ئىدى. شۇڭا يېزىدىكى تاغامنىڭ ئۆيىگە باردىم. تاغام: «ئاناڭ ياخشى ئايال ئىدى، ئەمما يېزىنىڭ ئېغىر تۇرمۇشىغا كۆنەلمەي، ئوغۇت ئەكەلگەن شوپۇر بىلەن پۈتۈشۈپ يىراققا كېتىۋالدى. خۇدايىم ئېغىر كۈنگە قويمىسۇن بىچارىنى» دىدى. ئۇلار ماڭا ياخشى قارىدى. ئەمما تاغامنىڭ بالىلىرى كۆپ، ئۆزىمۇ ئاغرىقچانىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە 15 كۈن تۇرۇپ بىر قېتىممۇ تويغىدەك تاماق يېمىدىم. ئانامنى بەك كۆرگۈم بار ئىدى. شۇڭا: «ئانامنى تاپاي» دەپ شۇ كېچىسى تاغامغا ئۇقتۇرمايلا شەھەرگە باردىم. دادام قولغان ئېلىنغاندا بىر سائىتى ئۆيدە قاپتىكەن، ئۇنى خۇرشىدەم ھەدەمگە كۆرسەتمەي تىقىۋالغا ئىدىم. شۇنى شەھەردە بىر كىشىگە 20 كويغا ساتتىم. قارىسام، ئاشپەزخانىنىڭ يېنىدا ئۈستى يېپىلغان بىر ماشىنا تۇرۇدۇ. خەقلەردىن سورىسام، مۇشۇ شەھەرگە بارىدىكەن. بازاردىن 5 گىردە ئېلىپ قويىنۇمغا تىقتىم، ئاندىن ھېلىقى ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ، پەم بىلەن يامىشىپ ئىچىگە كىرىۋالدىم. بىردەمدىن كېيىن شوپۇر ماشىنىنى ھەيدەپ ماڭدى. ئىككى كۈنگىچە كېچە - كۈندۈز ماشىنىدىن چۈشمىدىم. شوپۇرمۇ سەزمىدى. ئۈچىنچى كۈنى نېنىم تۈگەپ قوساق ئاچلىقىغا چىدالمىدىم. شۇڭا شوپۇر بىر يەردە توختاپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتكەندە، ئاستا سىيرىلىپ ماشىنىدىن چۈشتۈم، لېكىن شوپۇر مېنى كۆرۈپ قاپتۇ، يەرگە چۈشۈشۈمگە تۇتۇۋالدى. مەن يىغلاپ تۇرۇپ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ رەھىمدىل ئادەمكەن، قوسىقىمنى تويغۇزدى، ئاندىن يېنىدا ئولتۇغۇزۇپ، مۇشۇ شەھەرگە ئەكېلىپ قويدى. ئۇ يۈكىنى يەنە باشقا شەھەرگە ئاپىرىدىكەن. شۇڭا: «ئاناڭنى تېپىشىپ بېرەلمىدىم، خاپا بولما» دەپ ماڭا ئون كوي پۇل بەردى. 20 كۈنگىچە ئانامنى ئىزلەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى، ئەمما، ئانامنى تاپالمىدىم. كېچىلىرى ھېلىقى سىز مېنى ئۇچراتقان باغدا ئۇخلىدىم. 21 - كۈنى بىر يەردىن ئانامنىڭ خەۋىرىنى ئالدىم. ئۇنى ئەكەلگەن شوپۇر ئالتە ئاي بۇرۇن قولغا ئېلىنىپ كېتىپتۇ. شۇندىن كېيىن ئانامنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلىدىم. مېنى ئېلىپ كەلگەن شوپۇرنى تاپسام، يۇرتۇمغا ئاپىرىپ قويارمىكىن دەپ، تۆت كۈندىن بۇيان ئۇنى ئىزلىدىم، لېكىن تېپىلمىدى.

ئاخىرى ھېلىقى باغچىدا قوشقىنى ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا سىزگە ئۇچرىدىم. ئادىل ئاكا، بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇ، بىر ئېغىزمۇ يالغان گەپ قوشمىدىم.

مۇرات ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھېكايىسىنى توگەتكەندە ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى. لېكىن ئادىل گويا ھازىرمۇ ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاۋاتقاندەك جىمجىت ئولتۇرۇشنى داۋام قىلىۋەردى. ئارىنى خېلىغىچە جىمجىتلىق باستى. ئادىل ئاخىرى ئۇلۇق - كىچىك تىندى - دە:

— ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئەمدى ئۇخلايلى، — دەپ ئورنىدىن تۇردى.

مۇرات ئادىلنىڭ بىر نەرسە دېيىشىنى كۈتكەن ئىدى، بىراق ئۇنىڭ غەمكىن كەيپىياتىنى كۆرۈپ، سەل تەئەججۈپلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ياتاققا كىردى.

— سەن ئۇخلاۋەر، — دېدى ئادىل مۇرات ئورنىغا ياتقاندىن كېيىن، — مېنىڭ سەل بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، ئازراق ئايلىنىپ كىرەي.

مۇرات «ماقۇل» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى. ئادىل يەنە بايىقى يەرگە چىقىپ، يېڭىۋاشتىن ئولتۇردى. ئاسمان زۇمرەتتەك سۈزۈك، تولۇنئاي ئاستا ئۈزەتتى، سالقىن شامال يۇزلەرنى سىيپاپ ئۆتۈپ، كىشىگە ئارام بېرەتتى. كوچىدا ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارمۇ ئازايغان، ئادەمنى تەگسىز خىياللارغا باشلايدىغان جىمجىت ئايدىڭ كېچە.

ئادىل تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، قاتتىق شورىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىياللىرىمۇ خۇددى ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئاشۇ ھالقا ئىسلارغا ئوخشاش چېكىش ئىدى.

ئادىل ئۆلۈمنىڭ مۇدھىش چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان بالا — ئەڭ ئەشەددىي رەقىبىنىڭ ئوغلى بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ دادىسى، ئادىلنىڭ دادىسىنى يەتتە كېچە ئازاپلاپ ئۆلتۈرگەن. سۆزىنىمۇ ئاۋال ئالدىغان، كېيىن تۆھمەت چاپلاپ، بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك دەرت - ئەلەمگە مۇپتىلا قىلغان، مۇھەببەت ۋىسالىدىن، ئائىلە شاتلىقىدىن، ئاتا بولۇشتىن، قىسقىسى ھاياتنىڭ ھەممە خۇشاللىقلىرىدىن مەھرۇم قىلغان. شۇڭا ئادىل ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالماقچى ئىدى. ئۇ، بۇ نىيەتكە كەلگەندە، سايىمنىڭ بالا - چاقىلىرىنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن ھېساپلىشىپمۇ ئولتۇرمىغان. «بىروغا قىلغان يامانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن ھەققانىي جازانىڭ تەمىنى ئۇلارمۇ تېتىپ كۆرمەمدۇ» دەپ قولىنى شىلتىغان. بىراق، ھازىر بولسا ئەنە شۇنداقلاردىن بىرىنى ئەكسىچە ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قاپتۇ. تەقدىر دېگەن ئاجايىپ نەرسىكەن - دە. بەزىلەر ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىگە بىر ئۆمۈر تىرىشىپمۇ ئېرىشەلمەيدىكەن، بەزىلەر بولسا، ھېچقاچان ئويلاپمۇ باقمىغان نەرسىلەرگە دۇچ كېلىدىكەن. قايسى بىر دانىشمەن: «ھايات — ھادىسىلەرگە باي» دەپ زەپمۇ توغرا ئېيتقان ئىكەن - دە. ئادىل ئۈچۈن ئەمدى سايىمنىڭ بالىسىنى قۇتقۇزۇش قالغانمىدى؟ ئىككى رەقىبنىڭ بالىلىرىنى بىر يولدا ئۇچراشتۇرۇپ، بىر - بىرىگە غەمخورلۇق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان تەقدىرنىڭ كارامىتىنى كۆرۈڭ ... ناۋادا ئادىل مۇراتنى باغچىدا ئۇچراتقاندىلا ئۇنىڭ سايىمنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلەرمىدى؟ ... ھەي تاڭەي ... ياق، ئېلىپ كېلەتتى، چوقۇم ئېلىپ كېلەتتى. ئاخىر، ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغىنى بۇ بالا ئەمەسقۇ! ئۇنداق بولسا، بۈگۈن مۇراتنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ نىمىشقا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى؟ نىمىشقا بۇ بىچارە بالىنىڭ بېشىغا كەلگەن شۇنچە كۈلپەتلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا بىر ئېغىز تەسەللى بېرەلمى-

دى؟ ...

ئادىل بۇ سوئاللارغا دەماللىققا جاۋاپ تاپالماي، ھەيدۇقۇپ قالدى. جاۋاپ تاپالمىغانسېرى ۋىجدانى ئازاپلىنىپ، يۈزى ئوت ئالغاندەك قىزىدى، ئالدىراپ - تېنەپ يەنە تاماكا تۇتاشتۇردى.

شۇنداق، ئۇ مۇراتنى قۇتقۇزۇپ خاتا قىلمىدى. بۇ ھەقتە يەنە باش قاتۇرماسلىق كېرەك. خوش، بۇندىن كېيىنچۇ؟ مۇراتقا داۋاملىق غەمخورلۇق قىلىش كېرەكمۇ؟ ھازىر ئۇنىڭ دادىسى تۈرمىدە، ئانىسىنىڭ نەدە ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. سوغاق قىش يېقىنلاپ كەلمەكتە. ئادىل تەقدىرنىڭ ئۇنىڭغا يۈكلىگەن ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ مۇراتقا داۋاملىق ئىگىدارچىلىق قىلالامدۇ؟ ... سايىم ھەققانىي جازاغا تارتىلىپتۇ. ئادىلنىڭ ئىنتىقامىنى خەلق ئېلىپ بېرىپتۇ. ئادىل ئۈچۈن ئەمدى يەنە نېمە قالدى؟ يا يۇرتقا بېرىپ، تۈرمە دەرۋازىسىدىن بېشىنى تىقىپ بار ئاۋازى بىلەن سايىمنى تىللىسۇنمۇ؟ ئۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ئاندىن مۇنۇ بىچارە بالىنىڭ ئەھۋالى نېمە بولىدۇ؟ ئۇنى يۇرتقا بىللە ئاپىرىشتىنمۇ قورقمايدۇ. بىراق يۈرىگى زىدىلەنگەن بۇ بالا جان سانى كۆپ، نامرات تاغىسىنىڭ ئۆيىدە كۆنەلەرمۇ؟ يەنە ئانىسىنى سېغىنىپ سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتسە، بېشىغا نېمە كۈنلەر كېلەر؟ ھازىرچە يۇرتقا بېرىشتىن ۋاز كېچىپ، مۇراتنى ئەگەشتۈرۈپ ئىستانىسىغا قايتسىمىكىن؟ ئۇ ھالدا ئانىسىنى ئالدىرىماي ئىزلەپ تېپىپ، مۇراتنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگىلى بولىدۇ.

خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئادىل يېنىكلەشكەندەك بولۇپ، تاماكىسىنىڭ قالدۇغىنى يەرگە تاشلىدى. ئۇ ياتاققا قايتماقچى ئىدى. بىراق، شۇ پەيت ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە گويا غايىپتىن كەلگەن بىر ئاۋاز: «ھەي، دادىڭنىڭ قەۋرىسىنى يوقلاشنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟» دېگەندەك بولۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى شۈركەندى. دېمىسىمۇ، دادىسىنىڭ قەۋرىسىنى يوقلىمىغىنىغا بىر نەچچە يىل بولۇپ قالغان ئىدى. شۇ تاپتا مەرھۇمنىڭ روھىمۇ تازا ئىنتىزار بولۇپ كەتكەندۇ. ئاندىن قەۋرە قاتۇرۇدىغان ئىشىمۇ بار. مۇنۇ بالىنى بىللە ئەگەشتۈرۈپ بارسا، دادىسىنىڭ روھى ئازاپلىنارمىكىن؟ كۆرگەن كىشىلەر: «ياخشى قىپسەن، ئۆز ۋاقتىدا دادىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلغان ئىدىڭ، مانا ئەمدى ئۇنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ بالىسىغا ئاتىدارچىلىق قىپسەن» دەپ تەنە قىلارمىكىن... ئەستاغپۇرۇللا ... يا ھازىرلا ياتاققىمۇ كىرمەي، مۇراتقىمۇ، دوختۇرلارغىمۇ كۆرۈنمەي، بېكەتكە بېرىپ ئەتىلا مېڭىپ كەتسىمىكىن؟ ئىشقىلىپ، مۇراتنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قويىدى. دۈشمىنىنىڭ بالىسىغا قىلىدىغان ياخشىلىق ھەرقانچە بولسىمۇ، شۇنچىلىك بولار، بۇندىن كېيىنكى ھاياتى نېمە بولسا بولمامدۇ. جاھاننىڭ قوينى كەڭ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىدىغانلار يەنە چىقماي قالامدۇ؟ ... «شۇنداق قىلاي، ھازىرلا كېتەي.»

ئادىل ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، ئارقىسىدا شىپىرلىغان قەدەم ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان مۇراتنى كۆردى.

— ئادىل ئاكا، خېلى بولدى، ياتاققا قايتمىدىڭىز، ئەنسىرەپ ئۇخلىيالمىدىم، — دېدى مۇرات ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ.

ئىخ تەقدىر، بۇ بالىنى راستىنلا ئادىلنىڭ پېشىغا ئېسىلدۇرۇپ قويىدۇمىكىن؟

ئادىل مۇراتقا قارىغىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

3

ئىستانسىنىڭ ئەمگەك - كادىرلار بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان نادىرنى ئىشچىلار ئارقىسىدىن «ئاپچاركا»، «ئوۋچى» دەپ مەسخىرە قىلىشاتتى. دىمىسىمۇ، ئۇ كۈندۈزى سېخلارنى، تاماقخانىنى ئارىلاپ، كەچقۇرۇنلىرى ياتاقلارنى مارىلاپ، ئىشچىلارنىڭ گەپ - سۆز، ئويۇن - چاقچاقلىرىدىن «سىنىپىي كۈرەشنىڭ يېڭى يۈزلىنىشلىرى» نى ئىزلەيتتى. ئېيتىشلىرىچە، نادىر بۇرۇن مەلۇم نازارەتتە پار قازىنىغا ئوت قالىغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن ئىكەن. 70 - يىللارنىڭ باشلىرىدا نازارەتتىكىلەر تۇتاش ھالدا «7 - ماي كادىرلار مەكتىۋى» گە ئەۋەتىلىپتۇ، نادىرمۇ شۇلار بىلەن بىللە ئىكەن. «كادىرلار مەكتىۋى» نىڭ تەلىم - تەربىيە يۆنۈلۈشىدە «سىنىپىي كۈرەشنىڭ يېڭى يۈزلىنىشلىرى» نى ۋاقتىدا ئىگەللەش ۋە پاش قىلىپ، كۈرەش - يىپەننى قانات يايدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ بېكىتىلگەن ئىكەن. كىمكى بۇ جەھەتتە كۆپرەك خىزمەت كۆرسەتسە، شۇ كىشىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىرادىسى ئەڭ كۈچلۈك، مەيدانى ئەڭ مۇستەھكەم ھىساپلىنىپ، يا تەقدىرلىنىدىكەن، يا ئۆستۈرۈلۈدىكەن. بىزنىڭ نادىر بۇ يەردە ئۆز ھۈنىرىنى نامايەن قىلىپ، بىر گۇرۇپپىنىڭ باشلىغى بوپتۇ ۋە نازارەتتىن ئىستانسىغا يۆتكىلىش ۋاقتىدا ئىشچىلىق رەسمىيىتى كادىرلىققا ئالمىشىپتۇ. بىراق ئۇنىڭ بۇ خىل «سەزگۈرلىگى» ئارىسىدا يەنە بەزى كۈلكىلىك ئىشلارمۇ يۈز بەرگەن ئىكەن. بۇلاردىن بىرىنىلا كۆرسەتسەك، كىتاپخانلىرىمىز رازى بولار: بىر كۈنى كېچىسى نادىر بىرەر يېڭى مەسىلە ئۇچرىتىش تاماسى بىلەن سىرتقا چىقىپ، ياتاق ئەتراپىنى مەخپىي پايلاشقا باشلاپتۇ. دىگەندەك بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەپتۇ. يەنى بىر چاغدا ئەرلەر ياتاقلىرىنىڭ بىرىدىن بىر كىشى چىقىپ، ئۇدۇل داۋالاش پونكىتى قىلىنغان ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. نادىرنىڭ بىلىشىچە، ئۇ ئۆيدە ئادەتتە بىرلا دوختۇر ئايال يېتىپ - قوپۇدىكەن. نادىر ئاستا بېرىپ ھېلىقى ئۆينىڭ ئىشىگىنىڭ سىرتىدىكى زەنجىرنى تانا بىلەن چېگىپتۇ، ئاندىن مەكتەپنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋىي خىزمىتىگە مەسئۇل باشلىغىنى ئويغىتىپ كۆرگەنلىرىنى بىرمۇ - بىر بايان قىپتۇ.

— يولداش مۇدىر، مېنىڭچە، بۇ ئادەتتىكى ئىستىلى مەسىلىلا ئەمەس، بەلكى شانلىق «7 - ماي كادىرلار مەكتىۋى» قۇرۇلۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان زور سىياسىي مەسىلە، — دىگەننى قوشۇپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇماپتۇ ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا.

ھېلىقى باشلىقمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە تولۇق قوشۇلىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئاندىن كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل 2 - 3 كادىرنى ئويغىتىپ، ھېلىقى «جىنايەتچىلەر» نى نەق مەيداندا تۇتۇش ئۈچۈن ئاتلىنىپتۇ. ئەسلىدە باشلىقنىڭ نادىرنىمۇ بىللە ئېلىپ بارغۇسى بارىكەن، بىراق نادىر نىمىنى ئويلىدىكىن ھەر ھالدا:

— مۇنداق ئىشلارنى بېجىرىشقا مەخسۇس خادىملار قويۇلغان، مەن بىللە بارسام ئەپلەشمەسمىكىن، — دەپ بېرىشتىن باش تارتىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ، بۇ چوڭ دىلونىڭ پاش قىلىنىشىدا تۇنجى ۋە ئەڭ چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىگى ئۈچۈن بېرىلىدىغان شان - شەرەپنى خىيال قىلىپ ئولتۇرغاندا، ھېلىقى باشلىق ئۇنى چاقىرتىپتۇ.

— سىزنىڭ ئىنقىلاۋىي ھوشيارلىغىڭىزغا رەھمەت، — دەپتۇ ئۇ نىمىشقىدۇ سەل تەنە

تەلەپپۇزىدا، — بىراق سىز كۆرگەن ھېلىقى كىشى دوختۇرنىڭ قانۇنىي يولدىشى ئىكەن.

نادىر لاسىدا بولۇپ، يا كۆلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلمەي، پەقەت قولاشمىغان ھالدا ھىجىيىپلا قويۇپتۇ.

قانداق يوللار بىلەن يېيىلغانلىقى نامەلۇم، ھەر ھالدا ئىشچىلار بۇ ۋەقەدىن خەۋەردا بولۇپ قېلىشقان ئىدى. بەزى يەگىتلەر شۇ تۆپەيلى نادىرنى چاقچاق بىلەن چېقىشۋالاتتى.

— يولداش نادىر، زاۋۇتىمىزدىكى ھەممە ئايال ئىشچىلارنىڭ ئەرلىرىنى ۋە ھەممە ئەر ئىشچىلارنىڭ ئاياللىرىنى دەپتىرىڭىزگە تىزىملاپ، يېنىغا رەسىملىرىنى چاپلاپ قويۇڭ، — دىدى بىر كۈنى بىرەيلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — بولمىسا ئادىشىپ باشقىلارنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەڭ يەنە.

شۇ يەردە تۇرغان باشقا ئىشچىلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. نادىر بولسا، ئۇلارغا كۆزىنى ئالايتىپ، دەرھال نېرى كەتتى.

ئىشچىلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ياتاقلىرىدا پات-پات ئولتۇرۇشلار بولۇپ تۇراتتى ۋە ھىچكىم نادىرنى مۇنداق ئولتۇرۇشلارغا تەكلىپ قىلمايتتى، بىراق نادىر بولسا، ھەممە ئولتۇرۇشلارغا كىرىۋېرەتتى.

— ئۇھوي، تاماشىلار بەلەنغۇ، — دەيتتى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ھىجىيىپ، — دۈڭگىتاراس ئاۋازىدىن كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى، شۇڭا كۆڭلۈمنى ئاچاي دەپ كىردىم.

ئادەتتە ھەممەيلەن ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىپ تۆرگە ئۆتكۈزەتتى. ئاندىن ساقلىق قىلىشۋاتقان كىشى نادىرنىڭ بوش تەكەللۇپلىرىنى يېڭىپ «كېچىككىپ قالغان نورمىسى»نى ئارقا-ئارقىدىن سۇمۇرۇۋېتىشكە مەجبۇر قىلاتتى. ئارقىدىنلا نۆۋىتى كەلگەن مېھمانلار «بالادەك نەپسىدىن كېچىپ» نادىرغا «خۇش كەتتى» قىلاتتى. نادىر قارشىلىق قىلىپ باقاتتى. ئەمما بۇنداق چاغلاردا «خۇش كەتتى» قىلغۇچىلار شۇنداق ئۇزۇنلۇق سۆزلەرنى توقۇپ چىقىراتتىكى، نادىرنىڭ تەڭلەنگەن رومكىنى ئالماسلىققا ئامالى قالمايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتەر-ئۆتمەي نادىر غەرق مەس بولۇپ قىڭغىيىشقا باشلايتتى. ئاندىن ساھىپخان بىلەن يەنە بىر كىشى پىدائى بولۇپ، ئۇنى ياتىقىغا ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قوياتتى-دە، ئولتۇرۇش نادىرسىز داۋام قىلاتتى.

نادىر 35 ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، تېخىچە ئۆيلەنمىگەن ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ كۆڭلىدە مۇھەببەت تۇيغۇسىنىڭ بارلىغا گۇمان قىلاتتى، چۈنكى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، گۇمان ۋە ئىشەنمەسلىك بار يەردە مۇھەببەتكە ئورۇن يوق ئەمەسمۇ. بىراق مۇشۇ نادىردا بۇنىڭدىن بىر يېرىم يىلچە بۇرۇن ئايگۈلگە قارىتا بىردىنلا سۆيگۈ ھەۋىسى قوزغىلىپ قالدى. قىزنىڭ دەردىدە ئۇنىڭ كېچىلىرى ئۇيقۇسى، كۈندۈزلىرى تامىغى كېمەيدى. ئۇ كۈندە دىگۈدەك ئايگۈل ئىشلەۋاتقان يەرگە كىرىپ، ياكى ئۇنىڭ ياتىغىنىڭ يېنىغا بېرىپ، قىزغا ئۇزاققىچە تەلمۈرۈپ قارايتتى.

يۈرەك سىرلىرىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈنمۇ مەردانىلىق كېرەك. ئۆمرىدە جىددى مەسىلىلەر خۇسۇسىدا كۆپىنچە ئاشكارا مەيدانغا چىقىشتىن ئۆزىنى تارتىپ، يوشۇرۇن مەلۇمات يوللاش بىلەنلا ئادەتلەنگەن نادىردا مۇنداق خىسلەت بەكمۇ كەم ئىدى. شۇڭا ئۇ يۈرىگىدىكى ئوت-پىراقنى ئىزھار قىلىشقا ئۆزىدە جۈرئەت تاپالماي 3 - 4 ئاينى ئۆتكۈزۋەتتى، ئاخىرى، بىرولار مەسلىھەت بەرگەنمۇ، ياكى ئۆزى چىدىمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر، مۇ-

ھەببىتىنى خەت ئارقىلىق بايان قىلىپ ئايگۈلگە بەردى. ئۇ جاۋاپقا قاتتىق ئىشەنچ باغلىغان ئىدى، «ئايگۈل دېگەن ئىشچى، مەن بولسام كادىر، ئۇ چوقۇم ماقۇل دەيدۇ» دەيتتى ئۇ كۆڭلىدە. بىراق، ئايگۈل ئۇنىڭ ھەممە ئارزۇ-ئۈمىتلىرىنى بىر پۇل قىلىپ رەت قىلىۋەتتى.

بارچە نامەرت ئادەملەر ئۆز ئارزۇسى قارشىلىققا دۇچ كېلىپ، ئۇنى يېڭىشكە كۆزى يەتمىگەندە مەيداندىن ئوڭايلا چېكىنىدۇ، ئەمما كۆڭلىدە ھەسەتخورلۇق كۈچىيىپ، يوشۇرۇن زەربە بېرىش يولىنى تاللاۋالىدۇ. بىزنىڭ نادىر مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ تىپىگە كىرەتتى. ئۇ رەت قىلىشقا ئۇچرىغاندىن كېيىن، بىر ياقتىن قاتتىق ھەسرەت چەكتى، يەنە بىر ياقتىن: «كىمدۇ بىرى ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالغان بولسا كېرەك» دەپ گۇمان قىلىپ، ئاشۇ نامەلۇم رەقىبىنى ئېنىقلاش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش قارارىغا كەلدى.

نادىر ئۆزىنىڭ «ئوۋچىلىق» ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، پەقەت 7 - 8 ئاي ئۆتكەندىن كېيىنلا ئاندىن رەقىپىنىڭ كىملىكىنى بىلەلىدى. بىلدى-يۇ، لاسسىدا بولۇپ قالدى. چۈنكى نادىرنىڭ رەقىبى ئۇ ئارزۇ قىلغاندەك كوكۇلىسى بارلاردىن ئەمەس، ئەكسىچە ئىستانسىدا كۆپچىلىك كىشىلەر ھىمايە قىلىدىغان ئادىل ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنى سېيىت چاڭجاڭ باشلىق بىر تۈركۈم كادىرلار بەكمۇ ئەتىۋارلايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىرىشقاندەك، شۇ كۈنلەردە ئادىل تېخى بۆلۈم باشلىقى قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن ئىدى. «خەپ ئادىل، سېنى ھازىردىن باشلاپ ئۆمۈرۋايەتلىك كۈشەندەم قاتارىغا قوشتۇم» دەپ زەھەرخەندىلىك بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى نادىر. لېكىن قانچە باش قاتۇرسىمۇ، ئادىلدىن ئىنتىقام ئېلىشنىڭ بىرەر ئەپلىك ئۇسۇلىنى ئويلاپ تاپالمىدى. «ئادىل دېگەن بۇ كىسپۇرۇچ ھازىر ئىستانسىنىڭ ئەركە بالىسى. ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشتا ئېھتىياتسىزلىق قىلسام، ئۆزەمگە يېنىپ قېلىشى مۇمكىن، يا بولدى قىلسام بولارمىكىن؟— دېگەنلەرنىمۇ ئويلىدى ئۇ. بىراق، كۆڭلىدىكى ھەستخورلۇق يەنە يول قويمىدى، — ياق، ئۇ كىسپۇرۇچ مېنىڭ ياخشى كۆرگەن قىزىمنى تارتىۋالدى، مەن لاتىدەك سالپىيىپ يۈرۈۋېرىمەنمۇ؟! جاھاندا پۇتلاشماس ئىنسان يوق، كۆتىلىپ يۈرەي، تەلەي ماڭا ئوڭ يۈزىنى قىلسا ئەجەپ ئەمەس...» شۇندىن كېيىن ئۇ، ئادىلنىڭ بىرەر ئىشتا پۇتلىشىپ كېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ يۈردى. بەزىدە: «بىرەر ئاۋارىيەگە يولۇقۇپ، مەڭگۈلۈك مېيىپ بولۇپ قالسا، ئەڭ ياخشىسى، ئۆلۈپ كەتسە» دېگەنلەرنىمۇ ئارزۇ قىلدى. بەزىدە ئۇ يەنە ئادىلغا بىرەر دالدىدا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ تازا دۇمبالىسام دېگەننىمۇ ئويلايتتى. بىراق ئۇنىڭغا كۈچى يېتەرمىكىن؟ ناۋادا ئادىل ئۈستۈن كېلىپ قالغۇدەك بولسا، نادىرنىڭ ئۆزى بىرمۇنچە تاياق يەۋالغاندىن تاشقىرى، تەشكىل ئالدىدىمۇ يۈزى چۈشىدۇ. ياق، نادىر مۇنداق قاراملارچە يول تۇتماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭغا شۇنداق زەربە بېرىشى لازىمكى، ھەم رەقىبى ئۇزۇل-كېسىل يەكسان بولسۇن، ھەم تەشكىلمۇ نادىرنى ئەيىپلىمەيدىغان بولسۇن! ئەمما قىرىشقاندەك، ئادىل يا پۇتلاشمايتتى، يا ئاۋارىيەگىمۇ ئۇچرىمايتتى. كۈنلەر ئۆتتۈۋەرگەنسېرى نادىرنىڭ كۆڭلىنى مىڭلىغان مۈشۈكلەر تاتىلاپ يارا قىلىۋەردى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى نادىردا ئۇشتۇمتۇت مۇنداق خىيال پەيدا بولدى: «ئادىل

دېگەن بۇ كىسپۇرۇچ نېمىشقا كىشىلەرگە ئارىلاشماي، خىيالغا پېتىپلا يۈرۈدۇ؟ ئاتا-ئانىسى ھەققىدە گەپ سورىسا، نېمىشقا ئۆزىنى قاچۇرۇدۇ؟ بۇنىڭدا بىر سىر يوقمىدۇ؟...»
شۇندىن كېيىن ئۇ ئادىلنىڭ تارىخىدىن بىرەر يوچۇق ئىزلەشكە كىرىشتى. نادىر بىر ئامال قىلىپ ئادىلنىڭ ئارخىپىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى. گەرچە ئۇ ئارخىپتىن ئۆزىگە پايدىلىق بىرەر نەرسىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئادىلنى ئىشچىلىققا تونۇشتۇرغان دادۇينىڭ ئادرېسىنى بىلىۋالالىدى ۋە ئەمگەك-كادىرلار بۆلۈمى نامىدىن دادۇي رەھبەرلىكىگە خەت يېزىپ، ئادىلنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى يېزىپ يوللاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بىراق بىر كىشىگە تەلەي يۈزلەنسە، كۈندۈزى چىراق يېقىپمۇ ئۇنىڭ يۈزىدىن بىرەر داغ تاپقىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. نادىرنىڭ خېتى خۇددى سۇغا چۈشكەن تاشتەك جاۋاپسىز قېلىۋەردى. نادىر ھەر ھالدا بىر نەچچە يىل تەشكىلىي خىزمەت ئىشلەپ ئاز-تولا ساۋاتقا ئېرىشىپ قالغان ئىدى. ئۇ يوغان بېشىنى ئىشقا سېلىپ: «ناۋادا بۇ كىسپۇرۇچ ئۇ يەردىكىلەر بىلەنمۇ يېقىن بولۇپ، ئۇلار ئىستانسا رەھبەرلىكىگە خەت يېزىپ سۈرۈشتۈرسە، مېنىڭ ھىلىقى خېتىممۇ پاش بولماي قالمايدۇ، ئۇ ھالدا ئۆزەم بالاغا قالىمەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى-دە، يەنە سۈيلەپ خەت يېزىشتىن قورقتى، شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن يەنە بىر نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى.
نادىرنىڭ سودا نازارىتىدە ئىشلەيدىغان بىر تاغىسى بار ئىدى. بىر يەكشەنبە كۈنى ئۇ ئاشۇ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئۇ كىشىنىڭ بىرقانچە ئورۇنغا، جۈملىدىن، ئادىلنىڭ يۇرتىغىمۇ كاماندىروپكىغا بارىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. «تەۋەككۇل بىر ئورۇنۇپ كۆرەي، بەزىدە كۆزگە ئىلمىغان چوماق قاڭشارنى ياردۇ ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.
— مەن بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان ئادىل ئىسىملىك بىر ئاغىنەم بار ئىدى، — دېدى نادىر تاغىسىغا گويا شۇنداقلا ئېيتقاندەك بولۇپ، — نەچچە ئايدىن بېرى بەك غەمكىن يۈرۈدىغان بولۇپ قالدى. سۈرۈشتۈرسەك ئۈنچىقمايدۇ. بىر ئائىلىسىدە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك سادىر بولدىمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ قالدۇق، پۇرسەت بولسا، شۇنىڭ ئائىلىسىگە يولۇقۇپ، ئەھۋالىنى ئۇققاچ كەلسىڭىز بوپتىكەن، — ئاندىن ئۇ ئادىلنىڭ يۇرتىنى ئېيتىپ بەردى.
تاغىسى نادىرنى «قۇۋ يىگىت» دەپ ئانچە ياخشى كۆرمەيتتى. شۇڭا ھازىر ئۇنىڭ ئاللىقانداق ئاغىنىسى ئۈچۈن مۇنچىلىك جان كۆيدۈرۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، سەل ھەيران بولدى: «ئۇمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر شەيتان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ، شۇنداقتىمۇ نادىرنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرماسلىق ئۈچۈن:
— ئىزلەپ كۆرسەم كۆرەي، بىراق ئۇلارنىڭ ئادرېسىنى بىلمىسەم، — دېدى.
— ئاپلا، ئۇ ئېيتىپ بەرگەن، لېكىن ئېسىمدە تۇتۇۋالماپتىمەن، يا ھازىرلا بېرىپ سوراپ كېلەيمۇ؟
— مېنىڭ يەنە 15 مىنۇتتىن كېيىن ئايرودرومغا چىقىپ كېتىدىغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالغاندەك سۆزلىگىنىڭنى قارا، — دېدى تاغىسى تەنە بىلەن كۈلۈپ، — بەك جان كۆيەر ئاغىنەڭ ئوخشايدۇ ئۇ. بوپتۇ، ھېچبولمىسا، دادىسىنىڭ ئىسمىنى، يېزىلىقمۇ، شەھەرلىكمۇ ئىكەنلىكىنى دەپ بەر، سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەرمەن.
نادىر ئارخىپتىن ئادىلنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ،

خۇپسەنلىك قىلىپ:

— دادىسىنىڭ ئىسمى قۇربان، شەھەرلىك، كادىر ئائىلىسى، — دەپ جاۋاپ بەردى.

نادىرنىڭ تاغىسى كاماندىروپكىدىن پات قايتمىدى، ئائىلىسىگە يازغان خەتلىرىدىمۇ قىرىشتاندەك نادىر تەقەززا بولغان ئەھۋاللار ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن ئىدى.

ئەمما ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا، ئون بەشى ئايدىڭ دېگەندەك، نادىرنىڭ تاغىسىنىڭ قايتىپ كېلىشى ئۇنىڭ ئۇشۇغىنى ئالىچۇ چۈشەردى.

— قەدىناس ئاغىنەڭنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلدىم، — دىدى تاغىسى نادىرنىڭ سوئالىغا جاۋابەن، — بىراق، ئۇ ئاغىنەڭ قانداقراق يىگىت ئۆزى؟

تاغىسىنىڭ مۇددىئاسىنى ئېنىق چۈشەنمىگەن نادىر تومتاقلا جاۋاپ بەردى:

— ئەلۋەتتە ... ياخشى يىگىت.

— ھىم، ... مەن ئۇلارنىڭ يۇرتىغا بارغاندا، ناھىيىلىك ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سايىم دېگەندىن ھېساپ ئېلىنىۋاتقان ئىكەن. ئاڭلىشىمچە ئۇنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرى ئىچىدە شۇ ناھىيىنىڭ بۇرۇنقى قۇربان ئىسىملىك ھاكىمىنىڭ ئۆلۈمىگە ئائىت بىر ئىشمۇ باركەن. سايىم بىرقانچە شېرىكلىرى بىلەن بىللە ئۇ كىشىنى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. سايىمنىڭ سوتتا تاپشۇرۇشىچە، شېرىكلىرى ئارىسىدا ئاشۇ ھاكىمنىڭ ئادىل ئىسىملىك ئوغلىمۇ بارمىش، دادىسىنى باشقىلار قاچۇرۇپ، يوشۇرۇن ساقلاۋاتقاندا، ئاشۇ ئادىل تۇتۇپ بېرىپتۇ ۋە كېيىنكى ھەممە سوئال-سوراق، قىيناشلارغا قاتنىشىپتۇ. سايىم بۇ ھەقتە يەنە ئاشۇ ئادىل دېگەن بالىنىڭ ئۆز نامىدا يازغان باياناتلىرىنى ئىسپات قىلىپ كۆرسىتىپتۇ. بىراق بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئانچە ئىشەنمەيدىكەن. مەن بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى چىققىچە ئۇ يەردىن كېتىپ قالدىم. ئەگەر ئاشۇ سايىم دېگەننىڭ گېپى راست بولسا، تازا بىر ئاغىنەڭگە ئېرىشكەن ئوخشايسەن.

نادىر تاغىسىنىڭ سۆزلىرىدىكى تەنىنى خوپ چۈشەندى. ئەمما شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر دەريا شاتلىق مەۋج ئۇرغان ئىدى.

ئۇ تاغىسى بىلەن پاتلا خوشلىشىپ قايتتى: «توختاپتۇر، ئادىل، — دەيتتى ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە، — ئىككى يۈز توڭنى بىر ئۆتۈككە تىقىدىغان پۇرسەت مانا ئاخىرى يېتىپ كەلدى. ھازىرلا بېرىپ چاۋاڭنى چىتقا يايىمەن!...» بىراق، بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ بېشىغا يەنە باشقىچە بىر پىكىر كەلدى: «ئەگەر ئادىل راستىنلا سايىم دېگەننىڭ شېرىگى بولسا، بۇ كەمگىچە نېمىشقا بۇ ئىشنىڭ ئىز-دېرىكى قىلىنمىدى؟ سايىمنىڭ دېگەنلىرى يالغانمىدۇ-يا؟... مەيلى، نېمىلا بولمىسۇن بۇ ئىشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك. بىراق ئۆزەمنى ھازىرچە ئاشكارىلىماي، تاغامدىن ئاڭلىغان گەپلەرنى ئىككى نۇسخا قىلىپ يېزىپ، بىرىنى ئايگۈلنىڭ، يەنە بىرىنى شۇجىنىڭ ئۆز قولىغا تېگىدىغان قىلىپ يوللاپ بېرەي، ئايگۈل ئۆزىنىڭ كىم بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلسۇن. شۇجى ‹قىزىل قوندىغۇچىلار› غا چېتىش بىلەنلا يۈرۈدىغان ئادەم، ئادىلنى ئېغىز چىشىغا ئېلىپ چاينىماي قالمايدۇ. ناۋادا بۇ ئىش يالغان بولۇپ چىقسىمۇ، شۈڭگىچە، ئادىل يەتتىچە دەرت تارتىشقا ئۈلگۈرىدۇ. مەنمۇ پاش قىلىنمايمەن-دە، ئادىلدىن كېيىنكى ئىنتىقامنى ئېلىشىم ئۈچۈن ئىمكانىيەت ساقلىنىپ قالىدۇ».

نادىرنى بەزى ئاغىنىلىرى: «سىنىڭ مۇشۇ يوغان بېشىڭدا جاھانغا يەتكۈدەك ئەقىل بار» دەپ بەك ئاشۇرۇۋەتكەن بول-

سىمۇ، لېكىن ئۇ ھەر ھالدا شەيتاننىڭ ناچار شاگىرتلىرىدىن بىرى بولۇشقا مۇناسىپ يىگىت ئىدى. ئۇ ئىستانسىغا يېتىپ بارغۇچە بولغان يولدا يۇقۇرقى مەسىلىنى قانداق ئاشكارىلاش ئۇسۇلىنى كۆڭلىدە ئوبدان پىشۇرۇۋالدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن باشتىكى سەھىپىلەردە كىتاپخانلىرىمىزغا مەلۇم بولغان ئادىلنىڭ «قاتىل»لىغى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ئايگۈل بىلەن شۇجىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلدى.

4

ئادىلنىڭ ئىستانسىدىن ئايرىلغىنىغا سەككىز كۈن بولدى. ئۇ گويا قۇمغا سىڭگەن سۇدەك ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئىدى. ھىلىقى كۈنى شەھەرگە ئىزلەشكە كىرگەنلەر ئىككى كۈن ئاۋارە بولۇپ، نەتىجىسىز قايتىپ چىقىشتى.

— بىز تازىمۇ بىخۇتلۇق قىلدۇق، — ئىشخانىدا ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىۋاتقان شۇجى جىددى بولغىنىدىن ھەدەپ قوللىرىنى ئىشقىلايتتى، — قانۇنىي جازاغا تارتىلىشقا تېگىشلىك بىر چوڭ بۇزۇقچىنى قاراپ تۇرۇپ قولدىن چىقىرىپ قويدۇق. ئەگەر ئۇ زادى تېپىلمىسا، پارتىيە، خەلق ئالدىدا يۈز كېلەلمەيمىز. سىنىپىي ھۇشيارلىغىمىز بەك تۆۋەنكەن بىزنىڭ.

كىرىسلودا تاما چېكىپ ئولتۇرغان سېيىت ئاكا ئۇنىڭ سۆزىدىكى تەنىنى چۈشەندى. شۇجىنىڭ «بىز» دىگىنى، ئەمەلىيەتتە «سەن» دىگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. سېيىت ئاكىمۇ بۇ مەسىلە ئۈستىدە سەككىز كۈندىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئادىلنىڭ سىرلىق مىجەزى، ئۆزى ئۈستىدە مەسىلە پاش قىلىنغان ھامان ئۇشتۇمتۇت رۇخسەت سورىشى ۋە ئالدىراپ-تېنەپ مېڭىپ كېتىشى ئۇنىمۇ گۇمانلاندۇرغان، ئەمما ئادىلنىڭ خاتىرىسىنى كۆرۈپ ئەنۋەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يازغانلىرىغا ئىشىنىپ، ئىچ ئاغرىتقان ئىدى. بىراق شۇجى بولسا خاتىرىدىكى بايانلارغا قىلچىمۇ ئىشەنمىدى. «بۇ ھىلىگەر ئادەملەرنىڭ بىزدەك ساددا، بىخۇت كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن ئالدىن تەييارلاپ قويغان قىلتىقى. ئەگەر ئۇنىڭ يازغانلىرى راست بولسا، نېمە ئۈچۈن بۇ ھەقتە تەشكىلگە بۇرۇنراق خەۋەر قىلمىدى؟ خاتىرىنى بۇرۇنمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل ئۆزى يولغا چىقىش ئالدىدا بەرگەنلىكى ۋە سىزگە: «مەن مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن كۆرۈڭ» دېيىشى ئۇنىڭ ئىنتايىن ھىلىگەرلىكىنى كۆرسەتمەمدۇ؟!» دىدى ئۇ. مانا ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، ئادىل ئىز-دېرەكسىز يوقالدى. «راستتىن ئۇ ئۆزىنى يوشۇرۇپ قېچىپ يۈرگەنمىدۇ؟ — دەپ ئەلەم بىلەن خىيالىدىن ئۆتكۈزدى سېيىت ئاكا، — ھەي، بۇ بالىغا مەن راستىن ئالدانغاندىمەنمۇ؟... بىراق ئۇنىڭ ئاشۇنداق يارىماس يىگىت ئىكەنلىكىگە زادى ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ...»

— ياق، ئەندى يەنە كۈتۈپ ۋېرىشكە بولمايدۇ! — شۇجىنىڭ ئۈنلۈك-ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى، — قانچە كېچىكسەك، ئۇنىڭ قانۇنىي جازادىن قۇتۇلۇپ قېلىشىغا شۇنچە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن بولۇمىز. شۇڭا دەرھال ئۇنىڭ مەسىلىسىنى قانۇن ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىپ، ساقچىلارنىڭ ئىز قوغلاپ تۇتۇشىغا تاپشۇرايلى! — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا گويا بۇ توغرىدا سېيىت ئاكىنىڭ پىكرىنى ئېلىش ھاجەت ئەمەستەك، دەرھال

قولنى تېلېفونغا ئۇزاتتى.

بىردە ئىككىنچى، ئۈچىنچى قول باشلىقلاردىن بەزىلىرى مۇنداق بىر ئادەتكە ئۆگىنىۋېلىشقان: بەزىدە بىرەر مەسىلىگە قارىتا، ئۇلارنىڭ قارىشى بىرىنچى قول باشلىقنىڭ پىكرىگە زىت كېلىپ قالغاندا، ئۆزلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى توغرا بولغان تەقدىردىمۇ كۆپىنچە ئۇنى چىقىماسلىقنى ئەۋزەل كۆرۈدۇ، ھەتتا ئۆز پىكرىدىن يېنىپ ئۆزىنى ئەيىپلەشكە باشلايدىغانلىرىمۇ بار. بىراق ئۇلار بىرىنچى قول باشلىق بولمىغان جايلاردا بولسا، ئېغىر ئۇھ تارتىشىپ، ئۈمىتسىزلىك بىلەن باشلىرىنى ئېغىتىشىپ: «ھەي ... ئۇ دىگەن بىرىنچى قول - دە، ئۇنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ گېپىمىز ئۆتەتتىمۇ؟» دەپ شىكايەت قىلىشىدۇ. بىراق، سىيىت ئاكا ئۇنداقلاردىن ئەمەس ئىدى.

— توختاپ تۇرۇڭ، — دىدى ئۇ تېزلا ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئىنكاسقا قاراپلا قول ئاستىمىزدىكى بىر خادىم توغرىسىدا مۇنداق يېنىكلىك قىلمايلى. ئۇنىڭ يۇرتىغا ئەۋەتكەن ئادەملىرىمىز بۈگۈن بولمىسا، ئەتە خەۋەر بېرەر، ئاندىن قارار قىلايلى.

— ئەگەر ئۇ يۇرتىغا بارمىغان بولسىچۇ؟ — شۇجى تۇرۇپكىنى تۇتقان پېتى سورىدى.

— ئادىل يۇرتىغا بارمىغان بولسىمۇ، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۇنىڭ توغرىسىدىكى ھەقىقى ئەھۋاللارنى ئىگەللەيدۇ ئەمەسمۇ. ئەگەر ئۇ راستىن جىنايەتچى بولسا، قانۇن ئورۇنلىرىغا شۇ چاغدا مەلۇم قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز.

— كېچىكمەيمىز؟ شۇڭغىچە ئادىل دىگەن بۇ خۇمپەر قاچان مىنى تۇتۇۋالسىلەر دەپ ساقلاپ تۇرۇدۇ، دەمسىز؟ ياق، يولداش، دوست - دۈشمەن مەسىلىسىگە مۇنداق بالىلارچە قىياس بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. ئېھتىمال، بۇ قۇۋ تۈلكە چەتئەللەرگە قېچىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

سىيىت ئاكا مىيىغىدا كۈلدى.

— يولداش شۇجى، بىزنىڭ دۆلەت مۇداپىئەمىزنى شۇنچىلىك ئاجىز دەپ قارامسىز؟ خالىغان كىشى خالىغان چاغدا چېگرىدىن ئۆتەلەيدىغان بولسا، ئۇ يەرنى قوغداۋاتقان جەڭچىلەر نىمىش قىلىدۇ؟

بۇ قېتىم شۇجى دەماللىققا بىر نەرسە دىيەلمەي قالدى.

— بۇ دىگىنىڭىزغۇ توغرا، ئەلۋەتتە بىزنىڭ دۆلەت مۇداپىئەمىز مۇستەھكەم، جەڭچىلىرىمىز ھوشيار، — دىدى ئۇ بىر پەستىن كېيىن، — ئەمما، سىنىپىي دۈشمەنلەرنىمۇ بوش چاغلىماسلىق كېرەك. يولداش چاڭجاڭ، مەن يەنە ئويلاندىم. ئۇنىڭ مەسىلىسىنى قانۇن ئورۇنلىرىغا كېچىكتۈرمەي مەلۇم قىلايلى. مەن ئىستانسىمىزنىڭ بىرىنچى قول مەسئۇلى ئىكەنمەن، مۇنداق جىددىي مەسىلە ئالدىدا قارار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگىمەن! — شۇندىن كېيىن ئۇ سىيىت ئاكىدىن جاۋاپ كۈتمەيلا، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ نومۇرىنى چاقىردى - دە، تېگىشلىك ئادەمنى تاپقاندىن كېيىن، ئادىلنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى. سىيىت ئاكا نارازى بولغان ھالدا بېشىنى چايقاپ، تاماكا تۇتاشتۇردى.

— جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئۇنىڭ ماتىرىيالىنى يوللاپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلدى، — دىدى شۇجى تۇرۇپكىنى قويۇپ، ئاندىن سىرتقى ئۆيدىكى كاتىپنى چاقىردى، — سىز دەرھال ئادىل ئۈستىدە ماتىرىيال تەييارلاڭ، پاش قىلىنغان مەسىلە تەپسىلىي يېزىلسۇن، ئاخىرىغا پارتكومنىڭ قارارى قوشۇلسۇن!

كاتىپ مېڭىشقا تەييارلىنىۋىدى، سىيىت ئاكا ئۇنى توختىتىۋالدى.

— سىز ئاۋال ئۇنىڭ ماتېرىيالىنى يېزىپ چىقىڭ، — دېدى ئۇ كاتىپقا، — قارار توغرىسىدا بىر يەنە ئويلىشىپ كۆرەيلى.

كاتىپ ئىككى رەھبەر ئوتتۇرىسىدا يەنە مۇنازىرە يۈز بېرىشىنى پەملەپ، دەرھال چىقىپ كەتتى. سىيىت ئاكىنىڭ سۆزلىرىگە شۇجىنىڭ ئاچچىغى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن پارتكوم ھەيئەتلىرىنىڭ يىغىنىدىن ئۆتكۆزمەگەن ئىشنى پارتكومنىڭ قارارى دېيىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئەسلەپ، لېۋىنى چىشلىدى. ئاندىن بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ، سىيىت ئاكىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— دۇرۇست، مەن سەل ئالدىراڭغۇلۇق قىپتىمەن، — دېدى ئۇ بۇ قېتىم يۇمشاق تەلەپپۇزدا، — بىر دەرھال پارتكوم ھەيئەتلىرىنىڭ يىغىنىنى ئاچايلى، لېكىن ئىككىمىز ئالدىن بىر پىكىرگە كېلىۋالمىساق بولمايدۇ. يولداش چاڭجاڭ، مەن ئەلۋەتتە سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن. سىز ئاقكۆڭۈل ئادەمسىز، بۇ ئەلۋەتتە ياخشى پەزىلەت. لېكىن دىققەت بىلەن قارىسىڭىز، جەمئىيەت ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. ياۋۇز «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىزگە ناھايىتى ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈردى. ئۇنىڭ تارقاتقان زەھىرى تېخى تولۇق تازىلىنىپ بولغىنى يوق. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» قا ئەگىشىپ جىنايەت سادىر قىلغان بەزى ئەبلەخلەر ھىلىمۇ قانۇن تورىنىڭ سىرتىدا يۈرۈۋاتىدۇ. ئويلاپ بېقىڭا، ئۇلارنى قانۇننىڭ جازاسىغا تاپشۇرمىساق بولامدۇ؟

— بۇ قاراشلىرىڭىزغا تولۇق قوشۇلىمەن، ئەلۋەتتە، — دېدى سىيىت ئاكىمۇ بېشىنى كۆتىرىپ، — ئۆزەمنىڭ شەخسى ھېسسىياتىدىن ئالغاندىمۇ، مېنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ۋە ئۇنىڭ قولچۇماقلىرىغا بولغان غەزەپ-نەپرىتىم سىزنىڭكىدىن كەم ئەمەس. جىنايەتچىلەر چوقۇم جازاغا تارتىلىشى لازىم. لېكىن گەپ كونكىرىت ئادەملەر ئۈستىگە كەلگەندە، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، ئېنىقلىماي تۇرۇپلا، ئالدىراپ خۇلاسە چىقارمايلى دېمەكچىمەن. ياخشى كىشىلەرگە ئۇۋال...

— ھەي، بولۇپمۇ ئادىلنىڭ مەسىلىسىگە كەلگەندە ئەندىشە قىلماڭ، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى شۇجى، — «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نۇرغۇن ياشلارنى بۇزۇپ كاردىن چىقاردى. «قىزىل قوغدىغۇچى» بولغان بۇ تەلۋىلەر بىر مەزگىل جاھانغا سىغماي كەتكىنىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئادىلمۇ دەل شۇنداقلارنىڭ بىرىغۇ!...

تېلېفوننىڭ قاتتىق جىرىڭلىشى شۇجىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، ئۇ دەرھال تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى.

— ھە، مەن. ساق-سالامەت يېتىپ باردىڭلارمۇ؟ ياخشى، ياخشى، نېمە، نېمە؟ تۆھمەتمىكەن؟... ئادىلغا ئۇۋال قىلىنغان دەمدۇ؟ ... ھە، ھە ... ئۇنداقتا، نېمىشقا بىزگە بۇرۇنراق خەۋەر قىلماپتۇ؟ ... ھىم... ئۇ مەسئۇلىيەتسىز ئاغىنىلەرگە نارازىلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ قويۇڭلار! ... ئادىل بىلەن كۆرۈشتۈڭلارمۇ؟ ... ئۇ يەرگە بارماپتىمۇ؟ ... ئاپلا، بۇ قانداق بولغىنى؟ نەگە كەتكەندۇ ئۇ بالا؟... ھەي، ئوبدانراق سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈڭلار! ... ھە، بىزمۇ جىددىي سۈرۈشتۈرۈۋاتىمىز...

شۇجى تېلېفوننى قويۇپ، قولياغلىقى بىلەن چېكىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتى-دە، بىر پەس جىم تۇرۇپ قالدى. سىيىت ئاكا

چالا - پۇچۇق ئاڭلىغان بۇ سۆزلەردىن ئەھۋالنى بىر قەدەر چۈشەنگەن ئىدى. ئۇ گويا يەلكىسىدىن ئېغىر بىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك ئۇلۇق - كىچىك تىندى.

— سىزنىڭ مۆلچەرىڭىز توغرا چىقتى، — دېدى شۇجى خېلىدىن كېيىن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — ئادىلغا ئۇۋال قىلىنغان ئىكەن، ئاقلىنىپتۇ. بۇ ھەقتە بىزگە ئىسپاتى خېتى ئەۋەتىشنى قارار قىلىشقان ئىكەن، بىراق بۇ ئىشقا مەسئۇل بولغان ئاغىنە دوختۇردا يېتىپ قېلىپ، ھازىرغىچە كېچىكىپتۇ. بىزدە مۇشۇنداق بىپەرۋا ئادەملەرمۇ بار - دە.

— راستىن مەسئۇلىيەتسىزلىك قىپتۇ ئۇلار، — دېدى سېيىت ئاكىمۇ نارازى بولۇپ.

— ھوي، بۇ بالا يۇرتىغا بارمىغان بولسا، نەگە كەتكەندۇ؟ — شۇجىنىڭ چىرايىدا يەنە بىردىنلا كۈچلۈك تەشۋىش ئىپادىسى پەيدا بولدى، — دەرت - ئەلەمگە چىدىماي ئۆزىنى بىر نىمە قىلىۋالغان بولمىسۇن يەنە. ھەي، ھەزىرقى ياشلارنىمۇ، ئازراق كۆڭۈلسىزلىككە يولۇققان ھامان ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ بۇ ئەخمەقلەر.

ئادىلنىڭ خاتىرىسىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىققان سېيىت ئاكا ئادىلنىڭ ئورۇنسىز ھالدا ئۆزىنى نابۇت قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. لېكىن، ئۇنداق بولسا، ئۇ ھازىر نەدە يۈرىدۇ؟

— ئادەم تەشكىللەپ دەرھال ئىزلەيلى! — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ساقچى ئىدارىسىغا بۇ يېڭى ئەھۋال ھەققىدە يەنە خەۋەر قىلىپ، ئۇلارنىڭمۇ يارىدەملىشىشىنى ئىلتىماس قىلايلى! — شۇجى سۆزىنى تۈگىتىپلا تۇرۇپكىنى يەنە قولىغا ئالدى. ئۇ كېرەكلىك نومۇردىن تېخى ئىككىنى چۆرۈۋىدى، بىردىنلا گويا توك سوقۇۋەتكەندەك ئالدىدىكى دەرىزىگە قارىغىنىچە ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى. سېيىت ئاكىمۇ ھەيران بولۇپ دەرىزىگە قارىدى. قارىدى - يۇ، شۇ ھامان ئىشخانىدىن ئوقتەك چىقىپ كەتتى. ئاندىن شۇجىمۇ ئۈيقىسىدىن يېڭىلا ئويغانغاندەك تۇرۇپكىنى تاشلاپلا سىرتقا يۈگۈردى. چۈنكى ئۇلار ئۇدۇلدىكى يولدا بىر كىچىك ئوغۇل بالىنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان ئادىلنى كۆرۈشكەن ئىدى.

**خاتىمە**

ئارىدىن بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ، 1979 - يىلىنىڭ ياز پەسلىدە ئەنۋەر ئادىلنىڭ يۇرتىدا ئۇنىڭ بىلەن تەسادىپى ئۇچرىشىپ قالدى. ئادىلنىڭ يېنىدا ئايگۈل بىلەن مۇراتمۇ بار ئىدى. ئۇلار قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن، ئادىل تۇنۇگۈن ئاخشام يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ھازىر دادىسىنىڭ قەۋرىسىنى يوقلاش ئۈچۈن يار تۈگمەن يېزىسىغا ماڭماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ھاكىمنىڭ نامى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ناھىيە رەھبەرلىكى مەرھۇمنىڭ جەسىدىنى شەھەرگە يۆتكەپ كېلىپ، ئالاھىدە ئورۇنغا دەپنە قىلماقچى بولغان ئىكەن. لېكىن يارتۈگمەنلىكلەر: «مۇشۇ يەردە تۇرۇۋەرسۇن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. رەھبەرلىكمۇ ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلۇپ، دەپنە مۇراسىمنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئەنۋەرمۇ بىللە بېرىش مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈۋىدى، ئادىل دەرھال ماقۇل بولدى.

— ئۇ يەردىكى قېرىنداشلار بىلەن تېخىچە ئالاقە ئورنىتالمىدىم، — دېدى ئادىل ئېغىر خورسىنىپ، — بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشىسەمدىم، دېگەن ئۈمىدىم بار. سىز مېنىڭ خاتىرەمنى كۆرگەن، بىللە بارسىڭىز مەن ئۈچۈنمۇ ياخشى.

— ھازىر ھەممە ئەھۋال ئېنىقلاندى ئەمەسمۇ، تەشكىلمۇ سىزنىڭ ئەيىبسىزلىكىڭىزنى ئاللىقاچان جاكالىغان. مېنىڭچە، ئۇ يەردىكىلەر سىزنى قۇچاق ئېچىپ قارشى ئالىدۇ، — دېدى ئەنۋەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

لېكىن ئادىل يەنە غەمكىنلىك بىلەن ئۇلۇق - كىچىك تىندى.

— تەشكىلنىڭ مېنى ئاقلىغانلىقىنى ئەيىبسىز ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلىدى دېگەندىن كۆرە، ئەپۇ قىلدى دېگەن تۈزۈك. چۈنكى، سىزمۇ بىلىدىكەنسىز، مېنىڭ دادامغا ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىمغا قىلغان ۋاپاسىزلىقلىرىم ئازمۇ؟ كىشىلەرنىڭ ئۇ ئىشلارنى ئوڭايلا كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلىشى تەس.

نېمە دېگۈلۈك، دۇنيادا ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ ئوڭاي ئۇنتۇلمايدۇ، دېگەن گەپ بار. بەزىدە ئويلىمايلا دەپ تاشلىغان ئېغىز سۆزلۈك، چامدىغان بىرەر قەدەمىڭ بىرمۇنچە بەختسىزلىككە سەۋەب بولۇپ، كېيىن بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلساڭمۇ ئورنىغا كەلتۈرۈش قىيىن. بەزى سەۋەنلىكلەر ئەلۋەتتە ماددىلار بىلەن بېكىتىلگەن قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلمايدۇ. بىراق خەلق قەلبىدىن ئىبارەت يەنە بىر قانۇنمۇ بار. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ قانۇننىڭ ئەپۇسىغا ئېرىشمەك ھەقىقەتەن مۈشكۈل.

ئەنۋەرمۇ بىر پەس خىيالغا چۆكۈپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە ئادىلغا تەسەللى بەردى:

— نېمىلا دېگەن بىلەن دۇنيادا ياخشى ئادەملەر كۆپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى - كۆكسى دەريادەك كەڭ، ئەپۇچان، ئارتۇقچە غەم قىلماڭ، ئۇلار سىزنى چۈشىنىدۇ دەپ ئويلايمەن.

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى ئادىل بىردىنلا روھلانغان تەلەپپۇزدا، — ياخشىلىق ھامان غەلىبە قىلىدىكەن، ھېلىقى خاتىرىدە نامى تىلغا ئېلىنغان ھوشۇر ۋە قۇددۇس دېگەن ئىككى كىشى بار ئىدىغۇ، ھوشۇر دېگىنى ئەلەم كۆرىشى قىلىمەن دەپ بۇرۇنلا جېنىدىن ئايرىلغان، ئەمما قۇددۇس ھازىرمۇ ھاياتكەن، بۇ قېتىم ئۇمۇ سوت قىلىنىپتۇ. سوتتا سايىم مېنى قاتىللارنىڭ بىرى دەپ چىڭ تۇرىۋالغان ئىكەن. ئەنە شۇ قۇددۇس «بۇرۇن قىلغان زىيانكەشلىكىڭىزمۇ يېتەر. ھاكىمنى سايىم، ھوشۇر ۋە مەن — ئۈچىمىز ئۆلتۈرگەن، بۇ ئىشتا ئادىلنىڭ قىلچە گۇنايى يوق» دەپتۇ ۋە ماڭا قىلىنغان بارچە زىيانكەشلىكلەرنى تولۇق پاش قىلىپ، سايىمنىڭ ئۈستۈمدە توپلىغان ئاتالمىش «پاكىتلىرى» نىڭ ھەممىسىنى يوققا چىقىرىپتۇ. كۆردىڭىزمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇرۇنقى يامانلىقلىرىغا تۆۋە قىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ئاز ساندىكى جاھىللارنىڭمۇ ئۆزگەرمەي ئامالى يوق.

بىر سائەتتىن كېيىن ئۇلار قەۋرىستانلىققا يېتىپ كېلىشتى. بۇ كەڭ ۋە سۈرلۈك قەۋرىستانلىق خۇددى يۈز يىللاردىن بېرى ئۆز قوينىدا ساقلاۋاتقان ئاشۇ مەرھۇملارنىڭ جەسەتلىرىدەك سۈكۈتكە چۆمگەن ئىدى،

ئادىل دادىسىنىڭ قەۋرىسىنى يىراقتىنلا تونۇدى. بۇ قەۋرىستانلىق قەۋم دۆڭلىرىگە ياندىشىپ جايلاشقانلىقتىن، قەۋرىلەر يۇمشاق توپىنى دۆۋىلەپ خادا① تىكلەش بىلەنلا ياسىلاتتى. ئىلگىرى ھاكىمنىڭ قەۋرىسىمۇ باشقا قەۋرىلەردىن قىلچىمۇ پەرقلەنمەيتتى. ئادىلنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، دادىسىنىڭ جەسىدى دەپنە قىلىنغان يىلىنىڭ باھار پەسلىدە قەۋر بېشىغا كىملەردۇر گۈل تېرىپ ئۆستۈرگەن ئىكەن. بىراق «ئىنقىلاپچىلار» گۈللەرنى يۇلۇپ تاشلاپ، قەۋرىنى ئېپادىلەپ تۇرغان ئاشۇ كىچىككىنە دۆڭنىمۇ تۈزلىۋېتىشكەن ئىدى. بىراق ھازىر ئۇ مەقبەرە شەكلىدە ياسىلىپ، ئاپپاق ئاقارتىلىپتۇ. مەقبەرىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ھاكىمنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى يېزىلىپتۇ. مەقبەرە سۇپىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە كىچىككىنە گۈلزارلىق بەرپا قىلىنىپتۇ. قارىغاندا، بۇ قەۋرىنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ بولسا كېرەك، ئەتراپىدىكى بوش ئورۇن خېلىلا پەسلەپ كېتىپتۇ.

ئادىل قەۋرە ئالدىغا تىز چۆكۈپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئايگۈل بىلەن مۇراتمۇ قايغۇسىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىدى. پەقەت ئەنۋەرلا ئۈنسىز ياش تۆكەتتى.

— جېنىم دادا، كەچۈرۈڭ مېنى، مەندەك ۋاپاسىز ئوغلىڭىزنى كەچۈرۈڭ!...

ئادىل ئۆزىنى مەقبەرىگە ئېتىپ قەۋرىنى قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ ئازاپلىق پىغانلىرى باشقىلارنىڭمۇ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى. مەقبەرە ۋە گۈللەر كۆز ياشلىرى بىلەن سۇغۇرۇلدى ... شۇ ھالەتتە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىلمەيتتى. ھەممىدىن بۇرۇن ئەنۋەر ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ ئادىلغا تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ، ئېغىز ئېچىشقا تەمشىلىۋىدى، ئارقا تەرەپتىن ئاياق تاۋۇشى ئاڭلانغاندەك بولۇپ، بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇلاردىن ئون قەدەمچە نېرىدا بىر توپ ئادەملەر ئاستا كېلىۋاتاتتى. ئەنۋەر ئۇلارنىڭ چىرايىدا چەكسىز قايغۇ ۋە ئېچ ئاغرىتىش ئىپادىلىرىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈردى. ئەمما ئادىل ۋە ئۇنىڭ باشقا ئىككى ھەمرايى بولسا، ھېچبىرىسىنى سەزمىگەن ھالدا يىغلىشاتتى، نالە قىلىشاتتى. ئاڭغىچە ھىلىقى كىشىلەرمۇ قەۋرە يېنىغا كېلىپ گەپ - سۆزسىز تىز چۆكۈشتى - دە، بەزىلىرى ئىسەدەپ، بەزىلىرى بولسا ئۈنسىز ھالدا ياش تۆكۈشتى ... ئاخىرى ئۇلار ئارىسىدىكى ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان بىر كىشى ئورنىدىن ئاستا تۇردى - دە، ئادىلنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىنى تۇتتى. ئەنۋەر ئۇنى ئاشۇ ھاشىم بوۋاي بولسا كېرەك، دەپ ھاياجان ۋە ئەندىككەن ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى.

— ئوغلۇم ئادىل، سەۋرى قىل!

تىترەك ئاۋازدا ئېيتىلغان بۇ بىر جۈملە سۆزگە ئىچ ئاغرىتىش، ئەپۇ قىلىش ۋە خەيرى - خالىقنىڭ ئالەمشۇمۇل مەزمۇنى جەملەنگەن ئىدى.

ئادىل تېزلا ئارقىغا بۇرۇلدى - دە:

— ھاشىم بوۋا! — دېگىنىچە بوۋاينىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى.

بوۋاي ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى.

1984 - يىل ماي، ئۈرۈمچى.

① خادا — جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا قەۋرە بېشىغا كۆكلەپ تۇرۇدىغان دەرەخ كېسىلىپ ئورنىتىلىدۇ، بۇنى يەرلىك كىشىلەر «خادا» دەيدۇ.

# قەلب غەزەللىرى

ئەزىم ناسىر

## ۋەتەن

ۋەتەن سەن بىر گۈزەل گۈلشەن، سېنىڭدەك لالىزار يوقتۇر،
سېنىڭ ئىللىق سېخى قوينۇڭ كەبى كۆكلەم باھار يوقتۇر.

ئۆزەڭسەن دىلبىرىم سۆيگەن، مۇھەببەت تەختىگە سولتان،
جاھاندا سەن كەبى سۆيگەن يەنە بىر گۈلئۇزار يوقتۇر.

سېنىڭ مېھرىڭ ماڭا ھەردەم ئانامنىڭ مېھرىدەك ئىللىق،
ئوغۇلغا مېھرىنى تۆككەن ئانادەك غەمگۇزار يوقتۇر.

ھەۋەس قوزغار يۈرەكلەردە يېشىللىق ئىلكىدە قوينۇڭ،
جاھان گۈلشەنلىرى ئىچرە سېنىڭدەك سەبزەزار يوقتۇر.

سۈزۈك سۇلار يېشىل قوينۇڭ ئارا كۈمۈش كەبى چاقنار،
مەگەر كىمكى سەير ئەتسە، بېغىڭدەك سەيلىزار يوقتۇر.

مىۋەڭ شەربەت، سۈيۈڭ كەۋسەر، لەزىز نېمەتلىرىڭ قەندىن،
ھامان جەننەت بېغى ئىچرە گۈلۈڭدەك جىلۋىدار يوقتۇر.

سېنىڭ زەررە توپاڭ بىرلە پۈتۈلمىشتۇر مېنىڭ جىسمىم،
سېنىڭدىن ئايرىلار بولسام تېنىمدە كۈچ-مادار يوقتۇر.

سۈمۈرسەم ساپ ھاۋايىڭنى تاپار قۇۋۋەت تېنىم يايراپ،
تۇغۇلغاچقا سېنىڭدە مەن، مېنىڭدەك بەختىيار يوقتۇر.

چىراق سەن، بۇ ئەزىم پەرۋان، ساڭا ئەيلەر تەسەددۇق جان،
ساڭا بولغان كەبى مەپتۇن يەنە بىر ئىنتىزار يوقتۇر.

## دىل جەۋھىرى

نەزمىدۇر دىل جەۋھىرى، ھەر كىمنى شەيدا ئەيلىسە،
سۆيگۈدىن خۇش بۇي چېچەك دىللارنى رەنا ئەيلىسە.

قانچە كۆپ يىل ئۆتسىمۇ، ئۆچمەس قەلەم دۇردانىسى،
مەي كەبى مەسخۇش ئېتىپ كۆزلەرنى شەھلا ئەيلىسە.

نەزمىدۇر دىل چەشمىسى، ئۇ ھەم مۇھەببەت غەزنىسى،
ئۇ چىقار يار ۋەسلىنى ھەردەم تەمەننا ئەيلىسە.

تاپتىلى بولماس پەقەت ئالتۇننى كان قازماي تۇرۇپ،
كىم دىسۇن باتۇر ئۇنى مۇشكۇلگە پەرۋا ئەيلىسە.

سايرىشار بۇلبۇل بىلەن زاغمۇ ھامان ئۆز ئالدىغا،
بولمىغاي زاغ ئەندىلىپ ھەرقانچە غەۋغا ئەيلىسە.

ياشنىتار ھەردەم كۆڭۈلنى ھەرقاچان خۇشبۇي ئىپار،
قىممىتى بولماس ئۇنىڭ باشلارنى سەۋدا ئەيلىسە.

ئۇرغىسا ئىلھام يۇرەكتىن نەزمە ھەم شۆھرەت تاپار،
چۈن لەتىپ سۆزلەر ئارا كەۋسەرنى پەيدا ئەيلىسە.

ئۇنتۇماس شائىرنى ئەل، كۆتىرىپ باش ئۈستىدە،
ئاقتۇرۇپ سۆز ئۇنچىسى ئىلھامنى دەريا ئەيلىسە.

## كۆل

كۆلمىگىن بىھۇدە زىنھار، گۈل پۇراپ گۈلشەندە كۆل،
بەسلىشىپ يارىڭ بىلەن گۈلشەن ئارا يۇرگەندە كۆل.

بىر ئۆزەڭلا خوش بولۇپ، كۆلسەڭ بۇ زور بىمەنىلىك،
خەلقى ئالەم كۆڭلى يايراپ سەن بىلەن كۆلگەندە كۆل.

قالمىغىن يالغۇز - يىگانە، ياخشى دوستتىن ئايرىلىپ،
غەمگۇزار دىلكەشلىرىڭنىڭ قەلبىنى بىلگەندە كۆل.

دۈشمەنلىكگە نەپرەتلىكمۇ ھەرقاچان بولسۇن ئېنىق،
ئەلگە قارشى شۇم نىيەتلەر قان يۇتۇپ ئۆلگەندە كۆل.

ئىشلىگىن ئەل خىزمىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ،
ئەلگە قىلغان خىزمىتىڭنىڭ ئەجرىنى كۆرگەندە كۆل.

شان ـ شەرەپ خىسلەتلىرىڭنىڭ ئالدىدا دىل ئېرىسۇن،
بىلدۈرۈپ سۆيگۈ ـ ساداقەت نازىنىن سۆيگەندە كۆل.

كۆكلىسۇن ئارزۇلىرىڭنىڭ بىخلىرى قەلبىڭ ئارا،
چىن ھاياتىڭ، ئەمگىكىڭنىڭ پەيزىنى سۈرگەندە كۆل.

قىل كۈرەش ھارماي ھەممىشە، ئەگمىگىن مۈشكۈلگە باش،
كۆرىنىپ ئىقبال كۆزۈڭگە مەنزىلىڭ يۈتكەندە كۆل.

قان ـ تېرىڭ بىرلە داۋاملىق ئىزلىنىپ قىلغىن ئىجات،
شان ـ شەرەپ بوستانلىرىدا ياشلىغىڭ كۆلگەندە كۆل.

## سورا

بىلمىسەڭ گەر سۇ ئۈزۈشنى سۇدا ئۈزگەندىن سورا،
ئىزلىسەڭ گەر كان قېزىشنى كانغا كىرگەندىن سورا.

تەگمىگەي ئەسلا نىشانغا چەنلىمەي ئاتقاندا ئوق،
ئوق ئېتىشنىڭ يوللىرىنى ئۇستا مەرگەندىن سورا.

ئەجرى قىلماستىن شېخىدا قىزىرىپ پىشماس مىۋە،
بەلكى باغ ئەھيا قىلىشنى ئۇستا باغۋەندىن سورا.

كۆرمىسە دەھشەت سوغۇقنى كىم بىلۇر ياز قەدرىنى،
باغۇ ـ بوستان قىممىتىنى چۆلدە يۈرگەندىن سورا.

كىم يېتەر قەدرىگە راھەتنىڭ جاپا چەكمەي تۇرۇپ،
ئۈنچە تەرنىڭ لەززىتىنى تەرگە چۆمگەندىن سورا.

بولسا ھەركىمدە شىجائەت تەس ئەمەس تاغ يۆتكىمەك،
كۈچ ـ جاسارەتنى ھەممىشە مەردۇ ـ مەرداندىن سورا.

## ئۈرگىلەي

باغلىدىڭ رىشتىڭنى ئەلگە، خىسلىتىڭدىن ئۈرگىلەي،
ئەلنى دەپ چەككەن رىيازەت - مېھنىتىڭدىن ئۈرگىلەي.

ئاققۇزۇپ تەر ماڭلىيىڭدىن ئالمىدىڭ ھەرگىز ئارام،
پىچىتا تاۋلانغان پولاتتەك غەيرىتىڭدىن ئۈرگىلەي.

ئىنتىلىپ ئارزۇ يولىدا ئەڭ بۈيۈك مەنزىل تامان،
كېچە - كۈندۈز ئەلگە قىلغان خىزمىتىڭدىن ئۈرگىلەي.

ۋايىسماي مۈشكۈل - جاپاغا ھەرقاچان بەرداش بېرىپ،
ئەڭ قىيىن ئۆتكەلنى بۆسكەن جۈرئىتىڭدىن ئۈرگىلەي.

نۇر چېچىپ پەن ئاسمىنىدا چاقنىدىڭ يۇلتۇز كەبى،
ماڭغۇچى سەپنىڭ بېشىدا سۈرئىتىڭدىن ئۈرگىلەي.

شان - شەرەپ خىسلەتلىرىڭنى ئەل ھامان تەرىپ ئېتەر،
شۇنچە چەكسىز خەيرىخاھ ھەم ھۆرمىتىڭدىن ئۈرگىلەي.

ئەيلىسەم قەلبىمنى ئىزھار خىسلىتىڭدىن زوقلىنىپ،
پەن ئۈگەن دەپ ماڭا قىلغان رىغبىتىڭدىن ئۈرگىلەي.

مەنىلىك ئۆتتى ھاياتىڭ ئاقۇەت تاپتىڭ زەپەر،
ئەلنى دەپ قىلغان پاراسەت - ھىكمىتىڭدىن ئۈرگىلەي.

ئاپىرىن ئېيتتىم يۈرەكتىن ياغدۇرۇپ ئالقىش ساڭا،
مېھنىتىڭدىن، ئەلگە سۇنغان شەربىتىڭدىن ئۈرگىلەي.

## بولمىسا

يار ئەمەس باشىڭغا كۈن چۈشكەندە غەمخار بولمىسا،
سەن بىلەن راھەت - جاپادا بىرگە ھەمكار بولمىسا.

قىممىتى بولماس ۋىسالنىڭ ئاقمىسا ھىجران يېشى،
سەن ئۈچۈن تۈن كېچىلەر ئۇيقىدىن بىدار بولمىسا.

لەيلىنىڭ ئىشقىدا مەجنۇن يۈردى چۆللەرنى كېزىپ،
يەتمىگەي ئەردى ۋىسالغا نامى ئاشكار بولمىسا.

كۆچ-جاسارەت بىرلە پەرھات تاغ كېسىپ يۈرمەس ئىدى،
بەلكى شىرىندەك چىرايلىق قىزغا خۇشتار بولمىسا.

مەنىسىز ئۆتكەن ھاياتىنىڭ لەززىتى بولماس پەقەت،
بىلمىگەي ئەسلا بەختنى غەمگە دۇچار بولمىسا.

سۆيگۈدە ھەردەم نىگارنىڭ ۋەسلىگە يەتمەك كېرەك،
قونمىغاي بۇلبۇل چىمەنگە لالە-رۇخسار بولمىسا.

ئۈمە ئۈن ئازغان-تىكەنلەر سۆيگۈ گۈلزارى ئارا،
گۈل ئۆسەلمەس چۆلدە ھەرگىز بەلكى گۈلزار بولمىسا.

سايرىماس گۈلزار ئىچىدە ھىچقاچان زاغ شات كۈلۈپ،
ئۇ نىچۈك قىلسۇن ناۋالەر گۈلگە خۇشتار بولمىسا.

پاك مۇھەببەت گۈلشىنىگە چاڭ سالار قۇۋ تۈلكىلەر،
جان پىدا قىلماققا ھەردەم بەلكى شۇڭقار بولمىسا.

## كەتتى قەلبىمگە سىڭىپ

تىتىرىدىم شۇ ئان يىراقتىن سەن نىگارىمنى كۆرۈپ،
سەندە بولغاچقا خىيالىم ئوت-پىراقىڭدا كۆيۈپ.

چاچلىرىڭ گوياكى ئايسىز كېچىلەردەك قاپ-قارا،
ئىككى مەڭزىڭدىن ھەمىشە شوخ شامال ئوينار سۆيۈپ.

يورىتار تۈندە جاھاننى نۇرلىنىپ شەھلا كۆزۈڭ،
چىقسا مەڭزىڭگە قىزىللىق خۇددى چولپاندەك كۈلۈپ.

ياغسا ھۆسنىڭدىن ئاجايىپ خۇش لاتاپەتنىڭ نۇرى،
قاشلىرىڭ ئەيلەر تەبەسسۇم قەددىنى يادەك ئېگىپ.

ئەسلىتەر يا ئوقلىرىنى كىرپىگىڭنىڭ ھەر تېلى،
ئىرغىتار كۆڭلۈم قۇشىنى ھەر قىيا باقساڭ تېگىپ.

ياندۇرار كۆكسىمدە بىر ئوت ھەر نەپەس ئىشقىڭ چوغى،
كۆيسەمەن ۋەسلىڭ ئوتىدا مەنمۇ ھەم چوغدەك يېنىپ.

ئويغىتىپ قەلبىمدە بىر ھىس شۇ گۈزەل ھۆسنۈڭ سېنىڭ،
تاڭ سەھەر شەبنەملىرىدەك كەتتى قەلبىمگە سىڭىپ.

كۈتىمەن ھەردەم سېنىڭدىن بۇ مۇھەببەتكە جاۋاپ،
ئېھتىرام بىرلە ھەممىشە قولنى كۆكسىمگە ئېلىپ.

# يول ناخشىلىرى

(سىكىل)

ئابدۇللا ياقۇپ

## يوللار تومۇر ئانا ۋەتەنگە

ئاپتوموبىلنى بارسەن ھەيدەپ،
كۆمۈش يىپتەك سوزۇلغان يولدا.
يىراقلارغا تاشلىنار كۆزۈڭ،
قولۇڭ تىنىم تاپمايدۇ رولدا.

يولغا سايە سالغان دەرەخلەر
ساڭا ئىلھام ئېتىدۇ بەخش.
كەينىڭگە قالغان نەينەكلىرىڭگە
ياز يامغۇرى چېكىدۇ نەقىش.

تاغ شامىلى كىرسە كۆزنەكتىن،
يايراپ كېتەر يۈرىگىڭ سەگىپ.
داۋانلارغا چىققىسەن گاھى،
توقايلاردىن ئۆتىسەن ئەگىپ.

ساڭا ئالقىش ياغدۇرۇپ ئارتتا،
قالار ئەنە يېشىل داللار،
ساڭا قاراپ كۈلۈمسىرەيدۇ
يول بويىدا تۇرغان باللار.

كەينىڭگىدە يانسەن ئوتتەك،
قار قوينىنى كەلسە يىقىراپ.
مۇشكۈللەرنىڭ يېرىپ كۆكسىنى
ئاپتوموبىلىڭ ئۇچار غىقىراپ.

ئاپتوموبىلنى بارسەن ھەيدەپ،
يولدا دائىم بىخەتەر، راۋان،
يوللار تومۇر ئانا ۋەتەنگە،
سەن ئۇنىڭدا ئاققان قىزىل قان.

## يوللار — ئوچاق

يۈك بېسىپ لىق ئاپتوموبىلىڭغا
چىققىنىڭ يەنە سەپەرگە تۈندە.
يۈرمەكتىسەن تۈن قاراڭغۇسى
ھۆكۈم سۈرگەن بىپايان چۆلدە.

بىر جۈپ چىراق چاقناپ ئالدىڭدا،
يولغا تەكشى چاچىدۇ نۇرنى.
تۈن ئۇيقۇسى بولار ئاۋارە،
كۆزلىرىڭگە سالالماي تورنى.

كەپىنكەڭنىڭ ئەينەكلىرىدىن
ئايمۇ ساڭا كۈلۈپ قارايدۇ.
ۋۇجۇدۇڭدا قايناپ جاسارەت،
يۈرىگىڭگە شاتلىق تارايدۇ.

بىلدىم يولدا سانسىز كېچىنى
ئەنە شۇنداق ئۆلاپسەن تاڭغا.
بوپتۇ يوللار سەن ئۈچۈن ئوچاق،
ئايلىنىپسەن پولاتقا-گاڭغا.

## ئۈيۈلۈپ قالدى

ئۇزۇن يولنى، چۆللەرنى بېسىپ،
كىرىپ كەلدىڭ كۆچۈم مەلىگە.
كەلگىنىڭدە ئۆيۈڭ ئالدىغا،
سىگنال ئۇنى كەتتى نەلىگە.

كەنجى ئوغلۇڭ تونۇدى بولغاي،
يۈگۈرەپ چىقتى «دادام كەلدى!» دەپ.
كەپىنكىدىن چۈشۈپلا ئۇنى
سۆيدۈڭ «ئوماق بالام كەلدى!» دەپ.

چىقىپ چاپسان ئىشىك ئالدىغا،
كۈتۈۋالدى ئايىلىڭ يولدا.
سىنى شۇنچە سېغىنغانىمكىن،
سوغىتىمۇ بار ئىدى قولدا.

باقتىڭ تويماي ئۇنىڭ هۆسنىگە،
هۆسنى ئايدەك تۈيۈلۈپ قالدى.
دىمەكچىدى ئۇمۇ ساڭا گەپ،
بالىلاردىن ئۈيۈلۈپ قالدى.

«پات-يېقىندا كېلىمەن» دىدىڭ،
قولۇڭنى تېز ئۇزاتتىڭ رولغا.
ئانا-بالا تىلىدى ئاق يول،
سەن تاقەتسىز ئاتلاندىڭ يولغا.

## زەپەر كۆيى

ئەتىگەندىن چىققى چۈشكىچە
ماڭغان ئىدىڭ پىژغىرىم سايدا.
ئاپتوموبىلنى توختاتتىڭ ئەمدى،
بۇلاق سۈيى ئاققان بىر جايدا.

كەپىنكىدىن چۈشۈپلا يەرگە،
تەييارلىنىپ تۇردۇڭ بىلەكنى.
زاپچاسلارنى چىقتىڭ تەكشۈرۈپ،
قولغا ئېلىپ ئامبۇر، چىلەكنى.

ئەينەكلەرنى سۈرتتىڭ پاكىزە،
ۋېنتىلارنى چىڭىتتىڭ مايلاپ.
ساڭا بوپتۇ ئاشۇ ئىش ئادەت،
يول يۈرسەڭمۇ هەپتىلەپ-ئايلاپ.

ئاستا-ئاستا سوۋىدى ماتور،
قۇيغىنىڭدا بۇلاق سۈيىنى.
ئاپتوموبىلىڭ گۈرۈلدەپ يەنە
جاراڭلاتتى زەپەر كۆيىنى.

# شېئىرلار

مۇتەللا ئىبراهىم

## هايات ۋە ئوت

قىلىپ پارلاق بىر تەۋەرۈك قەدىمدىن،
كېلەر هايات هامان ساقلاپ ئېلىپ ئوت.
سولماس قىزىل لالىسىدەك گۈلزارىناڭ،
كېلەر ئوتمۇ كەڭ هاياتنى قىلىپ يۇرت.

قان - قېرىنداشلارغا دىلدا ئاشتىي ھۆرمەت ئۆزگىچە.
قوش قەۋەت راۋاغىدا كۈتكەندە دوستۇم كەچقۇرۇن،
بەزمىدە ئوييناپ يۈرەك ۋە ئالدى لەززەت ئۆزگىچە.
يېزىنىڭ گۈلزارىنى كەزدىم ئاشۇنداق شەۋق بىلەن،
بەردى ئىلھام بۇ قېتىم سەيلە، زىيارەت ئۆزگىچە.
مەن سۆيەتتىم ئاشۇ ئالتۇن تۇپرىغىڭنى ئەسلىدىن،
ئاقتى مېھرىم سەل بولۇپ، ئاشتى مۇھەببەت ئۆزگىچە.

## هۆسنخەت

ئىلھامجان ئابلىز

زوق بىلەن تويماي قارايمەن دىلخۇمارىم، هۆسنخەت
گۈل سۈپەت ئول پەرى يەڭلىغ جان ئارامىم. هۆسنخەت.

هەر ۋاقىت باقسام سىياقىڭ دىلنى ئەيلەر مەھلىيا
ئىشقىۋاز ئاشىق ئېرۇرمەن ئىنتىزارىم، هۆسنخەت.

گەر كىشى كۆرسە «شىكەستە»① «ئەسلىيە»② «رەيھانە»③ نى
بوپ قالار هەيرانە - هەس گۈلئۈزارىم، هۆسنخەت.

«تەلىق»④ بىرلە «سولوس»⑤ تا گۈل چېكىپ يازسام ئەگەر
مەھلىيا ئەيلەر جاھاننى نۇر چاچارىم، هۆسنخەت.

گەر يېزىپ خەتلەر بىلەن سالسام كۆرەككە مەن سېنى
«رۇقئە»⑥ بولغاي چوققۇم شۆھرەت تاپارىم، هۆسنخەت.

«مەڭگۈ تاش» بىرلە «دىۋان» مۇ ئۇز بىزەلگەن سەن بىلەن،
مەرىپەتنىڭ ئاسمىنىدا بىباھايىم، هۆسن

ۋارىس بولۇپ سەنئەتكە خەلقىمىزنىڭ هەر قاچان
تېخىمۇ گۈلدەك بىزەش سېنى قارارىم، هۆسنخەت.

①،②،③،④،⑤،⑥ - هۆسنخەت تۈرلىرىنىڭ نامى.

Altunoq

# رۇبائى ۋە پارچىلار

**ئابلىكىم تۇردى**

1

مىسكىن چېغىمدا «ئاھ! ۋەتەن...» دىگەن
ئۇنتۇما ئۇنى ھالالىنغىنىڭدا؛
مەرتلەر قاتارى ئالسەن ئورۇن
ۋەتەن مېھرىدە تاۋلانغىنىڭدا.

2

سەن غادىيىپلا يۇرۇشنى ئەمەس،
ئەتراپقا قاراپ مېڭىشنى ئۆگەن؛
رەقىپنى پەقەت تىللاشنى ئەمەس،
گاھى رەقىپتەك يېڭىشنى ئۆگەن.

3

ئى، ھۆرمەتلىك زات، مۆتىۋەر - ئەسلىك،
بىر نەپسىڭ ئۈچۈن قىلمىغىن پەسلىك؛
«سەردار» تۇرۇپسەن ۋىجدان بۇلغۇساڭ
پۈتۈن مىللەتنى باسمامدۇ نەسلىك؟!

4

نىمىشقا يوق بەزىلەردە مېھرى - سۆيگۈ
ھىممەت ۋە ياكى سەممىيەت ھەم؛
ئايرىپ تۇرغاندەك دىلنى دىللاردىن
چوڭقۇر خەندەك، يا دوزاق - جەھەننەم؟!

5

گاھ لۆم - لۆم مەخسۇمدەك يۇۋاش بولمىغىن،
قول مىجەزلەرگە قاياش بولمىغىن؛
ياخشىنى بوزەك قىلىپ، ياماندىن قورققان
رەزىللەر بىلەن ئاداش بولمىغىن.

6

ئۈمىت شامىڭنى ئۆچۈرمە، ھېكىم،
ۋىجدان شاھلىرى شېھىت بولدى دەپ؛
كۆرمىگىلىغان مەرت ئىز باسار يەنە،
«يىلتىز قۇرۇتۇش» دىگەن قۇرۇق گەپ!

7

دۆلەتنىڭ قۇشى خۇددى لاچىندەك
كۆكتە پەرۋاز قىپ قونسۇن قولۇڭغا؛
لېكىن ھوشيار بول يىلان - چاياندىن،
پىنھانە ياتار باسقان يولۇڭدا.

8

خوشامەت ھۆرمەتكە ئوخشىشىپ كېتەر،
ئاقىللار ئىككىسىنى ئاسان پەرق ئېتەر؛
ھۆرمەتتىن ياغىدۇ يارقىن مۇھەببەت،
خوشامەتكۈيلۇقتىن سوغ كۆلكە پەقەت.

9

يامانۇ - يامان دەيسەن ھەممىنى
ئۆزەڭ ياخشىسەن زادى قانچىلىك؟
«ئۇتۇق» لىرىڭنى جەملەپ كۆرسەممەن
بەرھەق يوق ئىكەن كەسىر سانچىلىك!

10

بىر دوستۇمغا سالام قىلسام ئېگىلىپ
غادايغانچە — بىلىنمۇ ئەگمىدى؛
ئويلاپ قالدىم: «تۈنۈگۈنكى كونا دوست —
ئەۋلىستە شۇنداق سۈرلۈك بەگمىدى؟!»

11

پىتنىلەر تېرىش نامەرت «ھۈنىرى»
بۇلۇڭ - پۇشقاقتا قىلار ئۇ ھەركەت؛
پاكىت بىلەنلا ئۇرساڭ «ئاغزى»غا
تۆھمىتى بىلەن سالالماس دەھشەت.

12

گاھى بىرسى باشلىق بىلەن تەگىشىدۇ،
ھەق ئۈچۈن دەپ گىزى كەلسە سەتلىشىدۇ؛
تەككۈزسە نەپ ئازراقىنە ئاشۇ باشلىق،
ھەقنى ئۇنتۇپ، ئاڭا يېقىن ئەگىشىدۇ.

13

دوق قىلما دوستۇم: «راست گەپنى قىلىپ
تارتقىنىڭ يېتەر زىيانلارنى ...» دەپ؛
زىياندىن قورققان راستچىل ئاتالماس،
شانىمۇ قۇچالماس يالغاندىن تىلەپ.

# بەختىمنى كۈيلەيمەن نەزمەمدە ھەر كۈن

ئۆمەر مۇھەممەت ئىمىن

## ئىستۇدېنت ناخشىسى

تەنتەنە تۆرى چاقنار كۆزلىرىمدىن،
ھاياجان كېزەر پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدا.
يۈرىكىم سائىتى شوخ چېكىلىدى،
قان بولۇپ ئاقتى شاتلىق تومۇرۇمدا.
بەختىيار يىگىتتۇرمەن، كۆڭلۈم پۈتۈن،
چۈنكى مەن ئىستۇدېنت بوپ قالدىم بۈگۈن.

مەكتىۋىم قوينىغا كۆز تاشلىغاندا،
غۇرۇرۇم دەريا بولۇپ ئۆركەشلىدى.
دەس تۇرۇپ گويا يۈسۈپ، مەھمۇت بوۋام...
«ئوقۇغىن، ئوغلۇم!» دېدى، تەبرىكلىدى.
ياشىرىپ روھىم بېغى تاپتى ھۆسۈن،
چۈنكى مەن ئىستۇدېنت بوپ قالدىم بۈگۈن.

شىجائەت بايرىقىم شوخ لەپىلدىدى،
پەن بېغى ئىچرە قەدەم باسقىنىمدا.
ئۈمىتلىك نىيەتلىرى تەق بولۇشتى،
تىزىلىپ قاتار قەلبىم داسقىنىدا.
ئارزۇيۇم ئاسمىنىدا پارلىدى كۈن،
چۈنكى مەن ئىستۇدېنت بوپ قالدىم بۈگۈن.

لاۋۇلداپ يۈرىكىمدە غايە ئوتى
ئىرادەم شەمشىرىنى تاۋلىماقتا.
كېلەچەك دىلبىرى كەڭ قۇچاق ئېچىپ،
ئىنتىزار بولۇپ «كەل!» دەپ توۋلىماقتا.
بەختىمنى كۈيلەپ نەزمە يازماي نېچۈن،
چۈنكى مەن ئىستۇدېنت بوپ قالدىم بۈگۈن.

## ئىللىق ھاۋا

قانغىچە سۆيدى زېمىننى ئويغىتىپ ئىللىق ھاۋا،
توك قامالدىن ئېكىننى ئويغىتىپ ئىللىق ھاۋا.

قىلدى نەغمە شاتلىنىپ دەريايۇ ـ ئۆستەڭ ھەم ئېرىق،
كەزدى خۇش ھەربىر ئېقىننى ئويغىتىپ ئىللىق ھاۋا.

يەر يۈزىنى يۇدى ئاسمان پەرىسى ئىخلاس بىلەن،
چىللىدى ئىشقا يېغىننى ئويغىتىپ ئىللىق ھاۋا.

ھەر يۈرەك شاتلاندى بىھەد، ئىختىيارسىز روھلىنىپ،
كەلدى ئېپ كۆپ ئوكسىگېننى ئويغىتىپ ئىللىق ھاۋا.

باش كۆتەردى قىر، دالادا بەسلىشىپ بارچە گىيا،
كىيدى يەر كۆپ ـ كۆك ئېگىننى، ئويغىتىپ ئىللىق ھاۋا.

تاپتى ھەتتاكى بىمار قوڭغۇز، قۇرۇت ساقلىق، مادار،
ئۇردى گويا پېنتسىلىننى ...، ئويغىتىپ ئەللىق ھاۋا.

سەيلە خالاپتى كۆكۈل، بىردىنلا يارنىڭ باغىغا
باردى باشلاپ ئۇ، ئىمىننى ئويغىتىپ ئەللىق ھاۋا.

## خۇشتارىڭىز

(گۈلنار ئىمىنىگە بېغىشلايمەن)

ئەي گۈزەل، مەيلىمنى مەپتۇن ئەيلىدى خۇشتارىڭىز،
ئۈستۈرۈپ روھىمنى جۇشقۇن ئەيلىدى خۇشتارىڭىز.

قورشىدى قەلبىمنى كۈي لەشكەرلىرى بىردەمدىلا،
سېھىرلەپ كۆڭلۈمنى تۇتقۇن ئەيلىدى خۇشتارىڭىز.

يەتكۈزۈپ جان بۇلبۇلۇمنى قوندۇرۇپ گۈل شاخىغا،
كۈلدۈرۈپ ھەر دەمدە مەمنۇن ئەيلىدى خۇشتارىڭىز.

خۇددى ياشلىقتا يۈرەككە ئوتنى سالغان يار كەبى،
نازلىنىپ ئەقلىمنى مەجنۇن ئەيلىدى خۇشتارىڭىز.

قانمىدىم خۇشتارىڭىزدىن تىڭشىساممۇ كۈي ئۇدا،
كۈنسېرى سۆيگۈمنى كەلكۈن ئەيلىدى خۇشتارىڭىز.

دەر ئىمىن: خۇشتارىڭىزغا بولدى خۇشتار ياش يۈرەك،
ئورنىنى كۆڭلۈمدە ئۈستۈن ئەيلىدى خۇشتارىڭىز.

## ئىككى شېئىر

ئەرشىدىن راشىدىن

### كىيىمگە قاراپ ...

مەن كىرسەم خانىڭىزغا، كۆرسەتتىڭىز —
باش بىلەن ئورۇندۇقنى ئىما قىلىپ.
ئۇ كىردى، كۆرۈشتىڭىز شۇنچە قىزغىن،
يەتكىچە سالام - سائەت بېجا قىلىپ.

لال قىلدى مېنى بۇنداق مۇئامىلە،
ئويلىدىم: «بۇلار يېقىن - يورۇقكەن - ھە!»
ھايالسىز، ناتونۇشلۇق بولدى ئايان،
«نىچۈن مەن قەدىرسىز، ئۇ ئۇلۇغكىنە؟»
دىدىم - دە، كىرگۈچىگە سالدىم نەزەر،
بىلدىمكى، ئۇمۇ مەندەك بىر ياش ئىكەن.

بىراق، ئۇ كىيىنىپتۇ مەندىن پۈزۈر،
پەرقىمىز بىزنىڭ پەقەت ئۇستىباشكەن.
قىلغاندەك نائىل كاتتا زىياپەتكە،
نەسىردىن ئەپەندىنى پەرىجىسى،
باغلىقمۇ ئۇستىباشقا بۇرادىرىم،
سىزنىڭچە ئادەملەرنىڭ دەرىجىسى؟

## ئوخشىمىغاچ شېئىرىڭغا قەلبىڭ ...

ئەسىرىڭنى سۆيەتتىم قەۋەت،
ھۆرمىتىمگە ئىدىڭ سازاۋەر.
كۆرمەي تۇرۇپ سېنى سانايتتىم
ئۇستازلىرىم بىلەن باراۋەر.

دىمىسىمۇ ئەشئارلىرىڭدا
چاقنار ئىدى تالانت، ماھارەت.
گۈزەللىككە ياگرايتتى ئالقىش،
سېزىلەتتى ئىللىق ھارارەت.

كۆرۈشمەككە سەن بىلەن شۇڭا،
كۆپ ئىنتىزار بولغىنىممۇ راست.
كۆرۈشۈپلا ئىخلاسىم يېنىپ،
سەندىن بىزار بولغىنىممۇ راست.

ئەشئارلىرىڭ ئىكەن قول چىراق،
يورۇيدىكەن ئۇنىڭدا يىراق.
سىنچىلاپسەن ئۆزگە چىرايغا،
يورۇتماپسەن ئۆزەڭنى بىراق.

مەن سانايتتىم: شائىر قەلبىگە
ئۆز شېئىرى سادىق تەرجىمان.
ئوخشىمىغاچ شېئىرىڭغا قەلبىڭ،
شۇ ئويۇمغا تۇغۇلدى گۇمان.

# ئىككى شېئىر

**پەرھات ئىلياس**

## قايتتى ئەنە پادىلار

كەچكى شەپەق نۇرىدا
تاۋلىنىدۇ ۋادىلار.
مەلىلەرنى بىر ئېلىپ،
قايتتى ئەنە پادىلار.

ئۆي - ئۆيلەردە موزايلار
مۆرىشىدۇ بەس - بەستە.
ساقال سىپاپ بوۋايلار
قارىشىدۇ ھەۋەستە،

چاۋاك چېلىپ سەكرىشەر،
شوخلۇق قىلىپ باللار.
چىلەكلەرنى كۆتىرىپ
چىقتى مانا ئانىلار ...

باغلاق تۇرغان موزايلار
ئانىسىغا ئېتىلدى.
ئوغۇز ئىمىپ ئۇنىڭدىن،
كۈچىگە كۈچ قېتىلدى.

ئوغۇز كەبى چەلگىن سۆت
توشقىنىدا چىلەككە.
شۇدەم خوشال كۆلكىلەر
ياڭرىدى ھەر تەرەپتە.

## ياندى نۇرلۇق چىراقلار

قۇياش مۆكۈپ تاغلارغا،
ياندى نۇرلۇق چىراقلار.
كۆكتە يۇلتۇز پىچىرلار،
چىكىپ ھەسرەت - پىراقلار.

نۇر ئىلكىدە جان يېزام،
تولدى گۈزەل سىياققا.
مېھرىم تېشىپ مەنمۇ ھەم،
ئايلاندىم بىر چىراققا...

## ئايدىڭ ناخشىسى

ناخشا توۋلاپ جان دادام،
كەتتى توپان ئاتقىلى.
گۈزەل ئايدىڭ كېچىدە،
ئۈنچە - مارجان چاشقىلى.


دىلدا ئوتلۇق بىر تۇيغۇ،
ماڭدىم مەنمۇ باراي دەپ.
ئالتۇن مۇنار، خاماندا
ئاڭا ھەمرا بولاي دەپ.

توسۇپ مېنى جان ئانام،
دىدى: «تېخى بالىسەن.
ئۇخلا، ئوبدان ئارام ئال،
چوڭ بولغاندا قىلىسەن...»

ئولتۇرۇمەن، كېچىدە،
ئۇيقۇم زادى كەلمەيدۇ.
ئىشچان دادام ئوبرازى،
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

خىيال سۈردۈم بىرھازا،
مېھرىم ئېشىپ دادامغا.
شېئىر يېزىپ شۇ ئاخشام،
قاتتىم ئۇنى ناخشامغا.

AltunOq



# قۇربانلىق

(ھېكايە)

توختى ئايۇپ

قەمبەرخان ئۆزىنىڭ تىكەندەك يالغۇزلىغىغا ھەم قولىنىڭمۇ قىسقىلىغىغا قارىماي، بۇ يىل قۇربان ھېيت كۈنى قوي ئۆلتۈرگۈزۈپ، ھېيت-ئايەمنى گۆش-ياغ ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋالغاندەك قىلغان ئىدى. ئەمما ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ ھېيتتا يىگەن گۆش، ساگىزنىڭ ئاغزىمىزدا تەممۇ قالمىغان بۇ كۈندە ئۇنىڭ قۇربانلىق قىلغان ئاشۇ قويىغا قوسىغىنى ئاغرىتىپ «ئاھ-ۋاھ»لاپ يۈرگىنىنى ئاڭلاپ، بىز ئۆيدىكىلەر غىقىقىدە بولۇپ قالدۇق.

بىز قەمبەرخانىنىڭ ئۆيىگە ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى ھېيتلاپ كىرگەن ئىدۇق. ئۇ لىگەنگە سۈزۈپ ئالدىمىزغا ئەكەلگەن گۆشتىن ئايالىم قانچىلىك يېۋىدىكىن، لېكىن مەن كىچىككىنە، يالاڭ قوۋۇرغىسىلا ئېغىز تەككەن ئىدىم. مەيلى، گۆشتىن قانچىلىك يىگەن بولاي، ئاشۇ قوينىڭ بىر توغرام گۆشىگە داخىل بولغىنىم ئۈچۈن، تەبىئىكى قەمبەرخانىنىڭ ئەمدىكى گەپ-سۆزلىرى ئەلۋەتتە ماڭا تەگمەي قالمايتتى. ھەممىدىن يامان يېرى: قەمبەرخانىنىڭ نەچچە خوشنىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ: «ئىست، ئىست، شۇ تەۋەررۈك قويۇمنى مۇشۇك بالىسىنى يىگەندەك يەپ كېتىشتىغۇ ئۇلار...» دەپ يىغلاپ دەردىنى ئېيتىپ چىققانلىغىنى ئاڭلىغىنىمدا، خۇددى گېلىمگە ھونىناق چىققاندەك بولۇپ، نەچچە كۈنگىچە تۈزۈككىنە تاماق يېيەلمەي يۈردۈم. قەمبەرخانىنىڭ بۇ يىغا-نالىسى خۇلۇم-خوشنىلار ئارىسىدا سۆز-چۆچەك بولۇپ، نەچچە كۈن ئىچىدىلا پۈتۈن كوچا، مەھەللىگە يېيىلدى. ئەسلىدە قەمبەرخان توغرىلىق سۆز ئېچىلسىلا ئۇنىڭ يىگانە-يالغۇزلىغى ھەم ئاجىزلىغى ئۈچۈن ئىچ ئاغرىتىپ كېتىدىغان خوشنىلار ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ غەيۋىتىگە — يامان گېپىگە ئۆتكەن ئىدى. شۇ-دەمكىشىلەر قوينى يالغۇز ئۆزى يېيىش ئۈچۈنلا قۇربانلىق قىلمايدىغۇ. باشقىلارغا يىگۈزۈشكە چىدىمىغان ئادەم قوي قۇربانلىق قىلمەن دەپ ئۆزىگە نېمە دەرت تاپاتتىكىن؟ بىر توغرام مىننەتلىك گۆشنىڭ ئىككى ئايدىن كېيىن قوسىغىمىزنى ئىسىدىغانلىغىنى بىلگەن بولساق، شۇ كۈنى لىگەنگە قول ئۇزاتمىغان بولاتتۇق.

قەمبەرخان ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان خۇشچىراي، ئەدەپ-قائىدىلىك، بىجە-

رىم ئايال ئىدى. بىر ئۇنىڭ خېلى بۇرۇنىلا
ئۆلۈپ كەتكەن يولدىشىنىڭ ئىدارىسىدىن ھەر
ئايدا بېرىدىغان ئازغىنە تۇرمۇش خىراجىتىـ
گە تايىنىپلا كۈن كەچۈرۈپ كېلىۋاتقىنىنى،
ئەزىمەت ئىسىملىك تىغدەك يالغۇز، ئارزۇـ
لۇق ئوغلىنىڭ ئۇزاقى يىلى ئالى مەكتەپنى
پۈتتۈرگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ
قايسىبىر ناھىيىسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنـ
غانلىقىنى بىلەتتۇق. قەمبەرخاننىڭ مۇشۇ
ھويلىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيدە تەنھا ياشاپ
كېلىۋاتقىنى بولمىسا، خۇلۇم ـ خوشنىلارنىڭ
ئۆز ئۆيىدىكى ئادىمىدىن زادى پەرقى يوق
دىسەمۇ بولاتتى. ھىچقايسى ئۆي قەمبەرخانـ
نى چاقىرماي، ياكى ئۇنىڭغا بىر قاچا ئاش
كىرگۈزمەي تاماق يىمەيتتۇق. خوشنىلارنىڭ
مۇنچىلىك ئامراق، يېقىنچىلىقى ئالدىدا قەمـ
بەرخانمۇ قولىنى قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايتتى:
ئۆي ـ ئۆيدىكى ئۇششاق باللارنى قاتار تەشـ
تەكتە رەڭمۇ ـ رەڭ گۈل ئۆستۈرۈلگەن
ئازادە، خىلۋەت ھويلىسىغا يىغىۋېلىپ،
ئۇلارنى ھەمىشە داستىخىنىدىن ئۆكـ
سىمەيدىغان تاتلىق ـ تۈرۈم يىمەكلىكلىرى
ھەم ئېيتسا ـ ئېيتسا تۈگىمەيدىغان قىزىق
چۆچەكلىرى بىلەن ئەمەك قىلاتتى. بىر بۇنـ
داق چاغدا شۇ كەپسىز باللىرىمىزنىڭ جىدـ
دەل ـ غەۋغالىرىدىن بىردەمگىنە خالاس بوـ
لۇپ، ئۆينىڭ دۆۋىلىشىپ قېلىۋاتقان خېلى
بىر ئىشلىرىنى قىلىۋالاتتۇق. قەمبەرخاننىڭ
كۆڭۈل ھىممىتى يالغۇز ئۇلا ئەمەس ئىدى،
ئاياللىرىمىز كىر يۇيۇشقا ئەمدىلا تۇتۇنغاندا،
ئۇ نەدىن بىلىۋالاتتىكىن، يەڭلىرىنى تۈرگىنـ
نىچە ھويلىمىزغا كىرىپ:

ــ قوپۇڭ خېنىم، باشقا ئىشلىرىڭىز
بولسا قىلىڭا، ئوپكە قۇيغاندەك مىجىپ ئولـ
تۇرغانغا كىرنىڭ جېنى چىقامدۇ؟ ــ دەيتتى.
دئاندىن ئۇزۇن چىت كۆينىكىنىڭ پېشىنى
ئالماپ بېلىگە قىستۇرۇۋېلىپ، داسنىڭ ئالـ
دىغا ئەپچىلگىنە جايلىشىپ ئولتۇراتتى ـ دە،
بېشىدىكى ياغلىقىنى چېكىلەپ تېڭىپ، پىشاـ
نىسىگە ساڭگىلاپ قالغان ئاق چاچلىرىنى
ياغلىقىنىڭ چېتىگە قىستۇرغاندىن كېيىن، قوـ
لىنى كىرگە تىقاتتى. خوشنىلار ھەر قېتىم
نان ياققاندا نانىنىڭ زۇۋۇلىسىنى ئېتىش،
يۇزىنى ئېچىپ تۆكچە چېكىش، ھەتتا تونۇرـ
نىڭ تاۋىسىنى تەڭشەپ، تۇز چېچىپ، نان
يېقىشقىچە بولغان ئىشلارغا ئۇنىڭ ئەپچىل
قوللىرى تەگمەي قالمايتتى. نىمە ئۈچۈنكىن،
ئۇنىڭ ئاشۇ خىسلەتلىك قوللىرى تەككەن
نان ئەجەپ مىزىلىك، يىيىشلىك بولاتتى.
توۋا، شۇ ئايالنىڭ ئادەم ھەيران بولۇدىغان
ئاجايىپ ھىكمەتلىرى! باللىرىمىز ياكى ئايالـ
لىرىمىز بىتاپ بولۇپ يېتىپ قالسا بىر ئەرـ
لەردىن زىيادە سەكپارە بولۇپ، كېچە ـ كېـ
چىلەپ بېشىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىشلىرى!...

بىراق، مانا شۇنداق پەرىشتە سۈپەت
بىر ئايال ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ ھىچ
ئويلىمىغان يەردىن، بىزگە يىگىرمە يىل يۈزگەن بىر
چىشلەم گۆشى ئۈچۈن قوسىقىنى ئاغرىتىپ
كۆڭلىمىزنى خىرە قىلىدۇ، دەپ كىممۇ ئويـ
لىغان؟

بۇ ئىش ئايالىمغا بەكرەك ھار كەلـ
دىمىكىن، ئۆيدە نەچچە كۈنلەرگىچە ئاغزى
بېسىقماي سۆزلەپ يۈردى:

ــ ۋىيەي، ئون نەچچە يىلدىن بېـ
رى ئەجەپ بىلمەي يۈرۈپتىكەنمىزا، ئۆتكەندە
بۇ يىل بىر قۇربانلىق قىپتىكەن، ئاچچىق
ئۈچىيىنىڭ ئىچىدىكىسى ئاشكارىلاندىغۇ، ئەـ
جەپ بىر بۇرۇنقى ھېيت ـ ئايەملەردە پۇتـ
لاپ ـ پۇتلاپ گۆش كىرگۈزۈپمۇ ۋايجان دىـ
مەپتىكەنمىز. بوپتۇ، ئەمدى مەنمۇ قائىدەـ
يوسۇن دىگەننى يولى بىلەن قىلارمىنا.

ئەمما، مېنىڭ نەزىرىمدە قەمبەرخاننى

ئۇنىڭ مۇشۇ ئىشى ئۈچۈنلا بىر پۇلغا يارىغۇسىز قىلىۋېتىش، تەبىئىكى، تولىمۇ ئادالەتسىزلىك بولاتتى. شۇڭا مەن ئايالىمغا جىددى قىلىپ مۇنداق دېدىم:

— قوزا چېغىدىن تارتىپ ئۆز بالىسىدەك كۆيۈپ-پىشىپ بېقىپ سەمىرتكەن بىر قويدىن ئايرىلىش، قەمبەرخان ئۈچۈن ئوڭاي دەمسەن؟ ئىشلار شۇنداق بولۇدۇ، بار ۋاقتىدا قەدرى ئۆتۈلمىگەن نەرسە، ئۇ يوقالغاندىن كېيىن ئالتۇندىنمۇ ئەتىۋار بىلىنىدۇ. ئېھتىمال، ئۇ دەسلەپتە نوقۇل ھالدا قۇربانلىق قىلىپ، ساۋابلىق ئىزلەش ھېسسىياتى بىلەنلا قوينى ئۆلتۈرگۈزۈپ سالغاندۇ. بارا-بارا ئۇنىڭ مېھرى سىڭدۈرگەندە ئۇنى قۇربانلىق قىلغىنى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئېچىنىپ قوسىقىنى ئاغرىتىدۇ-دە، قەمبەرخاننىڭ سۇنۇق كۆڭلىنى چۈشەن، كىچىككىنە ئىشنى دەپلا ئۇ مەزلۇمغا ئۇزىتىدىغان بىر قاچا ئىسسىق ئېشىڭنى ئۆكسىتمە.

ئايالىم بۇ گېپىمگە قارشى چىقتى:

— سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسىغۇ باشقا گەپ بولاتتى. «مۇشۇك بالىسىنى يېگەندەك يەپ كېتىشتىغۇ ئۇلار» دېگىنىچۇ، بۇ گەپنى چۈشەنمەمدىم! — دېدى ئۇ دومسىيىپ.

دەرۋەقە، ئايالىمنىڭ مۇنداق تەگەپ كېتىشىنىڭمۇ ئورنى بار ئىدى. چۈنكى قەمبەرخان ئۆلتۈرگەن قويغا ئەمەس، ھېيتتا گۆشىنى باشقىلارغا يىگۈزۈۋەتكەنلىگىگە قوسىقىنى ئاغرىتىپ يۈرگەن-دە. ئەمما، كۆڭلۈمدە قەمبەرخاندىن زەررىچە ئاغرىنىش ياكى ئۇنى ئەيىپلەش تۇيغۇسى يوق ئىدى. شۇڭا، مەن ئۆيدە خېلى كۈنلەردىن بېرى ئارىمىزدا بولۇۋاتقان دە-تالاشتىن بىر يولىلا خالاس بولۇش نىيىتىدە ئايالىمغا مۇنداق دېدىم:

— بولدىلا، مۇشۇ گەپنى بىر قويساڭ، كىم بىلىدۇ، خولۇم-خوشنىلار تېرىقتەك گەپنى كۆپتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۇسما-قاشلىق قۇيۇپ، قوڭغۇزنى توڭگۇز قىلىۋەتتىمۇ تېخى؟

ئايالىم قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، تۇمشۇغىنى ئۇچلاپ قويدى. يۇقۇرقى سۆزلىرىمگە ئۇنىڭ قايىل بولمىغانلىغى ئېنىق ئىدى.

بىر ئۇن-تىنسىز كەچكى تاماق يېيىشكە تۇتۇندۇق. شۇ چاغدا قەمبەرخان ئۆيىمىزگە ھىمىسىدە كىرىپ كەلدى. مەن بىر قاراپلا چىرايىدىكى بۇرۇن كەمدىن-كەم كۆرۈنىدىغان ئۆزگىچە ئالامەتلەرنى بايقىدىم: ئۇنىڭ بۇرۇن ئۆيگە تاشلىغان قەدىمى بىلەن تەڭلا ئاڭلىنىدىغان خوشئاۋازى ئۆچكەن، چىرايىدىن ھەمىشە كەتمەيدىغان مېھرىۋانلىق كۈلكىسى نەلەرگىدۇر يوقالغان. ئۇ ماڭا شۇنچىلىك مىسكىن، قايغۇلۇق، توختام سۇدەك تېچ ۋە خىيالچان كۆرۈندى.

— كەلسىلە، قەمبەرخاچا كەلسىلە، ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە دەپتىكەن، قېنى، يۇقۇرى ئۆتسىلە، — دېدىم مەن بۇرۇنقى ئادىتىم بويىچە تەكەللۇپ قىلىپ.

— رەھمەت، ئۇكام، مەشەدىلا ئولتۇراي، — قەمبەرخان ئىشىك يېنىدىكى ئورۇندۇقنى ئالدىغىراق سۈرۈپ ئولتۇردى. كۆزلىرىگە چۈشۈپ قالغان ئۈچ-تۆت تال چېچىنى قولىغىنىڭ كەينىگە قىستۇرۇۋېتىپ، بىردىنلا كۆپىيىپ كەتكەن ئىنچىكە قورۇقلار قورشاۋىدىكى ئايانچلىق كۆزلىرىنى ماڭا «لاپ» قىلىپ تىكتى-يۇ، ئىتتىك يەرگە ئاغدۇردى.

— بىردەم ئولتۇرۇپ چىقاي دەپ كىردىم، ھەمرانى (ئۇ قويىنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى) قۇربانلىق قىلىۋەتكەندىن بېرى، ئۆيۈم جىنىنىڭ ئۇۋىسىدەك غۇقىسىدە بولۇپ قالدى ... ئۇھ، ئەجەپ قوي ئىدى ... ئۇلار يەپ كېتىشتى، خۇددى مۇشۇك بالىسىنى يېگەندەك يەپ كېتىشتى ...

پەرۋەردىگارا! بۇ خوتۇن نىمىلەرنى

دەپ يۈرۈدۇ - ھە؟ ئايالىم بىلەن ئىككىمىز
بىر - بىرىمىزگە ئۈن - تىنسىز قارىشىپ قال -
دۇق. ئايالىمنىڭ بېقىشىدا مەسخىرە، ئاچ -
چىق ئىستىھزا ھەم «قانداق، مېنىڭ دىگىنىم
كەلگەندۇ؟» دىگەن ئۆتكۈر سوئال مەناسى
بار ئىدى. كونىلاردا «ياخشى ئىش قىلماق
ئەبىدىلىك، يامانلىق قىلماق بىردەملىك» دى -
گەن گەپ بار. خۇلۇم - خوشنىلار ئارىسىدىلا
ئەمەس، مۇشۇ مەھەللىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ
پەزىلىتى بىلەن ھۆرمەتكە ئېرىشكەن بۇ ئا -
يال ئەمدى مۇشۇ بىر ئېغىز گېپى ئۈچۈن
ئەل - جامائەت ئالدىدا قايسى ھالغا چۈشۈپ
قېلىشى مۇمكىن؟ مەن ئەمدى نۆۋەتتى كەل -
گەندە ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلىپ
قويۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. ۋاھالەنكى، ئۇ
مېنىڭ ھەر قانداق ۋەز - نەسىھەتلىرىمگە پەرۋا
قىلمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— قېنى، ئاشنى ئىسسىغىدا ئالسىلا،
قەمبەرخاچا، — دىدىم مەن گەپنى نەدىن
باشلاشنى بىلمەي.

— رەھمەت، ئۇكام، — ئۇ ئالدىدىكى
بىر تەخسە لەغمەننى قولىغا ئېلىپ، چوكا
بىلەن بىر - ئىككى مالتىلىغاندىن كېيىن، يەنە
ئاستا شىرە ئۈستىگە قويدى، — شۇنداق، ئۇ
ئەجەپ قوي ئىدى ... بولدى ئۇكام، مۇشۇ
ئاش ماڭا تىگىل بولدى. قېنى، ماڭا قارد -
ماي ئاشلىرىنى يەۋەرسىلە، مەن سىلىگە ئاشۇ
قوينىڭ گېپىنى قىلىپ بېرەي، ئىچىمنى يې -
رىمدىتاي ...

قەمبەرخاننىڭ سولغۇن چىرايىنى كۆر -
گەندە گېلىم غىققىدە بولۇپ، چوكىنى تاش -
لاپ قويدۇم، ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، بىر
پەس شۈك بولۇپ قالدى - دە، ئاستا سۆز -
لەشكە باشلىدى:

— سىلەر بىلەمسىلەركى، ھەي ... بىل -
مەيسىلەرغۇ دەيمەن. راست. بۇ تـوغرىـلىق
سىلەرگە سۆزلەپ بەرمىگەن ئىكەنمەن. بۇ،
ئۆتكەن يىلى ئەتىيازدا بولغان ئىش. بىر
كۈنى مەن دادىسى رەھمەتلىكنىڭ — خۇدا
ئۇنىڭ جايىنى جەننەتتە قىلغاي — ئىدارى -
سىدىن ئايلىق تەمىنات پۇلۇنى ئېلىپ قاي -
تىپ كېلىۋاتقان ئىدىم. پۈتۈن ئەس - يادىم
ئالتە شەھەردىكى ئوغلۇمنىڭ دەرت - پىراقى
بىلەن بولۇپ قالغانلىقتىنمىكىن، مۇشۇ كوچى -
دىنمۇ ئۆتۈپ خېلى بىر يەرلەرگىچە كېتىپ
قاپتىمەن. توساتتىن ئايىغىمىنىڭ ئاستىدىلا
مۆڭلۈق نىدا بىلەن تىترىگەن ئىنچىكە، كۈچ -
سىز ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن چۆچۈپ يەرگە
قارىدىم. ئالدىمدىلا بىر قوزا يىقىلىپ - قو -
پۇپ، دەرمانسىز پۇتلىرىنى كېلەڭسىز يۆت -
كەپ، ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېتى -
ۋاتاتتى، مەن ئىتتىك ئېڭىشىپ قوزىنى يەر -
دىن كۆتىرىۋالدىم. خۇدايا تۇۋا، ئۇنى قان -
داق قوزا دىمەمسىلەر؟ تۈكلىرى سىيادانىدەك
قاپقارا ئىدى، كۆچارنىڭ قارىكۆل كۆرپىلىرى -
دەك پاقىراپ تۇراتتى. قۇلاقلىرى ئۇزۇن
ھەم چىرايلىق ئىدى، قارىسام، بەدەن -
لىرى قۇرۇپمۇ ئۇلگۈرمەپتۇ. قۇچىغىمدا خۇد -
دى ھازىرلا كاچكۇلدىن سۇزۇۋالغاندەك غا -
لىلداپ تىترەيتتى. ئۇنىڭ ياشاڭغىراپ قال -
غان بىر جۈپ مۆڭلۈق قاپقارا كۆزلىرىدىن
قانداقتۇر بىر پاناسىز يېتىمنىڭ مىسكىن تەل -
مۈرۈشلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم. بىردىنلا
يىراقتىكى ئوغلۇم ئېسىمگە چۈشتى، كۆڭلۈم
ئېرىلدى، قوزىنىڭ نەم ئاغزىنى يۈزۈمگە
چىڭ ياقتىم. قوزىنىڭ ئاغزى مۇزدەك سو -
غاق ئىدى. تىنىقلىرىدىن سۈت ھىدى پۇ -
رايتتى. تۇۋا، شۇ چاغدا يۈزۈمگە، بۇرنۇمغا
ئوغلۇمنىڭ تونۇش نەپىسى ئۇرۇلغاندەك
تۇيۇلدى. ئوغلۇم شۇنداق ئىدى، تالادا
ئويناپ - ئويناپ، ھارغاندا يۈگۈرۈپ ئۆيگە
كىرەتتى. سوغ مەڭزىنى ئەركىلەپ يۈزۈمگە

ياقاتتى ...

قەمبەرخان بىردىنلا كۆزىگە مۆللىدە
ياش ئېلىپ جىم بولۇپ قالدى. مەن گويا
نەپەسلىرىم توختىغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭ ياش-
لانغان كۆزلىرىگە قارىدىم. چاناقلىرىغا ئولتۇ-
رۇشۇۋاتقان كۆزلىرى دەسلەپتە ئىچىدىن قاي-
ناپ تېشىۋاتقان ئىسسىق ياش بىلەن پاقى-
رىدى. ئاندىن كۆز چاناقلىرىدا سىماپتەك
لىغىرلىغان ياش ئىككى تال مەرۋايىتتەك
يالتىراپ، تۆۋەندىكى كىرپىكى ئۈستىدە گويا
شۇ سېھىرلىك كۆزلەرگە تارتىشقاندەك بىر
پەس ئىلىنىپ تۇردى-دە، تىلىم-تىلىم قو-
رۇقلار قاپلىغان مەڭزىگە دومىلاپ چۈشتى.
يۈزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئەگرى-بۈگرى
يالتىرىغان ئىز قالدۇرۇپ، يېپىلىپ-يېپىلىپ،
تىنىمسىز تىترەۋاتقان نېپىز لەۋلىرى ئۈس-
تىدە توختىدى:

— بالا كۈيۈگى شۇنداق بولامدىكىن،
ھېچ بىلمىدىم، شۇ چاغدا مەن قوزىنى ئە-
مەس، يىراقتىكى ئوغلۇمنى باغرىمغا باسقان-
دەك بولدۇم. ئانا قويىنى قېرى دوك بوۋاي
يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى. تو ۋا، يېتىلەپ كېتى-
ۋاتىدۇ دىدىمما؟ نەدىكىنى؟ بوينىغا باغلانغان
كونا چىگە شوينا بىلەن قوينى خۇددى ئۆلۈكنى
سۆرىگەندەك داقىرىتىپ سۆرەپ كېتىۋاتاتتى.
ئۇ مېنىڭ قوزىنى كونا پىنجىگىم بىلەن ئو-
راۋاتقىنىمنى كۆرۈپ، ئوغرىلاپ كېتىدۇ، دەپ
ئويلىسا كېرەك، گۇنسىز كۆزلىرىنى ئالايتىپ:

— مانا، قىزىقلا ئىشلىرى بار ئىكەنغۇ
ئايلا. قويۇۋەتسىلە، قويۇۋەتسىلە، ھىم ... كۆپ-
كۈندۈزدە - ھە؟ — دىدى. قويغا قاراپ ئى-
چىمنىڭ قانچىلىك سىيرىلىپ كەتكىنىنى شۇ
چاغدا خۇدا كۆرۈپ تۇرغاندۇ. ئۇنى قوي
دىگەندىن كۆرە، گۆشىنى ئۈستا قاساپ
قىرىپ شىلىۋالغان سۆڭەك دىگەن تۈزۈكقۇ.
ئۇنىڭ شالاڭ يۈڭلىرى پاخپىيىپ كەتكەن
ئىدى، ئاغزى-بۇرنىدىن ئاقۇش مازغاپ قۇ-
يۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ گويا قۇشخانىغا كېتى-
ۋاتقاندەك جان-جەھلى بىلەن كەينىگە تى-
رەجەيتتى. ئاشۇمۇ بىر رەھىمدىل مۇسۇلمان-
ھە؟ خۇدانىڭ مۆمىن جانىۋارىغا ئىچ ئاغ-
رىتمايدىغان قانداق تاش يۈرىگى بار ئىكىن
ئۇنىڭ؟ قوي خېلى كۈنلەردىن بېرى ئاغزىغا
بىر تۇتام ئوت سالمىغاندەك قوساقلىرى دۈم-
بىسىگە چاپلىشىپ كەتكەن ئىدى. پەرۋەردى-
گارىم، ئانىسى شۇنداق بولغاندا قوزىسى قان-
داق بولماقچىدى؟ خۇدانىڭ ئىلتىپاتىدا
جەننەتتىن چىقىپ، رەھىمسىز ئىنساننىڭ قو-
لىدا دوزاخ ئازاۋىنى كۆرۈۋاتقان بۇ ئاجىز
جانىۋارلارغا ئىچىم ئاغرىپ يۈرىگىم سۇ بو-
لۇپ كەتتى.

— قوزىنى قويىنىڭىزغا تىقىپ، غىپپلا
قىلىپ قاچاي دىدىڭىزغۇ، مۇسۇلمانمىش تې-
خى، قويۇۋېتىڭ، قوزىنى! — دوك بوۋاي تا-
قەتسىزلىنىپ غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدى. مەن
قوزىنى قويۇۋەتتىم. ئۇ دەلدەڭشىپ يۈگۈر-
گىنىچە، ئارقىسىغا تىرەجەپ جان ئاچچىقىدا
خاقىراۋاتقان ئانىسىنىڭ ئارقا پۇتلىرى ئارى-
سىغا تۈمشۇغىنى تىقتى. بوۋاينىڭ قولىدىكى
چىگە شوينىنىڭ بىر ئۇچى گويا مېنىڭ بوي-
نۇمغىمۇ باغلانغاندەك ئانا-بالا قوينىڭ ئار-
قىسىدىن خېلى بىر يەرلەرگىچە ئەگىشىپ
ماڭدىم. مەن كېتىۋېتىپ، بوۋاينىڭ بۇ ئانا-
بالا قوينى مال بازىرىغا سېتىشقا ئېلىپ كې-
تىۋاتقانلىغىنى بىلدىم.

— توختاڭ، قوينى قىيناپ سۆرەپمۇ
يۈرمەڭ، ماڭىلا سېتىڭ، — دىدىم. ئىككى-
مىز كۆپ سودىلاشتۇق. توۋا، ئۇ دوك قېرى-
نىڭ بۇ دۇنيادا ساناقلىق كۈنلىرى قالغان
چېغىدا شۇنچە پىخسىقلىشىپ كەتكىنىگە ھەي-
رانمەن. خۇدايىم بىلىپلا مېنى بۇ جانىۋارلارغا
ئۇچراشتۇرغان ئىكەن ... نىمە دىۋىدىم؟ ھە...
كۆپ سودىلاشتۇق. ئاخىرىدا كۆزۈمنى يۇمۇپ
خېلى قىممەتلا سېتىۋالدىم. ئەمەلىيەتتە بۇ

AltunOg

قويلارنى قانداق بېقىپ كېتەلىشىمنىمۇ بىلـ
مەيتتىم. پەقەت ئانىسىغا ئىچىمنى ئاغرىتىپ،
قوزىسىنى بالامغا ئوخشىتىپلا سىيپىتۋالدىمغۇ.
كىم بىلسۇن، ئېچىقاپ ھالىدىن كەتكەن
قوي يەنىمۇ تۈزۈك يېيەلمىدى، ھويلامدا
بىر كېچىدىلا ئۆلدى. باشقىلارمۇ: «ھەي،
كېسەل قوينى ئېلىپ يامان قىپسىز، بۇنىڭ
ئەي بولۇشى ناتايىن» دېيىشكەن ئىدى. قو-
زىنىڭ ئانىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى مۆڭـ
لۈق مەرەشلىرىنى، يۈرەكنى ئېزىدىغان قايـ
غۇلۇق نىدالىرىنى ھەي... سىلەر ئاڭلىمىدىڭـ
لارغۇ دەيمەن، مانا مەن ئاڭلىغان، ئاڭلىغاندا
زادىلا چىداپ تۇرالمىغان ئىدىم. ئۇنى قۇ-
چىقىمغا ئېلىپ، يۇمران ئىسكەكلىرىنى، ھۆل
تۇمشۇقىنى يۈزلىرىمگە ياقتىم. ئۇھ، خۇدايىم،
شۇ تىلسىز جانۋار چېقىدا ئادەم ئەكىلەتـ
كەننى بىلسە كېرەك، دەسلەپتە يۈزۈمنى، كۆ-
زۈمنى، ئاغزىمنى پۇراپ، كېيىن ئىسسىق تىـ
لى بىلەن بىر يالىماسمۇ!... شۇ چاغدا مېـ
نىڭ قۇچىقىمدا تۇرغىنى بىر تىلسىز جانـ
ۋار ئەمەس، بەلكى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ
باش-پاناسىز قالغان بىر يېتىم بوۋاق مېـ
نىڭ سۆيۈپ، ئەللەيلىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتـ
قاندەك بولۇپ تۇيۇلدى. مەن شۇندىن كېـ
يىن ئۇنى خۇددى ئۆز بالامدەك ئاسراپ،
كۆيۈنۈپ بېقىشقا باشلىدىم. ساندۇغۇمدا ئۇ-
زۇن يىللاردىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان
ئالتۇندەك ساپ-سېرىق، كىچىك تۇچ قوڭـ
غۇراق بار ئىدى. مەن ئۇنى ئەزىمەتجان
بوۋاق چېغىدا بۆشۈككە ئېسىپ قويغان ئىـ
دىم. مەن ئەنە شۇ قوڭغۇراقنى ساندۇقتىن
ئېلىپ، قوزىنىڭ بوينىغا قىزىل تاۋار لاتا
بىلەن ئېسىپ قويدۇم. مەن قوزىنى ئىمىزدىكتە
كالا سۈتى ئىچكۈزۈپ ئادەتلەندۈرگەن ئىدىم.
ئۇ سۈتنى ئىچىپ تۈگىتەتتى-يۇ «يەنە
بارمۇ؟» دىگەندەك سۈت يۇقى ئاغزىدا يۈز-
كۆزلىرىمنى يالاشقا، ھەتتا قولاقلىرىمنى خۇد-
دى يوپۇرماقنى چىشلىگەندەك چىشلەشكە باشـ
لايتتى. مۇنداق چاغدا ئۇنى ئەكىلىتىپ-
ئەكىلىتىپ قانمايتتىم. ئۇنىڭ سۈت يۇقى
نەپەسلىرىنى پۇراپ، يىراقتىكى ئوغلۇمنىڭ
دەرت-پىراقىدا ئۆرتىنىپ كۆيۈۋاتقان يۈ-
رىكىمگە ئاراملىق تاپاتتىم. مەن ئۇنىڭغا
«ھەمرا» دەپ ئىسىم قويىۋالدىم. ئۇ راسـ
تىنلا مېنىڭ تىلسىز سىردىشىم ھەم ھەمرىدـ
يىم ئىدى. مەن تالادىن كىرە-كىرمەيلا
قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلاتقىنىچە يۈگۈرۈپ ئالـ
دىمغا كېلەتتى، ئېتەكلىرىمگە بېشىنى سۈركەپ،
پۇتلىرىمغا ئۇسۇپ، ئالدىمدا ئويناپ تاخلاپ
ئۆزىنىڭ سېغىنىشىنى بىلدۈرەتتى. مەن پەـ
قەت شۇ چاغدىلا بۇ ئەقىللىق ھايۋاننىڭ
تىلسىز يارىتىلغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنگەن
ئىدىم. بولمىسا ئۇ نىمىلەرنى دەپ كېتەر
ئىدى-ھە ماڭا؟ سىلەر كۆرگەنسىلەر، مەن
شۇ قوينىڭ تىلىغا تېتىغۇدەك ئوت ئىزلەپ
شەھەر سىرتىدىكى ئېتىز-داللارغا، ئورمانـ
لىقلارغا تالاي قېتىم بارغان ئىدىم. ئالدى
بىلەن شۇ قويغا ئوت يىگۈزمەي گېلىمدىن
تاماق ئۆتمەيتتى. شۇنداق بىر يىللار بېقىـ
ۋىدىم، سەمرىپ-تىقىلىپ، قۇيرۇقى لىگەنـ
دەك يوغناپ كەتتى...

مەن قەمبەرخان تەرىپىنى قىلىۋاتقان
قوينى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. ئۆز ۋاقتىـ
دىخۇ ئۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىـ
گەن ئىكەنمەن، قوي-دە، ئۇ ئاخىر، ئۇنى كىم
كۆرمىگەن؟ ھالبۇكى، ئاشۇ ئادەتتىكى قارا
قوينىڭ قەمبەرخان ئۈچۈن قانچىلىك قىممەتـ
لىك ۋە ئېزىز ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا ھىس
قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن. دەرۋەقە، بىز خوشنىلار
ئۇ قوينىڭ كىچىك چېغىدىنلا قەمبەرخاندىن
بىر قەدەممۇ ئايرىلمايدىغانلىقىنى كۆرگەن
ئىدۇق. بازارغا بارسىمۇ ئۇنى ئۆزى بىلەن
بىللە ئەگەشتۈرۈپ كېتەتتى. ئوتىنىڭ ئۈچىسى،
سۇنىڭ سۈزۈكى بىلەن بېقىپ چوڭ قىلىـ

غان، دېسە بولاتتى.

— سىلىگە شۇنچىلىك ھەمرا بولغاندىن كېيىن قۇربانلىق قىلمەن دەپ ئۆلتۈرگۈزۈپ نىمەۇ قىلاتتىلا؟ — دېدىم مەن قەمبەرخاننىڭ سەل جىمىپ قالغان پەيتىدە سۆز قىستۇرۇپ.

— ۋاي قويىسىلا، نىمە دېگەنلىرى ئۇ، — ئۇ بىلىنى سەل رۇسلىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — قوي ھەر قانچە ئۇلۇغ بولۇپ كەتكەندىمۇ خۇدايىم يەنىلا ئۇنى بەندىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈپ يېيىشىگە ياراتقان. مەن شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۆلتۈرگۈزگەنغۇ ئۇنى. مەن يۇرت - جامائەت، خۇلۇم - خوشنىلارنىڭ تۇزتائامىنى ئاز يېدىممۇ؟ يۇرت - جامائەت ئالدىدا ئۇنچىلىك قوي دېگەن قانچىلىك نەرسە ئىدى؟ توۋا خۇدايىم، باياتىن بېرى نىمىلەرنى دەپ كەتكەندىمەن - ھە؟ سىلەر ھەر قاچان مېنى ئەجەپ بىر قوي ئۈچۈن قوسىغىنى شۇنچە ئاغرىتىپ كەتتى، دەپمۇ ئەيىپلەرسىلەر. راست، ئۇ ئاجايىپ قوي ئىدى، ئۇنى يەپ كېتىشتى، مۇشۇك بالىسىنى يېگەندەكلا يەپ كېتىشتى...

قەمبەرخان چىقىپ كەتتى. مەن شىرە ئۈستىدىكى ئۇ ئاغزىغا بىر چوكىمۇ ئېلىپ قويمىغان لەغمەنگە قارىغىنىمچە ئويغا چۆكتۈم. خىيالىم خۇددى تەخسىدىكى سوۋۇپ قالغان لەغمەن چۆپلىرىدەك چىگىشلىنىپ كەتكەن ئىدى. قانچە ئويلاپمۇ قەمبەرخاننىڭ ئاخىرىدىكى بىر جۈملە سۆزىنىڭ تېگىگە يېتەلمەس ئىدىم. مەن ئەتىسى خىزمەتتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ كوچىدا شاكىر قاسساپ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئۆڭسىلى ئۆچكەن بولۇپ، نىمىشقىدۇر چوڭقۇر ئازاپلىق خىيال ئىسكەنجىدە كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى.

— بۈگۈن قوي سويمىدىڭىزمۇ؟ بازارغىمۇ چىقماپسىز، — دېدىم مەن سالامدىن كېيىن.

— خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟ ھازىر مەن قاسساپ ئەمەس، — دېدى ئۇ قىسقىلا قىلىپ.

— ئاڭلىماپتىمەن، نىمىشقا؟

— مەن ئېغىر، ناھايىتى ئېغىر گۇنا ئۆتكۈزۈپ قويدۇم.

— قاچان؟

— بۇندىن ئىككى ئاي ئىلگىرى، دەل قۇربان ھېيت كۈنى.

— توۋا دەڭا، مۇسۇلمان ئۈچۈن شۇنداق بىر قۇتلۇق كۈندە - ھە؟

— شۇنداق، گۇنا ئۆتكۈزۈپ قويدۇم، پىچىغىم پاقىراق، ئۆتكۈر بولغىنى بىلەن زېھىن - ئىدىرىكىم، ئىمانىم دات بېسىپ كاردىن چىققان ئىكەن. ئەمدى بىلدىم. ئەكىلىڭا، تاماكىڭىز بارمۇ؟ تازا ئاچچىغىدىن.

بىز يولنىڭ چېتىگىرەك چىقىپ بىر ئورامدىن چېكىشتۇق. ئۇ تاماكىنى قاتتىق - قاتتىق شوراۋېتىپ نىمىنىدۇر ئويلانغاندەك قىلدى. ئاندىن داۋام قىلىپ دېدى:

— قەمبەرخاننىڭ قوي قۇربانلىق قىلىنغانلىغىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ ئاشۇ قوينى مەن ئۆلتۈرگەن. قارىماسىز، شۇندىن كېيىن نىمە ئىشلارنىڭ بولۇپ كەتكىنىنى؟ ئاڭلىسام، قەمبەرخان شۇ قوينىڭ دەردىدە سەۋدايى بولۇپ قالغانمىش. بۇنىڭ سەۋەبىنى پەقەت ئۆزەملا بىلمەن. ھەي... مىڭ - مىڭ پۇشايمان قىلدىم، جۇمۇ!

— قوينى قەمبەرخاننىڭ رايى بىلەن ئۆلتۈرگەن بولغىدىڭىز؟

— ئۇغۇ شۇنداق بولغان. بىراق ئىش ئۆتكەندە ئۇ نىمە بولۇپ كەتتى دىمەمسىز؟ مەن بۇنى سىزگە سۆزلەپ بېرەي، باشقىسىنى قويۇپ، قوينى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىشلارنىلا دەي، ھارپا كۈنى قەمبەرخان

بىزنىڭ ئۆيگە بىر مۇنچە ئىشلاردىن مەسلىھەت سوراپ كەلگەن ئىكەن. مەن شۇ كۈنى ئۇنىڭغا ئەتىلىككە ئاشۇ قوينى چوقۇم قۇربانلىق قىلىشى كېرەكلىگىنى ئېيتتىم، بىز كېلىشتۇق. مەن ئەتىسى ھېيت نامىزىدىن يېنىپ پىچاق-بىلەيلىرىمنى ئالدىم-دە، قەمبەرخاننىڭ ئۆيىگە كەلدىم. قارا ئېرىك ھويلىدا كۆشەپ ياتاتتى. مەن قوينىڭ دۈمبىسىنى قاماللاپ كۆردۈم. كۆتىرىپ دەڭسىدىم. پەمىمچە قويدىن ئوتتۇز كىلوگىرامچە گۆش، ئون كىلوگىرام ئەتراپىدا ياغ چىقاتتى. مەن ھېيتلىق چاپىنىمنى سېلىۋېتىپ، كۆك خالتىمنى كىيدىم. لېكىن شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى: مەن بىر قاراپلا قەمبەرخاننىڭ نىمدىندۇر ئالاقزادە بولۇپ، تېنەپ-تەمتىرەپ يۈرگەنلىگىنى، چىرايىنىڭمۇ باشقىچىلا سولىشىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. ئېھتىمال، شۇ ئۇلۇغ ھېيت-ئايەم كۈنلەردە مەرھۇم يولدىشىنى، يىراقتىكى ئوغلىنى ياد ئېتىپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

— بىرەر غولاچ تانىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم پىچىغىمنى بىلەۋېتىپ.

— ئازراق تەخىر قىلىڭ، — دىدى قەمبەرخان. ئۇ قوينىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، باش-كۆزىنى سىلىدى. يانچۇقىدىن ئىككى تال چاقماق قەنتنى ئېلىپ يىگۈزدى. ئاندىن قولتۇقىغا قىستۇرۇپ چىققان پۈتۈن بىر ناننى بىر باشتىن ئۇششاق ئۇشتۇپ قوينىڭ ئاغزىغا زورلاپ تىقىشقا باشلىدى.

مەن قەمبەرخاننىڭ بۇ كۈلكىلىك ئىشىدىن داڭ قېتىپ قالدىم. ھازىرلا جېنى خۇدانىڭ دەرگاھىغا كېتىدىغان قويغا پەقەت ئەقلىدىن ئازغان ئادەملا بىر نەرسە يىگۈزۈشى مۇمكىنغۇ؟ پىچىغىمنى بىلەپ تەييار قىلدىم. ۋاقىت بولسا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

قەمبەرخان گويا ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوقتەك قويغا نان يىگۈزۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. مەن تاقەت قىلىپ تۇرالمىدىم.

— نىمە قىلىپ يۈرۈيسىز قەمبەرخان؟ ئۆلتۈرىدىغان قويغا يەم يىگۈزۈشنىڭ ئەمدى ھېچقانداق پايدىسى يوققۇ؟ — دىدىم مەن ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم ئالدىرىتىپ.

— خۇدا ھەققىدى، ئازراق تەخىر قىلىڭ! — ئۇنىڭ رەنجىگۈچى تەلەپپۇزدا ئېيتقان بۇ سۆزىدە بىر خىل كۆزى قىيماسلىق مەناسى بار ئىدى. ئۇ قوينىڭ دۈمبىسىدىن ھەتتا پۇتلىرىغىچە يېنىپ-يېنىپ سىلاپ، ئېڭىكىگە يۈزىنى ئۇزاق يېقىپ تۇردى. شۇ تىلسىز جانىۋارنىڭ خۇددى قەمبەرخاننىڭ يۈرەك مېھرىگە سىرداش بولغاندەك جىمجىت تۇرۇپ بەرگىنىگە ھازىرغىچە ھەيرانمەن. شۇ چاغدا ئۇلارنى گويا بىر-بىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان مېھرىۋان ئانا-بالىغا ئوخشىتىپ قالدىم. ئۇنداقتا ئازراق ئىشنى دەپ بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىدىن مەڭگۈ جۇدا قىلىۋېتىشكە نىمە ھەددىم بولسۇن؟

— قويۇڭ قەمبەرخان، قوينى ئۆلتۈرمەيلى — دىدىم مەن خالتامنى سېلىشقا تەييارلىنىپ.

— نىمىشقا؟ ئۆلتۈرۈۋېرىڭ، مەن ئۆيگە كىرىپ كەتسەملا بولمامدىمۇ؟ — ئۇنىڭ چىرايى سۇرلۈك تۈس ئالغان ئىدى.

— ھەي، مۇشۇ قوي...

— ئۆلتۈرۈۋېرىڭ، مانا، پۇتىنى بوغۇشلايدىغان تانا. ئۆتۈنۈپ قالاي، پىچاقنى بىرلا سۈرۈڭ، ئىككى سۈرۈپ جېنىنى قىيناپ يۈرمەڭ.

قەمبەرخان ئالدىمغا بىر غولاچچە تانىنى تاشلاپلا، يۈگۈرگەندەك ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ئىشىكنى يېپىۋالدى. مەن ئۇنىڭ

ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغان قوينى قامالاپ تۇتۇۋالدىم. ئۇ قولۇمدا مەرەيتتى، قولۇمدىن بوشىنىش ئۈچۈن ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇراتتى. سىرتتىن ھېيت ناغرىسى ياڭرىدى.

كۆپ ئىككىلىنىپ تۇرۇشقا ۋاقىت يوق ئىدى. مەن قوينى كۆتىرىپ يەرگە باستىمدە، تۆت پۇتىنى چىڭگىشلەپ چىڭ باغلىۋەتتىم. ھەي ئىست! مېنىڭ ئوتتۇز يىللىق قاساپلىقىم نەدە قالدى؟ مەن ئاشۇ چاققىچە تالاي قوي - كالىلارنى، تۆگە - قوتازلارنى ئۆلتۈرگەندىمەن، لېكىن ھېچقايسىسىدا ئازراقمۇ دىلغۇللۇق، تەمتىرەش، قورقۇش ھېس قىلمىغان. ۋاھالەنكى ئەمدى بىردىنلا قولۇمنىڭ تىترەپ، يۈرىكىمنىڭ دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. يارەب! بۇ بىر كېلىشمەسلىكنىڭ بىشارىتى ئىدى. لېكىن بېسى پاقىراپ تۇرغان پىچاقنى غىلاپىقا قۇرۇق سېلىش — ئەرنىڭ ئىشى ئەمەس - تە! مەن ئۆزەمنى زورغا بېسىپ پىچاقنى قوينىڭ بوغۇزىغا توغرىلىدىم. كۆزۈمنى بىرلا يۇمۇپ، پىچاقنى زەرب بىلەن سۈرۈۋەتتىم. قوي ئېچىنىشلىق خاقىراپ، جان ئاچچىقىدا ۋۇجۇدىدىكى بارلىق كۈچىنى يىغىپ تېپىرلىدى. ئالدىمدىكى ئاق داسقا قىپ - قىزىل قان ئېتىلىپ چىقتى. ھەي دەرىخ! شۇ چاغدا نىمە ئىش بولدى دىمەمسىز؟ تۇيۇقسىز ئۇرۇلغان بىر كۈچنىڭ زەربىسى بىلەن ئارقامغا ئۈچۈپ چۈشتۈم. ئېسىمنى يىغىپ ئورنىمدىن تۇرغىنىمدا، قەمبەرخان ئۆزىنى جان تالىشىۋاتقان قوينىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان ئىكەن. قوينىڭمۇ، قەمبەرخاننىڭمۇ ۋۇجۇدى تەڭلا لاغىلداپ تىترەيتتى. قەمبەرخان ئاستا بېشىنى كۆتىرىپ، قوينىڭ پەسكە ساڭگىلاپ، يېنىغا قىيسىيىپ قالغان جانسىز بېشىنى قولىغا ئالدى - دە، تاتىرىپ كەتكەن چىرايى بىلەن ماڭا توغرىلىنىپ:

— قاراڭ، بۇنىڭ كۆزىگە، بۇنىڭ كۆزىگە بىر قاراڭا، — دىدى.

مەن قوينىڭ كۆزىگە قارىدىم. ئاھ، خۇدا! مەن سىزگە بۇنى قايسى تىلىم بىلەن ئىزھار قىلسام بولار؟ قوينىڭ كۆزىدىن ھاياتلىق نۇرى ئۆچكەن. لېكىن ئۇ ماڭا چەكسىز غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن چەكچەيگىنىچە چانىغىدا قېتىپ قالغان ئىدى. تۆۋەنكى كىرپىگىدىن سۈپ - سۈزۈك ياش سىرغىپ ئېقىۋاتاتتى. مەن شۇ چاغدا قوينىڭ قىساس ھارارىتى كەتمىگەن بىر جۈپ كۆزىدىن مېنىڭ پەزىلەت - ۋىجدانىمنى سوراق قىلىۋاتقان رەھىمسىز سودىيەنىڭ نەپرەتلىك قاراشلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم. مەن شۇ كۈنى خۇدىنى يوقاتقان مەس ئادەمدەك گاڭگىراش ئىچىدە قوينى سويۇپ يىغىشتۇردۇم.

— سىز شۇنىدىن كېيىنلا ئەسلا قوي ئۆلتۈرمەسلىككە نىيەت باغلىدىڭىزمۇ؟

— نىيەت باغلىدىملا ئەمەس، قەسەم قىلدىم. تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنىڭ ھالال ھەققىنى نەپسى بالا، نا ئەھلى ئادەملەرگە قۇربانلىق قىلىپ بەرمەسلىككە قەسەم قىلدىم. قاساپلىق پىچىغىمنى تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىگە قويۇپ بولقىسىدا پاچاق - پاچاق قىلىۋەتتىم.

— نىمە؟ نەپسى بالا، نا ئەھلى ئادەملەر دىدىڭىزما؟

— كەچۈرۈڭ، ئۇ تەرىپىنى سورىمايلا قويۇڭ...

شاكىر قاساپ يەنە بىر ئۇرام تاماكا ئوراپ چەكتى. ئۇنىڭ ساغۇچ يىپتەك ئىنچىكە قان تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆزلىرى ياش بىلەن تولغان ئىدى. تاماكا تۇتقان قولى تىنىمسىز تىترەيتتى. ئۇ تاماكىنى كۈچەپ - كۈچەپ چەكتى ۋە ئاستا كېتىپ قالدى

— شۇنداق، مەن كەچۈرگۈسىز گۇناغا گىرىپتار بولغان پاسىق ئادەم— دېدى ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ.

مەن شاكىر قاساپنىڭ بايىقى سۆزلىرىنى بىرمۇ-بىر ئويلاپ كېلىۋېتىپ، بۇرۇن قەمبەرخاندىن ئاغرىنىپ، ئۇنى ئەيىپلەپ يۈرگەنلىگىمىزنىڭ تامامەن ئورۇنسىز ئىكەنلىگىنى ھىس قىلدىم. چۈنكى قەمبەرخاننىڭ قويىنى يۇرت-جامائەتكە يىگۈزۈۋېتىپ، كېيىن قوسىقىنى ئاغرىتىپ يۈرگەنلىگىنى پەقەتلا ئانىلاردا بولىدىغان تەبىئى ئامراقلىقتىن ئىبارەت قىزئولۇغىك ھەسسىيات دېيىشكە بولاتتى. مۇنداق ھەسسىياتنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە دۇنيادا تەڭ كېلەلەيدىغان يەنە نىمىمۇ بار؟ مۇنداق ھەسسىياتنى پەقەت باللىرىدىن ۋاقىتسىز جۇدا بولغان ئانىلارلا چۈشىنەمسە، باشقىلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. دۇنيادا ئۆزىنىڭ بىرەر باللىسىغا، ياكى ئاتا-ئانىسىغا ۋە ياكى بىرەر ئەقىدە-ئېتىقادىغا ۋۇجۇدىدىكى بارلىق مېھىر-مۇھەببىتىنى بېغىشلاپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىسىدىن كېچىپ كېتىدىغان ئادەملەر بارمۇ؟ بۇ ھەقىقەتنى ئايالىمغا چۈشەندۇرۇپ، كۆڭلىدىن قەمبەرخانغا بولغان ھەممە غەشلىكلەرنى پاك-پاكىزە يۇيۇپ چىقىرىۋېتىشىم كېرەك. بىراق...بىراق...شاكىر قاساپنىڭ «نەپسى بالا، نا ئەھلى ئادەملەر» دىگىنى كىملەركىن-ھە! مەن بىردىنلا بۇ سۆزنىڭ تېگىگە چوڭقۇر بىر سىر يوشۇرۇنغانلىغىنى جەزىملىدىم.

مەن قەدىمىمنى تېزلەتتىم. ھويلىغا كىرگىنىمدە ئايالىمنىڭ ئاشخانا ئۆيىدە كىمدۇر بىرسى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. قىزىق، يەنە بىرسى دەل قەمبەرخاننىڭ يىپىڭنەك ئىنچىكە ئاۋازى ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ مۇڭدىشىشلىرىغا ھالاقىت بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۇدۇل مېھمانخانا ئۆيىگە كىرىپ، ئۆزەمنى دىۋانغا تاشلىدىم. ئىككىسىنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاشقا مېھمانخانا ئىشىگىنىڭ گۆشرەك دۇخاۋا پەردىسى توسقۇن بولمايتتى.

— ئۈنچىۋالا ئىچ ئاغرىتىپ قىلغان قۇربانلىقلىرى قۇربانلىق بولارمۇ قەمبەرخاچا؟ مويسىپىتلارنىڭ ئېيتىشىچە، چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇپ قىلمىغان قۇربانلىقنى خۇدامۇ راۋا كۆرمەسمىش.

بۇ ئايالىمنىڭ ئاۋازى ئىدى. «ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گەپ يەنە شۇ قوي توغرىلىق بولۇۋېتىپتۇ» دەپ ئويلىدىم مەن.

— ۋاي جېنىم ئۇكام، نىمە دەيدىغانسىز، مېنىڭ ئۇ قويغا ئىچ ئاغرىتقانلىغىم، ئۇنى قۇربانلىق قىلغانلىقتا ئەمەس، ئەمدى مەن سىزگە دەپ بەرمىسەم بولمىدى، لېكىن-زە، ئۇبدان خېنىم، بۇ گەپنى ئىنىسى-جىنىغا ئېيتىپ قويماڭ. مەن ئۇ قوينىڭ گۆشىدىن بىر چۈچۈرىلىكمۇ قالدۇرماي، پۈتۈن سۇرۇكلا ئايشەم جۇرىنگە ئاپىرىپ بەرگەن.

— ئايشەم جۇرىن؟ قايسى ئايشەم جۇرىن؟

— ۋاي، ھىلىقى ۋاھىت ھاكىمنىڭ ئايالچۇ.

— ئۇجۇرىن ئەمەس، ئائىلە ئايىلى ئەمەسمىدى؟

— ھەيتائەي، شاكىر قاساپ شۇنداق دىگەن. توختاڭ، مەن بۇ گەپنى سىزگە بېشىدىن سۆزلەپ بېرەي. ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئەزىمەتجان ئۇزاقى يىللى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە، قېرىغان جېنىمغا باش پانا بولۇپ يېنىمدىراق تۇرار، دەپ قانچە ئۈمىتلىنىۋىدىم. نەدىكىنى؟ قارىسا كۆز، چاقىرسا ئۈن يەتمەيدىغان نەدىكى يىراق بىر يەرگە بېرىپ تۇختىدى. قېرىغان جېنىمدا يالغۇزچىلىق ماڭا ئاسانمۇ؟ يىغلىدىم، قاخشىدىم،

Altun

دوست - يېقىنلار: «هۆكۈمەتكە بېرىپ دەر-
دىڭنى ئېيت، يېنىڭغا يۆتكەپ بەرسۇن،
ئۆلۈپ - تارتىپ قالساڭمۇ ئۆيۈڭنىڭ چىرىغىنى
ياندۇرىدىغانغىمۇ ئادەم كېرەك، سەن ۋاهت
هاكىمنى ئىزلەپ تاپ» دېيىشتى. ئىزلەپ،
سوراپ يۈرۈپ ۋاهت هاكىم بىلەن كۆرۈش-
تۈم. كۆرۈشتۈملا ئەمەس، ئۇن قەدەم نېرىدىن
تازىم قىلىپ كەلدىم. خۇدايىم... بىز تۇل
خوتۇنلارنىڭ ئەرز - دادى شۇنچىلىك قەدىر-
سىز بولامدىكىن؟ گىدىيىپ قېتىۋالغان ها-
كىم مېنىڭ يىلىنىپ يالۋۇرۇشلىرىمغا پىسەنت
قىلار ئەمەس، ئىشخانىسىغا تولا قاتىراپ،
ئاخىرىدا دوق - دەشنام بىلەن قايتماسمەنمۇ؟
ئۆيگە كەلدىمۇ، ھەمراجانغا ئېسىلىپ ئۇزۇن
يىغلاپتىمەن. شۇندىن كېيىن هاكىمنىڭ ئىش-
خانىسىغا ئىككىنچى قەدەم باسماس بولدۇم.
ھېيتنىڭ ئالدىنقى كۈنى قوينى قۇربانلىق
قىلىپ بېرىشنى سوراپ شاكىر قاساپنىڭ
ئۆيگە بارغان ئىدىم. ئارىلىقتا ئۇ ئوغلۇمنىڭ
يۆتكىلىش مەسىلىسىنى ھەل - قىلالىغان - قىلالمى-
غانلىقىمنى سوراپ قالدى. ئۇ، ئەھۋالنى ئۇققان-
دىن كېيىن بېشىنى چايقاپ:

— قۇرۇق قولاق قۇرۇق قولاققا خوش-
ياقمايدۇ قەمبەرخان. ئازراق ئىسسىق ئۆت-
كۈزۈپ، كانىيىنى ياغلىماسىز غاچچىدە، —
دېدى. تووۋا خۇدايىم، كاناي ياغلىغىلى ياغ
يوق سۆنەي ياغلىغىلى ياغ نەدە دەپتىكەن.
ئاغىنە تۇرمۇش پۇلى بىلەن ئايىنى - ئايغا
ئاران ئۇلاپ كېتىۋاتقان مەندەك ئاجىز تۇل
مەزلۇمنىڭ هاكىمغا ئىسسىق ئۆتكۈزەلىگۈدەك
نىمە تەلىقاتى بولسۇن دەيسىز. شاكىر قاساپ
بىردەم ئويلىنىۋېلىپ:

— بۇ ئىشنىڭ ئامالى بار. ھېچبولمىغاندا
قوينىڭىز بىلەن گېلىنى ياغلاڭ. بولمىسا ئوغ-
لىڭىزنى يەنە ئۇن يىلدىمۇ يېنىڭىزغا ئە-
كىلەلمەيسىز، — دېدى.

— ياق، قوينى ئەتە قۇربانلىق قىلىپ
پۈتۈن يۇرت - جامائەتكە يېگۈزمەكچىمەن، —
دېدىم مەن كېسىپلا.

— بۇمۇ ياخشى گەپ، — دەپ گېپىمنى
تەستىقلىدى قاساپ، — قوينىڭىزنىڭ روھى
خۇداغا تېگىپ بولسىلا ئوخشاشقۇ. قۇربانلىقنى
قىلىۋېرىسىز، گۆشىنى هاكىمغا تۇتىسىز، ھېيت
دېگەننى بىر ئامال بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكىلى
بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر چالمىدا ئىككى
پاختەكنى سوقۇسىز.

مەن تۇل بىچارىگە ئامال قانچە؟
ئاخىرى قاساپنىڭ دېگىنىگە كۆنۈشكە مەجبۇر
بولدۇم. ھەي ... راستىنى ئېيتسام، شۇ چاغدا
ئەل - جامائەتكە يېگۈزەلمىگەن شۇ قويغا بەكلا
چىدىيالماي قالغان ئىدىم. قويغا ئېسىلدىم. يىغلى-
دىم، ئەل - جامائەتكە يېگۈزىدىغان ئىش بولسا
شۇنداق قىلارمىدىم؟ قوي ئۇلۇغ، ئەمما ئەل -
جامائەت ئۇنىڭدىن مىڭ ھەسسە ئۇلۇغقۇ؟ ...

— بىراق ھېيت كۈنى ئالدىمىزغا
لىگەندە گۆش تارتمىغانمىدىڭىز؟ — ئالدىراپ
سۆز قىستۇردى ئايالىم.

— شاكىر قاساپ مېنىڭ غېمىمنى قىلىپ
ئاخشىمى باللىرىدىن ئەۋەتكەن گۆش بولمامدۇ
ئۇ، — دېدى قەمبەرخان، ئاندىن كېيىن يەنە
ھىكايىسىنى داۋاملاشتۇردى، — بىز شۇكۈنى قوينى
ئۆلتۈرۈپ تاغارغا تىقىشتۇق - تە، شاكىر قاس-
ساپنىڭ ۋەلسىپىتىگە ئارتىپ، ۋاهت هاكىمنىڭ
ئۆيگە ماڭدۇق. مەن يولدا كېتىۋېتىپ هاكىمنى
ئىچىمدە مىڭ - مىڭ تىللايتتىم. خوشامەت ۋە
يىلىنىشنىڭ قۇربانى بولۇپ، هاكىمنىڭ نەپ-
سىگە كىرىپ كېتىدىغان قويۇمغا ئىچىمنى
ئاغرىتىپ، ئەقلى - ھوشۇمدىن جۇدا بولغاندەك
خاموش هالدا مېڭىۋەردىم. شاكىر قاساپ
يولدا كېتىۋېتىپ ماڭا:

— سىز بىر ئىشنى بىلمەيسىز، قەمبەر-
خان. ۋاهت هاكىم پۈتۈن بىر ناھىيىنى سورىغىنى

بىلەن ئۇنىڭ تىزگىنى ئايشەم جۇرىيىنىڭ قولىدا. ئۇ، هاكىمنىڭ جۇرىيى — خوجايىنى. بىز ئەڭ ياخشىسى، قويىنى هاكىمغا ئەمەس ئايشەم جۇرىيىنىڭ قولىغىلا تۇتقۇزايلى، — دىدى.

هاكىمنىڭ هويلىسىدا ئادەم كۆپ ئىكەن. شاكىر قاسساپ ۋەلسىپىتنى كوچىدا توختىتىپ قويۇپ، تاغارنى كۆتەرگىنىچە غىپىلا قىلىپ ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ بىرھازادىن كېيىن بىر ئايالنى ئەگەشتۈرۈپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. مەن ئايالنىڭ ئۆزگىچە تەقىتۇرقىدىنلا چوقۇم ۋاهىت هاكىمنىڭ بايا بىز گېپىنى قىلغان جۇرىيىن ئايالى شۇدەپ پەرەز قىلدىم. ئۇ شۇنچىلىك كېلەڭسىز سەمىرىگەن ئىدىكى، چوڭ - چوڭ كۆزلىرىنىڭ ئاستىدىكى گۆشلىرى ئىششىشغاندەك پەسكە ساڭگىلاپ، قوش ئېڭىگى قاتلىشىپ تۇراتتى. تووۋا، مېنىڭ شۇنچە باققان قويۇممۇ ئۇنىڭچىلىك سەمىرمىگەندۇ دەيمەن. قول - بىلەكلىرىچۇ تېخى، بوغۇم - بوغۇم بارماقلىرىدا رەڭمۇ - رەڭ ياقۇت ئۈزۈكلەر پاقىراپ تۇراتتى. مەن ئايشەم جۇرىيىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەدەپ بىلەن سالام بەجا كەلتۈردۈم.

— هىلىقى مەن گېپىنى قىلغان ئايال... قەمبەرخان...— دىدى شاكىر قاسساپ.

— تولا ئۇبدان... هېيت ئەمەسمۇ - هە. ئۆيگە كىرمەي ئەجەپ سەت بولدىغۇ؟— دىدى جۇرىيىن تەكەللۇپ قىلىپ. ئۇنىڭ مۇنچىلىك ئىلتىپاتىدىن بېشىم ئاسمانغا يەتكۈدەك بولدى. بىز رەھمەت - تازىم قىلغىنىمىزچە ئارقىمىزغا ياندۇق.

— ھەممە گەپنى ئېيتتىم، ئىش كۆڭۈلدىكىدەك توغرىلاندى دەڭا. هاكىمغا ئېيتىپ، هېيتتىن كېيىنلا ئىلتىماسىڭىزنى تەستىقلىتىپ، مائارىپ ئىدارىسىگە چۈشۈرگۈزمەكچى. قانداق، بوپتىمۇ؟— دىدى شاكىر قاسساپ. نىمىشقا بولمىسۇن؟ هىلىغۇ ئۈچ كۈنلۈك هېيتتىن كېيىن ئىكەن، بىر ئايدىن كېيىن تەستىق چۈشۈرگۈزسىمۇ مەيلى ئىدىغۇ. كۈنلەرنى ئىنتىزارلىق بىلەن ساناپ بىر ئاينىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئوغلۇم توغرىلىق تاتلىق - تاتلىق خىياللارنى سۈرەتتىم. خۇددى ئوغلۇم ئۇشتۇمتۇت ئىشىكتىن «ئاپا!» دەپ كىرىپ كېلىدىغاندەك، گاهىدا قولۇمنى سىرتقا تىكىپ قالاتتىم. مەن ئەنە شۇنداق ئارزۇلار بىلەن يەنە يېرىم ئاينىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتتىم. لېكىن هاكىمدىن بىرەر تىنىق - زۇۋانمۇ بولمىدى، بۇ هال مېنىڭ تەشۋىشىمنى ئاشۇردى. هېچبولالمىغاندا، ئۆتكەن هەپتە بىر كەچقۇرۇن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ۋاهىت هاكىمنىڭ ئىشىگى ئالدىغا باردىم. دەرۋاز ئالدىدا بىر قارا پىكاپ توختىتىپ قويۇلغان ئىدى. مەن يۈرەكزادە - دىلغۇل بولۇپ تۇرغاندا، هويلىدىن بىردىنلا ئايشەم جۇرىيىنىڭ چاڭگىلداپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن دېمىمنى ئىچىپ ئۈلگۈرگىچە ئۇ بىرنەچچە كىشىنىڭ ھەمرالىقىدا هويلىدىن چىقىپ كەلدى.

— تېچلىقمۇ؟ سالامەت تۇردىلىمۇ، ئايشەم جۇرىيىن؟ — دىدىم مەن ئالدىغا بېرىپ ئېگىلىپ سالام قىلىپ.

— ئو - ئوش، نىمە دەيدۇ، بۇ خوتۇن؟ — كۈتۈلمىگەندە ئايشەم جۇرىيىن چىرايىنى مەنسىتمەسلىك بىلەن پۈرۈشتۈرۈپ قاپىغىنى تۈردى، — كىمنى ئىزلەيسىز؟

— ئۆزلىرىنى خېنىم، ئۆزلىرىنى، — مەن دۇدۇقلاپ جاۋاپ بەردىم.

ئايشەم جۇرىيىن نىمىنىدۇر ئەسكە ئالالمايۋاتقاندەك گۇمان ئارىلاش سورىدى:

— سىز هىلىقى ... هە، ئىسمىڭىز نىمىدى؟ ... ئۆتكەن هەپتە نېنىمنى يېقىپ بەرگەن سىزغۇ؟

— يوغسۇ خېنىم، مەن هىلىقى قۇربان

هېيت كۆنى ...

— راستىنى ئېيتسام، سىزنى ھېچ ئېسىمگە ئالالمىدىم. مېنى ئاۋارە قىلىدىغانلار ئاز دەمسىز، ئەپۇ قىلىڭ، مەن ئالدىراپلا تۇرىمەن، خوش...

ئايشەم جۇرېىن شۇنداق دىدى - دە، پىكاپقا ئولتۇرۇپ ئىشىگىنى «جاق» قىلىپ ياپتى. تىلىمنىڭ ئۇچىدىكى ئاخىرقى گېپىمنى قىلىپ ئۈلگۈرگىچە قارا پىكاپ غۇيۇلداپ، قويۇق دەرەخزارلىق ئىچىدە كۆزدىن غايىپ بولدى. مەن ئازاپ ۋە ئەلەم ئىسكەنجىدە ئاغرىغان يۈرىگىمنى قامالىغانچە تۇرغان ئورنىمدا ئۆلۈكتەك قېتىپ خېلىغىچە تۇردۇم. دەرمانسىز پۇتلىرىمنى سۆرەپ كەچ كىر- گەندىلا ئۆيۈمگە يېنىپ كەلدىم. كېيىن ئويلاپ شۇ بىر ئېغىز گەپنى خاتا دەپ سالغانلىقىمنى ھىس قىلدىم. كېيىن ئاڭلىسام، «جۇرېن» دىگەن ئۇنىڭ لەقىمى ئىكەن. ئىسىت، مەن بۇ ئىشنى نەدىن بىلەي؟ قاراڭ ئۇكام، مېنى شۇنداقلا تونۇماس بولۇپ قالغىنىنى - ھە؟ راستىنلا ئادەمنىڭ مەرتىۋىسى ئۆسكەندە كۆزىگە ياغ تولۇپ كېتەمدىكىن؟ ئىسىت، قويۇمنى شۇنداقلا يەپ كېتىشتى، مۇشۇك بالىسىنى يىگەندەك يەپ كېتىشتى...

قەمبەرخانىنىڭ ئاۋازى بوغۇلدى. ئۇنىڭ دەسلەپتە ئۆمچىيىپ، كېيىن مەشىلداپ يىغلىغىنى ئاڭلاندى. ئاز ئۆتمەي ئۇنىڭ دەرتلىك ئېسەدەشلىرىگە ئايالىمنىڭ بوقۇلداپ يىغلىغان ئاۋازى قوشۇلۇپ كەتتى. ئاھ، شۇ تۇل ئايالنىڭ دەرتلىك يىشى! ھاكىمغا تارتۇق قىلىنغان شۇ قوي، شۇ ھەمرا قەمبەرخانىنىڭ يۈرەك باغرىنىڭ يېرىمى ئىدى! ھالبۇكى، ئۇ قوي ۋاھىت ھاكىمنىڭ نەزىرىدە قانچىلىك نەرسە ئىدى؟!...

مەن ئەتىسى ئەتىگەندە قەمبەرخانىنىڭ ئىشىك يېنىدىكى تام تۈۋىدىن بىر نەر- سىلەرنى ئاۋايلاپ تېرىۋاتقانلىغىنى كۆردۈم. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ تېرىۋاتقىنى ئاشۇ قوينىڭ قۇرۇپ قالغان مايىقلىرى ئىدى. ئۇ، تەرگەن مايىقلارنى ئالقىنىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇزاق قاراپ تۇردى. يۈزىگە ياقتى، يېنىپ - يېنىپ پۇرىدى. ئاندىن ھىلىقى تۇچ قۇڭغۇراق بىلەن قوشۇپ قولياغلىغىغا چىڭ قىلىپ چەگدى - دە، باغرىغا چىڭ ياققىنىچە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ خېلى كۈنلەرگىچە تالا - تۈزگە چىقمىدى...

(بېشى 42 - بەتتە)

— شۇنداق، بىزنىڭ بالىلىرىمىز!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سەلەي ئاخۇن ئۇستامنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئەزەلدىن كۆ- رۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ھاياجانلىق تۇي- غۇسى ئىچىگە چۆمۈلۈپ، چىرايىدائىچ - ئە- چىدىن سۆيۈنۈش ۋە چەكسىز ئېپتىخارلىنىش بەلگىسى جىلۋىلەندى. ئۇ كۆلكىدىن يۇمۇلۇپ كەتكەن كۆزنى ئېلىجاندىن ئۈزۈپ، تۇرسۇن مۇئەللىمگە تىكىلدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى ئىك- كى قوللاپ مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ، چىن يۈرىگىدىن ئۇرغۇپ چىققان قايىللىق تۇي- غۇسى ئىچىدە ئېيتتى:

— مەن ئېيتاي، ئەپەندىم، مەن ھە- قىقەتەن يېڭىلىشىپتىمەن. بولىدۇ، ئېلىجان مەكتەپكە بارسۇن، ئۇنىڭ ھەممە ۋاقتىنى ئوقۇشقا سەرپ قىلىشىغا مەل كېپىل. سىلە ئۇنى ياخشى ئوقۇتسىلا، ئۇ تېخىمۇ كاتتا ھۈنەرلەرنى ئۆگەنسۇن!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى خۇددى ئاشۇ پارلاپ تۇرغان لامپۇچ- كىدەك يورۇپ كەتتى...

# مەھەللىمىزدىكى ئىشلار

(ھىكايە)

ئابدۇكېرىم ھاشىم

بىزنىڭ مەھەللىمىزدە مېنىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيۈمگە يېقىندىن كۆچۈپ كەلگەن تۇردى ساقچىنى ۋە ئىمىن باققالنىڭ يېڭى خوشنىسىنى قوشۇپ ھېساپلىغاندا، توققۇز ئۆيلۈكلا ئائىلە بار ئىدى.

ئىمىن باققالنىڭ تۇردى ساقچىنىڭ كەينىدىن قىلىدىغان ئازدۇر-كۆپتۇر غەيۋەت-شىكايىتىنى دېمىسەك، قالغان ئائىلىلەر ناھايىتى ئىجىل-ئىناق ئىدۇق.

ئىمىن باققال ئۇزاق يىللاردىن بۇيان باققالچىلىق قىلىپ كەلگەن كىشى بولۇپ، يېقىنقى مەزگىللەردە بىرئاز غولداپ ۋاپۇرۇش بازىرىدا گەزمال دۇكىنى ئېچىۋالغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ، كىشىلەر ئۇنى يەنە شۇ كونا لەقىمى بىلەن ئاتايتتى. ئۇ پاكار، دوغلاق، سېمىز كەلگەن، ئالاھەزەل 45 ياشلار چامىسىدىكى كىشى بولۇپ، ئېڭىكىنىڭ گۆشلىرى ئۆپكىدەك لىغىرلاپ، سالپىيىپ تۇراتتى. بېشىنى دائىم دىگۇدەك پاكىز قىردۇرۇپ، ئىمىكەش قىزىل بۆك كىيىۋالاتتى. تاپاۋىتىنىڭ شۇنچىلىك يۇقۇرى بولۇشىغا قارىماي، كونىراپ كەتكەن جىگەر رەڭ كاستىيۇم-بۇرۇلكىسىنى ئۇچىسىدىن چۈشۈرمەيتتى، كونا خۇرۇم ئۆتۈكىنى پاقىرىتىپ مايلاپ كىيىۋالاتتى.

تۇردى ساقچى مەھەللىمىزگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئىمىن باققالنىڭ كۈس-كۈس گەپلىرى ئاۋۇپ قالغان ئىدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئالدىراپ ئىشقا كېتىۋاتاتتىم، قېرىشقاندەك مەھەللە دوقمۇشىدا ئىمىن باققال ئۇچراپ قالدى.

— ۋۇي، ھۇسيۇن، — دېدى ئۇ يېنىمدا توختاپ، — بۇ نىمە قىلغىنىڭىز، ئۆيىڭىزگە ھىلىقى تۇردى ساقچىنى ئەكىۋاپسىزا؟ ئۆيۈمنى ئىجارىگە بېرىمەن ئاكا، دەپ بالدۇرراق مۆرەپ قويسىڭىز بولماسمىدى. بىزنىڭ مەخسۇم چوڭ ئوغلىنىڭ ئۆيىنى ئايرىپ قويماقچى بولۇپ، ئۆي ئىزلەپ يۈرەتتى. شۇنىڭغا

بەرگەن بولسىڭىز تازىمۇ باپ كېلەتتى - دە، يىلىلغىنى ئىككى يۈز ئەللىك سومىدىن ئالدىڭىزغا نەقلا قوياتتى. گاچچىدا ماي چايناۋالاتتىڭىز ئەمەسمۇ؟!... ئۆيىڭىزدە ئولتۇرغۇزسىڭىز مەخسۇمغا ئوخشاش ئاغزىدا ئىمانى، قوينىدا قۇرئانى بار، چۆنتىكىدە پۇلى بار ئادەمنى ئولتۇرغۇزمامسىز. ھەي، سىز بىلمەيسىز، ئۇ، مېنىڭ خۇدا قوشقان خوشنام جۇمۇ، قاراپ تۇرۇپ مەھەللىمىزگە بىر پارچە ئوتنى ئەكىلىۋاپسىز. مەن تۇردى ساقچىنىڭ ئاچچىق ئۈچىيىدىكىنى بىلمەن. مۇلايىم كۆرۈنگىنى بىلەن قىلدەك ئىشنى پىلدەك كۆرۈپ چاپلىشىۋالىدىغان ئادەم ئۇ. بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ كۆچۈرۈۋېتىڭ ئۇنى...


مەن ئىمىن باققالنىڭ سۆزلىرىگە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەستىن ئىشقا كېتىپ قالدىم.

تۇردى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ خادىمى بولۇپ، 30 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ئاق يۈزلۈك، غوللۇق كەلگەن يىگىت ئىدى.

مەن مەھەللىنىڭ قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش ھەيئىتى بولغانلىقىم ئۈچۈن، تۇردى ساقچى بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ تۇراتتىم. ئۇ ئەر - خوتۇن ۋە تۆت بالىسى بىلەن بىللە توخۇ كاتىكىدەك بىر ئېغىز ئۆيدە تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز ئۆيۈمنىڭ بوش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىمىغىنىغا قويماي كۆچۈرۈپ كەلگەن ئىدىم...

مەن دەم ئېلىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بازار ئارىلاپ مېڭىپ، ئىمىن باققالنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتىمەن. يەنە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالاملاشماي بولمىدى. ئۇ، دۇكىنىنىڭ پوكىيىگە يۆلىنىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ خۇدا قوشقان يېڭى خوشنىسىنىڭ تاپاۋىتىنىڭ ئويدانلىغىنى ئاغزىدىن كۆۋۈك ئۆرلىگىچە ماختىدى، ئارقىدىنلا يەنە شۇ تۇردى ساقچى ئۈستىدە ۋايسىدى:

— خوشنىڭىزنى قاچان كۆچۈرۈۋېتىسىز؟ ھەي، شۇنداق بەندە بىلەن ئۆلپەت بولغىنىڭىز نىمىسى؟... نىمىشقا دەمسىز؟ ماڭا قاراڭ، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئازىراق پۇ چىغىم پىشماي قالغان يېرىم بار. دەل مانا شۇ يەردىن پاراڭ قىلىپ بېرەي، قۇلىغىڭىز مەندە بولسۇن... بۇ ئاشۇ مالمانچىلىق يىللىرىدا بولغان ئىش. ئېسىمدە قېلىشىچە، رامىزان ئېيى ئىدىغۇ دەيمەن. ئۇچاغلاردا ھازىرقىدەك مۇنداق ئاشكارا يېيىپ قويۇپ ساتىدىغان ئىش نەدە؟ تاغمۇ - تاغ، باغمۇ - باغ قېتىراپ يۈرۈپ باققالچىلىق قىلاتتىم. بىر كۈنى سودا - سېتىقنى تۈگىتىپ، ناھىيىدىن قايتىشىمدا يولدا بىر بېكەتكە تاماق يېيىشكە چۈشتۇق. شۇ چاغ بىرسىنىڭ ئەنسىز ۋاقىرىشىدىن قاتتىق چۆچۈپ، ئارقىمىزغا بۇرۇلۇپ قارىۋىدۇق، مۇشۇ تۇردى ساقچى ئىكەن. ئۇنىڭ ئالدىدا نىمكەش چاپان كىيگەن، چاچ - ساقاللىرى يىرىك ئۆسكەن، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن



بىر دارازا ئادەم غال-غال تىترەپ تۇراتتى. هايال ئۆتمەي، تۇردى ساقچى ھەلىقى بىچارىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئۆزىگە ئاختۇرغۇزدى. بىراق، ئۇنىڭ يېنىدىن پارچە-پۇرات ئاقچىدىن باشقا كىشىنى گۇمانغا سالىدىغان بىرەر نەرسە چىقمىغاچقا، تۇردى ساقچى لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا مىقتەك قادىلىپ: «يېنىڭدىكى شېرىگىڭ قېنى؟» دەپ سورىدى. دارازا بولسا ھېچقانداق شېرىگىنىڭ يوقلۇغىنى، ماشىنىدا بىللە كەلگەن ئۇ يولۇچىنىڭ قاراباغدا چۈشۈپ قالغانلىغىنى، ئۇنىڭغا ھېچنەرسە بەرمىگەنلىگىنى ئېيتىپ، قەسەم ئىچىپ تۇرۇۋالدى. دېمىسىمۇ، سەپەر قىلغاندا، قايسىبىر يولۇچى بىلەن بىللە ماڭمايدۇ كىشى؟! ئۇلارنى بىر-بىرىگە «شېرىك» دېگىلى بولامتىمۇ، ئەخمەقنىڭ سۆزى-دە، بۇ. تۇردى ساقچى بۇ گەپكە زادى ئۇنىمايدىغاندەك ئەمەس. ھەلىقى دارازا كىشى تېخىمۇ يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ: «گېپىمگە بىرەر نۆۋەت قۇلاق سېلىپ قويسىڭىز نىمە بولىدۇ؟...» دەپ زارلاندى.

مەن ھەلىقى دارازىنىڭ نالە-زارىغا زادىلا چىداپ تۇرالمىدىم.

— نىمانچە قىلىسىز، تۇردى ئۇكا؟ — دېدىم مەن ئاخىرى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، — بۇ كىشىنى ئەسكى چاپان كۆرۈۋاتامسىز-يا؟ بۇ قوينىڭ قوزىسىدەك مۆمىن ئادەم ئىكەن، دىلىغا نىمانچە ئازار بېرىسىز؟ سىزگە قەسەم ئىچىپ بېرىۋاتىدىغۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق نىمە قىلىپ بەرسە بولاتتى، سىزگە؟...

بۇ گېپىم تۇردى ساقچىغا يىڭنە سانچىغاندەك ئۆتتى بولغاي، ماڭا مىقتەك قادالدى.

— سىز بۇ ئادەمگە نىمە ئۇنداق چاپان يېپىپ كېتىسىز؟ — دېدى تۇردى ساقچى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ سۆزلەپ، — گۇمانلىق ئادەمنى سۈرۈشتە قىلىش مەسئۇلىيىتىمىز بار. بىز پاكىتسىز ئىش قىلىۋاتقىنىمىز يوققۇ!

— سىز ئىزلىگەن ئادەم مەن ئەمەس، دېدىڭىغۇ، — دېدىم مەن بوش كەلمەي، — يەنە ئىشەنمەي يانچۇقلىرىنىمۇ تەتۈر ئۆرۈۋەتتىڭىز، نەق پاكىتىڭىز بولمىغاندىن كېيىن، كەڭچىلىك قىلىۋېتىڭ ئەمدى...

شۇ نۆۋەت مېنىڭ سالا-سۆلۈ قىلىشىم بىلەن ئاشۇ دارازا كىشى تۇردى ساقچىنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ قالدى جۇمۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن تۇردى ساقچى كۆزۈمگە سەت كۆرۈنىدىغان بولدى. مۇبادا ئۇچرىشىپ قالساق كۆزىدىن نېرى قاچىمەن. مانا ئەمدى، مەن ئۇنىڭدىن قاچقانسېرى سىز ئۇنى بوسۇغامنىڭ تۈۋىگە ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزدىڭىز-دە. مانا قاراڭ، كېيىن ئاشۇ دارازا ئادەم بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ كەتتۇق. ئۇمۇ ئوقەتچى بىر نىمە ئىكەن، ئۇ كىم دېمەمسىز؟... مېنىڭ ھازىرقى خۇدا قوشقان خوشنام تۇرسۇن دارازا ئەمەسمۇ. مانا ھازىر بىر قورادا بىر تۇققاندىن چارە ئۆتۈۋاتىمىز. ئۇ كىشى تۇردى ساقچى گۇمان قىلغاندەك ئەسكى ئىشلارنى قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا چۈمۈلىگىمۇ ئازار بەرمەيدىغان، كىشىنىڭ ھەققىنى ھارام يېمەيدىغان ئىمانى كامىل ئادەم، بۇنىڭغا كاللام بىلەن ھۆددە قىلىمەن. ھوي، كىمنىڭ گېپىنى قىلسا، شۇ كېلىدۇ، دىگەن راست گەپ ئىكەن، ئەنە تۇردى ساقچى بۇياققا كېلىۋاتىدۇ...

دىگەندەك، تۇردى ساقچى بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ، ئالدىمىزغا كېلىپ ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلەن سالاملاشتى. بۇ

چاغدا ئىمىن باققال ئۇنى ئەتەي كۆرمەسكە سېلىپ تۇرۇۋالدى. تۇردى ساقچىمۇ بىر نىمىنى پەملىگەن بولسا كېرەك، مۇلايىملىقىنە كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئاستا كېتىپ قالدى. ئىمىن باققالغا ناھايىتى ئاچچىقىم كەلدى.

— ئىمىن ئاكا، تام خوشنا بولۇپ تۇرۇقلۇق سالاملاشمىغىنىڭىز نىمىسى؟

— قويۇڭا ھۈسۈيۈنجان، — دېدى ئۇ تۇردى كەتكەن ياقنى ئىشارە قىلىپ، — سالام قىلغاندىن كېيىن، گەپ قىلماق كېلىدۇ، بولدى، ئۇنىڭ بىلەن گەپ قىلىشمايلا قوياي، ئاشۇ خۇدا قوشقان خوشنام بىلەن مۇڭدىشىۋالسام ماڭا شۇ يېتىدۇ. تۇردى ساقچىنىڭ بۇ يەردىن كەتكىنى تۈزۈك، زادى يېنىمىزدا تۇرمىسۇن...

— بۇ نىمە دېگىنىڭىز؟ — دېدىم مەن ئىتىزار بىلدۈرۈپ، — ئاشۇ تۇردى ساقچى بولغاچقا مال-مۈلكىڭىزدىن خاتىرجەم يۈرۈدىغانسىز؟

— ۋاھ، بۇ كۈندە كىمنى كىم بۇلاپ كېتىپتۇ!؟ مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىزغۇ، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن مۇشۇ كەمگىچە دۇكانغا سوغاق قول تەككىنى يوق. سايىم پايلاقچىمۇ كېچە-كۈندۈز كۆز-قۇلاق بولۇپ مېلىمىزنى ساقلاۋاتىدۇ...

ئىمىن باققال مېنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىمگە ھېچبىر قۇلاق سالمىدى. ئاخىرى خوشلىشىپ قايتتىم.

مەھەللە ھاياتى داۋام قىلماقتا ئىدى. ھەرقايسىمىز ئۆز تىرىكچىلىكىمىز بىلەن بەنت ئىدۇق. تۇردى ساقچى بولسا نىمىشقىدۇ ئۆيىگە كەمدىن-كەم كېلەتتى، مەھەللىدىمۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى كۆرۈنمىدى. دەل شۇ كۈنلەردە تۇردى ساقچىنىڭ ئايالى ئاغرىپ قالدى. بۇ تۇيۇقسىز ئىشتىن مەھەللىدىكىلەر تەمتىرىشىپ كەتتۇق. مەن ئۇنى دوختۇرغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىمىن باققالنىڭ ئېشەك ھارۋىسىنى سورىدۇم.

— ئېشەك ھارۋىسىنى خۇدا قوشقان خوشنام ئىشلىتىۋاتىدۇ، بوش ئەمەس، — دېدى ئۇ. ئامال يوق، ھارۋا كىرا قىلدۇق. ئۇنى دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ قويۇپ ئۆيگە قايتتىم. مەھەللىگە كىرسەم تۇردىنىڭ ئون ياشلىق ئوغلى بىلەن سەككىز ياشلىق قىزى دەرۋازا تۈۋىدە بويۇن قىسىپ تۇرۇشۇپتۇ. شۇ ئان ئىمىن باققال ئۆيىدىن كېكىرىپ، قوساقلىرىنى سىلىغىنىچە چىقىپ كەلدى-دە، بىزگە بۇرۇلۇپ قاراپمۇ قويماي يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ بالىلارنى ئۆيىگە ئەكىرىپ بىر چىنە چاي بېرىپ قويمىغانلىقىغا بەكمۇ جۇدۇنۇم تۇتتى. ئاش ئەۋلىيا، نان پەيغەمبەر بولمىغاندىن كېيىن، بۇ گۆدەكلەرگە بىر چىنە چاي بېرىپ مەكتۇپكە يولغا سېلىپ قويسا بولمامدۇ؟!

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. چۈشتە ئىشتىن قايتىپ كېلىۋاتسام، ئىمىن باققال بازار تەرەپتىن شاپاشلاپ چىقىپ كەلدى. قارىماققا ئۇنىڭ ئەس-يادى جايىدا ئەمەس ئىدى، چىرايىمۇ تامدەك تاتىرىپ كېتىپتۇ.

— ئىمىن ئاكا، كەشىڭىزنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغىمۇ قارىماي يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىسىزغۇ، نىمە ئىش بولدى؟

— نىمە ئىش بولاتتى، دۇكىنىدىكى مالنى ئوغرى ئاپتۇ! — دېدى ئىمىن باققال ئاچچىق ئەلەمدىن بوغۇلۇپ سۆزلەپ، — قارىمامسىز، بۇ كېلىشمەسلىكنى. ھېلىقى مېنىڭ خۇدا قوشقان خوشنام ھارۋامنى ئېلىپ كېتىپ، ئىككى كۈننىڭ بۇياقى ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقاپ كەتتى. دۇكاندىكى قالغان-قاتقان ئۇششاق-چۈششەك

ماللارنى ئۆيگە ياندۇرۇپ كېلەي دېسەم ھارۋا تېپىلمايۋاتىدۇ، قاراڭ...

— يامان بوپتۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئېچىنىپ، — ساقچىغا بېرىپ...

— يۈرىكى قاپتەك ئوغرى ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ سۆزۈمنى بۆلۈپ، — ئۆزۈڭدىن بۇيان دۇكىنىمنى پايلاپ يۈرگەن چېغى. سايىم پايلاقچىنى باغلاپ، ئاغزىغا لۆڭگە تىقىپ قويۇپتۇ-دە، دۇكاندىكى پۇللۇق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سۈپۈرۈپ كېتىپتۇ.

مەن ئۇنىڭغا ئانچە-مۇنچە تەسەللى بېرىپ قويغاندىن كېيىن:

— دەرھال ساقچى ئىدارىسىگە خەۋەر قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇڭ، نەق مەيدان بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن، مەنمۇ باراي، — دېدىم.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ — دېدى ئۇ گېپىمنى بۆلۈپ، — ساقچىلار ئەتىگەندىلا كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خوشنىڭىز تۇردى ساقچىمۇ بار. مەندىن دۇكاندىكى مالنى، تونۇش-بىلىش، يېقىنلىرىمنى سوراپ زېرىكتۇرۇۋەتتى. ئۇنداق سوراۋېرىشنىڭ نېمە پايدىسى بار دەيسىز. ئۇلارمۇ رەسمىيەت ئۈچۈنلا سوراپ، ئېقى قەغەز، قارىسى سىيا قىلىپ قويىدۇ دەڭا، راست ئەمەسمۇ، ئوغرى ئالغان مالنىڭ قولغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى نەدە كۆرگەنسىز؟!...

— ئۈمىتسىزلەنمەڭ، ئىمىن ئاكا، ساقچىلار جەزمەن تاپىدۇ...

— ۋاي تاڭەي، — دېدى ئىمىن باققال ئۈمىتسىز ھالدا بېشىنى چايقاپ، — تاپسا شۇ ھۆكۈمەتنىڭ دۇكىنىدىن يوقالغان مالنى تېزرەك تاپارمىكىن تاڭ؟! مېنىڭچە بىر شەخسى ئوقەتچىنىڭ ئوغرى ئالغان مېلى بىلەن ساقچىنىڭ نېمە كارى. رەسمىيەت ئۈچۈنلا سوراپ، يېزىپ قويۇشىدۇ، مالنىڭ تېپىلىشى يوق گەپ دەڭا...

نېمە دېگۈلۈك، ئۆزىنىڭلا گېپىنى راست قىلىدىغان بۇ كاج ئادەمنى گەپ بىلەن قايىل قىلىش مۇمكىن ئەمەستەك ئىدى...

×

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەمدىلا ئىشتىن چۈشەي دەپ تۇرغان ۋاقتىمدا، ساقچى ئىدارىسىدىن چاقىرىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. مەن ئۆيگىمۇ كەلمەي، ئۇدۇل شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە باردىم. ساقچى باشلىقى مەن بىلەن ناھايىتى جىددى ھالدا كۆرۈشتى ۋە:

— يۈرۈڭ، ئالدى بىلەن شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا بېرىپ كېلەيلى، — دېدى. ئىككىمىز جىپ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ دوختۇرخانىغا ماڭدۇق. مەن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سوراشتىن تەپ تارتىپ ئۈنچىقمىدىم.

دوختۇرخانىغا كەلدۇق. ساقچى باشلىقىنىڭ مېنى بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن باشلاپ كەلگەنلىكىنى بىلەلمەي تەشۋىشلىنىپ قالدىم. جىددى قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرىشىمگە باش-كۆزى داكىدا تېڭىلغان كىشىگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىغىنىمدا يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ، يەلكەمنى ئېغىر بىر تاش بېسىۋالغاندەك ھىس قىلدىم...

ئىشىك تەرەپتە بىرسىنىڭ بەكمۇ تۆۋەن ئاۋازدا: «ھوسۇيىنجان!» دەپ چاقىرغىنىنى ئاڭلىدىم. بۇرۇلۇپ قارىسام، ئىمىن باققال ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قاراپ تۇرغان ئىكەن.

— چاقىرتقان ئىكەن، — دېدى ئۇ يېنىمغا كېلىپ پىچىرلىغان ئاۋازدا، — نېمىشقا چاقىرغانلىقىنى بىلەلمىدىم، بەلكى سىز بىلەرسىز...

ساقچى باشلىغى يېنىمىزغا كېلىپ، ئىمىن باققالغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى:

— ئىمىن باققال دېگەن سىز بولامسىز؟

— شۇنداق، مەن ئىمىن باققال دېگەن كىشى بولىمەن.

— ياخشى، سىزنى مەن چاقىرغۇزغان، — دېدى ساقچى باشلىغى ۋە كېسەل كىشى تەرەپكە بۇرۇلدى، — مانا بۇ كارۋاتتا ياتقان ساقچىمىز سىزنىڭ بىر دۇكان مېلىڭىزنى ۋە غەللىدىكى پۇلىڭىزنى ئوغرىلاپ ماڭغان خوشنىڭىزنى ئىزمۇ-ئىز قوغلاپ تۇتقاندا، باش ۋە كۆكرەك قىسمىدىن ئېغىر يارىلانغان. جىددى داۋالاش داۋامىدا هاياتى خەۋپتىن قۇتقۇزۇلدى. مال-مۈلكىڭىز بولسا، ئوغرىدىن پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋېلىندى. هازىر يولداش هۇسۇيۇنجان بىلەن قايتىپ بېرىپ ماللىرىڭىزنى تىزىملىك بويىچە تاپشۇرۇۋېلىڭ. ئېشەك هارۋىڭىزمۇ شۇ يەردە، شۇنىڭغا بېسىپ ئېلىپ كېتىڭ...

— نىمە؟!... مېنىڭ خوشنامنى دەۋاتامسىز؟!... مېنىڭ خوشنام-ھە؟!... — ئىمىن باققال ۋاقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ رەڭگى تاتىرىپ، خېلى ئۇزاققىچە گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى. خېلى ئۇزاق ئۆتكەندىن كېيىن، ئېسىنى يىغىۋالدى ۋە قايغۇلۇق چىرايىدا خوشاللىق جىلۋىلەندى.

— رەھمەت سىزگە! — دېدى ئۇ ساقچى باشلىغىغا ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتقىنىچە قايتا-قايتا سىلكىدى.

— رەھمەتنى ماڭا ئەمەس، ئەنە ئاۋۇ كارۋاتتا ياتقان يولداش تۇردىغا ئېيتىسىڭىز بولىدۇ، — دېدى ساقچى باشلىغى كۈلۈپ.

— نىمە؟!... تۇردى ساقچىغىمۇ؟!... — هەيرانلىقتىن ئىمىن باققالنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى.

— شۇنداق، يولداش تۇردىغا رەھمەت ئېيتىسىڭىز بولۇدۇ، — دېدى ساقچى باشلىغى تەكرارلاپ، — سىزنىڭ ماللىرىڭىزنى ئۆز بو-



(ئاخىرى 125 - بەتتە)

# ئەدىپلەر مۇنبىرى

## پېشقەدەم شائىر — ئەلقەم ئەختەم



ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پوئېزىيىسىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، پېشقەدەم شائىر ئەلقەم ئەختەم 1922 - يىلى غۇلجا ناھىيە خۇدىيار يۈزى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى ئۆز يېزىسىدا ئىلىم - مەرىپەت ئىزلەش بىلەن ئۆتكەن. لېكىن ئەينى زاماننىڭ يېزا مەكتەپلىرى شائىرنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن، 1939 - يىلى 8 - ئايدا ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1942 - يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۇ يىلى 9 - ئايدىن 1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە غۇلجا شەھەر ۋە چاپچال ناھىيە قاينۇق يېزا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1944 - يىلى 11 - ئايدىن 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە «ئىلى گېزىتى»دە مۇخبىر، تەھرىر، باش تەھرىر ۋە گېزىتخانا باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئاكتىپ تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

1949 - يىلى شىنجاڭ ئازات بولغاندىن كېيىن، يولداش ئەلقەم ئەختەم «يېڭى يول گېزىتى»، ئىلى رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە «ئىلى گېزىتى» قاتارلىق ئورۇنلاردا مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

1954 - يىلى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەلقەم ئەختەم ئوبلاستلىق مەدەنىي - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1956 - يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. يولداش ئەلقەم ئەختەم ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ۋە شۆبە جەمئىيەتنىڭ

Altunoq

كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

يولداش ئەلقەم ئەختەم 1944 - يىلى «ئىلى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «دىلبەر» ناملىق تۇنجى شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلدى. شۇندىن باشلاپ ئۇ ساۋاقدىشى ۋە يېقىن سەپدىشى لۇتپۇللا مۇتەللىپكە ئوخشاش ئىلغار تېمىدىكى شېئىرلارنى يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى راۋان بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر هازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تېگىشلىك هەسسە قوشتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يولداش ئەلقەم ئەختەمنىڭ ئىجادىيىتىدە زور يۈكسىلىش مەيدانغا كەلدى. ئۇ، ئازادلىقتىن ئىلگىرى يازغان شېئىرلىرىدا خەلقنىڭ ئەركىنلىككە، ئازادلىققا ئىنتىلىش ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلىگەن بولسا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يازغان بىر مۇنچە شېئىرلىرىدا پارتىيىنى، ماۋ جۇشىنى، سوتسىيالىستىك يېڭى جەمئىيىتىمىزنى ۋە هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىناق، بەختلىك تۇرمۇشىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن كۈيلىدى.

بۇ جەھەتتە «تاڭ ئاتقاندا» شېئىرى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. شائىرنىڭ بۇ شېئىرى يەڭگىل بارماق ۋەزنى شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، تىلىنىڭ ئاكتىۋاللىقى ۋە روشەن بەدىئىي ئالاھىدىلىكى بىلەن هازىرغىچە كىشىلەر ئارىسىدا يادلىنىپ كەلمەكتە.

شائىرنىڭ 1951 - ۋە 1956 - يىللىرى «ئۈمىد دولقۇنلىرى»، «كۈرەش دولقۇنلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى. شائىرنىڭ «تاڭ ئاتقاندا» ناملىق شېئىرى 1981 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 30 يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «بەردىم جاۋاپ» دېگەن شېئىرى 1981 - يىلى 12 - ئايدا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىۋاتقان مەزگىلدە شائىر ئەلقەم ئەختەم نۇرغۇن بۆھتان ۋە رەھىمسىز زەربىلەرگە ئۇچراپ، كۆپ رىيازەت چەكتى. شائىر يېقىندىن بۇيان ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي «دەرۋىش موللام» ناملىق ئەدەبىي ئەسلىمە)، «سىيىت مۇھەممەت»، «موللا بىلال»، «سادىرنىڭ هاياتى»، «زۇلەيخان» ناملىق ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇ، هازىر ئەخمەت ئەپەندى هەققىدە خاتىرىلەر، ئىلى هەققىدە ئوچېرىكلار، لۇتپۇللا هەققىدە ئەسلىمىلەر قاتارلىق ئەسلىمە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلىرى ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

## ئىقتىدارلىق يازغۇچى ــ قەييۇم تۇردى



قەييۇم تۇردى 1937 - يىلى قەشقەر شەھرى شامىچى كوچا مەھەللىسىدە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسىدىن كىچىك قالغان قەييۇم تۇردى تۇققانلىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا 1944 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە قەشقەر شەھرى قىزناق بازىرى باشلانغۇچ مەكتىۋىدە ئوقۇغان. ئۇنىڭ بىلىمگە تەشنا قەلبى پەقەت ئازاتلىقتىن كېيىنلا بىلىم شەربىتىنى ئىچىشكە مۇيەسسەر بولدى. ئۇ 1949 - يىلىدىن 1954 - يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن قارمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ قانۇن پاكولتېتىدا ئوقۇپ بىلىم ئالدى.

قەييۇم تۇردىنىڭ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرى جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە زۇلمەتلىك فېئودالىزم يەر ئىگىلىك ھوقۇقىنى بىتچىت قىلىشقا ئاتلانغان، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـــ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى دولقۇنى راسا ئەۋجىگە چىققان پەيتكە توغرا كەلگەن. ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئوقۇشنى ۋاقىتلىق توختىتىپ، كۇچار، توقسۇ، باي ۋە قەشقەر شەھەر ئەتراپى يېزىلىرىغا خىزمەت ئۆمىكى بولۇپ بېرىپ، دېھقانلارنىڭ فېئودالىزمغا قارشى كۈرىشىگە قاتنىشىپ، ئۇلارنىڭ قايغۇ - ئەلىمى، دەرت - ھەسرىتىنى بىۋاسىتە ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن. «بۇ ئۇلۇغ تارىخىي كۈرەش ۋە كىشىنىڭ يۈرىكىدە زىل - زىلە پەيدا قىلىدىغان ئېچىنىشلىق قىسمەتلەر، ـــ دەيدۇ يازغۇچى ئاشۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ، ـــ مېنىڭ يۈرىكىمدە ئۆچمەس ئىزلار قالدۇردى. بۇ ئىزلار كېيىن بېرىپ مېنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى، بولۇپمۇ يەكەن دەرياسى ۋادىسىدىكى دېموكراتىك ئىنقىلابنى يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان ئۈچ توملۇق رومان ـــ «كۈرەشچان يىللار»نى يېزىشىمغا خېمىرتۇرۇچ بولۇپ قالدى».

قەييۇم تۇردى 1954 - يىلى 6 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» گە تەقسىم قىلىنىپ، مۇخبىر، تەھرىر بولۇپ ئىشلىدى. «شىنجاڭ گېزىتى» قەييۇم تۇردى ئۈچۈن يەنە بىر ئانا مەكتەپ

بولدى. بۇ يەردە 50 - يىللارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن بىرمۇنچە يازغۇچى، شائىر ۋە پىشقەدەم تەھرىرلىرى بار ئىدى. قەييۇم تۇردى بىر تەرەپتىن ئۇلاردىن ئۆگەندى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزلۈكىدىن ئىزلىنىپ، ئەدەبىياتقا دائىر بىلىملىرىنى تولۇقلىدى. ئۇ 1956 - ، 1957 - يىللىرى ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن لەرگە بېرىپ مۇخبىرلىق قىلدى. بۇ مەزگىل جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن تېرىشىپ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە قەد كۆتىرىش دولقۇنىنى قوزغىۋەتكەت پەيتى ئىدى. قەييۇم تۇردى بۇ يالقۇنلۇق كۈرەش ئىچىدە دېھقانلار بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈدىغان «بەختى بوۋاينىڭ بەختى»، «شەمشەرىخان»، «ئېزىز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى»، «جېنىم ياشىرىۋاتىدۇ» قاتارلىق 20 گە يېقىن ئوچېرىك؛ «ئوراز بوۋا»، «بەخت يولىدا» قاتارلىق ئونغا يېقىن كىچىك ھىكايە يېزىپ ئېلان قىلغان. «بەخت يولىدا» ناملىق ھىكايىسى 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھىكايىلار مۇسابىقىسىدا ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ھىكايە باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان.

1958 - يىلدىن كېيىنكى چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق ھەركىتى قەييۇم تۇردىنى ئوڭچىللىق ئىددىيىسى بار، دەپ ناھەق ئەيىپلىدى ۋە چەتكە قاقتى. قەييۇم تۇردى 1961 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىگە ـــ يەكەن دەريا ۋادىسىغا كەتتى. ئۇيەردە 1979 - يىلى 6 - ئايغىچە «يەكەن گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ بۇ جەرياندا مۇتلەق كۆپ ۋاقتىنى مۇخبىرلىق قىلىش، يېزا - كەنتلەرنى ئارىلاش، تۇرمۇش قاينىمىغا چوڭقۇر چۆكۈشكە بېغىشلاپ، دېھقانلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، مول تۇرمۇش مەنبەسىگە ئىگە بولدى. شۇ يىللار ئىچىدە «قىزىل يۇلتۇزى بار شەپكە»، «زەرەپشان بويىدا»، «زەينەپخان شۇجى ھەققىدە ھىكايە»، «مىنبەلىك دۈيجاڭى»، «تېنىچسىز كۈنلەر» ۋە «پىلە ئانىسى» قاتارلىق 20 گە يېقىن ھىكايە يېزىپ، زەرەپشان ۋادىسىدىكى دېھقانلارنىڭ خىلمۇ - خىل ئوبرازلىرىنى ياراتتى ھەمدە «قىزىلتاغ چىراقلىرى» ناملىق رومانى ئۈستىدە ئىشلىدى.

ئاپەتلىك يىللار قەييۇم تۇردىغىمۇ ئۆز نەشتىرىنى سانچىپ ئۆتتى، بىر مەزگىل مۇھەررىرلىك ھوقۇقى تارتىۋېلىندى، مۇخبىرلىق قىلىشتىن چەتلىتىلدى. لېكىن قەييۇم تۇردى قىلچە ئۈمىتسىزلەنمەي، پارتىيىگە بولغان چوڭقۇر ئىشەنچى ۋە مۇھەببىتى بىلەن ھەممە ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ توپلىغان تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇردى. «ئوغۇلنى ئۇزىتىش»، «ئايخاننىڭ يېڭى ھىكايىسى»، «مۇسا تاغامنى ئەسلەيمەن» ناملىق ھىكايىلىرى، «قىزىلتاغ باتۇرلىرى» پوۋېستى، «قىزىلتاغ چىراقلىرى» («قىزىلتاغ ئېتىكىدە») رومانى ئاشۇ يىللارنىڭ مەھسۇلاتلىرى.

«قىزىلتاغ چىراقلىرى» شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇنجى رومان بولۇپ، پۈروزا ئىجادىيىتىدە بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە. بۇ رومان 1965 - يىلى يېزىلغان ئەسلى نۇسخىسى بويىچە شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى تەرىپىدىن قايتا نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇدۇ.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قەييۇم تۇردىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت يولى پارلاق ئىستىقبالغا ئېرىشتى. بۇ يىللار ئىچىدە ئۇ «قۇتلۇق يالداما»، «گۈلزارلىق

ھويلىدىكى كىشىلەر»، «تاڭ ئالدىدىكى شەپەق» قاتارلىق ھېكايىلارنى، «يول» ناملىق پوۋېست، «كۆرەشچان يىللار» ناملىق تىرىلوگىيىنى يېزىپ كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدى.

«كۆرەشچان يىللار» ناملىق ئۈچ توملۇق رومان قەييۇم تۇردىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى بولۇپ، يازغۇچى بۇ روماندا 1949 - يىلى 6 - ئايدىن تاكى 1955 - يىلى 10 - ئايغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ، بولۇپمۇ يەكەن دەريا ۋادىسىدىكى دېموكراتىك ئىنقىلاپتىن ئىبارەت ئۇلۇغ تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى يورۇتۇپ بەرگەن. روماندا تەقدىرى قوللۇقتىن خوجايىنلىققا ئۆزگەرگەن ئالماس، سادىق، تۆمۈر، قاسىمەت چورۇق، توختاخۇن، بايىز خالۋاپ، ئاسىم ئەپەندى، ئېلشا، مەشرەپ، ئېلىقۇل قاتارلىق خىلمۇ - خىل خاراكتېر، سەرگۈزەشتىگە ئىگە بىر ئەۋلات كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، ئەسەرنى روشەن مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. بۇ روماننىڭ 1 - تومى «تاڭ ئالدىدا» 1981 - يىلى 30 يىللىق ئەسەرلەرنى باھالاشتا ئاپتونوم رايونى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك، مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر رومان مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يولداش قەييۇم تۇردى ئۇيغۇر رومانچىلىق ئىجادىيىتىدە تۇنجى قەدەمنى نەتىجىلىك بېسىپ، كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان يازغۇچىدۇر. ئۇ يېقىندا يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا بېغىشلىغان يېڭى رومانى «سۈزۈك ئاسمان»نى نەشر قىلىشقا تاپشۇردى. ھازىر ئۇ «يېشىل مەرۋايىت» ناملىق پوۋېستنى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

قەييۇم تۇردى 1979 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىر ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە كەسپىي يازغۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئۇ يەنە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى.

---

(بېشى 120 - بەتتە)

سۇغىنىڭىزدا ياتقان ئوغرى خوشنىڭىزنىڭ چاڭگىلىدىن تارتىۋالغان ساقچىمىز شۇ...

نىمە قىلىشىنى ۋە نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان ئىمىن باققال تىترىگەن قوللىرىنى ئالدىغا سوزۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا تۇردى ساقچى ياتقان كارۋات تەرەپكە ئاستا قەدەم تاشلىدى ۋە تۇردىنىڭ ئاق داكا بىلەن تېڭىلغان قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، قان يۇقى داكا ئۈستىدىن ئىنتايىن ئېھتىيات ۋە مېھرىۋانلىق بىلەن سىلاشقا باشلىدى. تۇردىمۇ كۆزىنى ئېچىپ، ئىمىن باققالغا مۇلايىملىق بىلەن تىكىلدى. شۇ ئان ئىمىن باققالنىڭ كۆز چاناقلىرىدا پەيدا بولغان ئىسسىق ياش مونچاقلىرى چىڭ جۇپلەشكەن قوللار ئۈستىگە كەينى - كەينىدىن تامچىلاشقا باشلىدى...

# ساقال ھەققىدە پاراڭ

(ھېكايە)

مەمتىمىن ئابدۇۋېلى

ساقال ھېچقانداق ئىقتىسادىي ئەھمىيىتى بولمىغان بىر خىل تۈك. ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، ئۇنى ئۆشكە چۈپۈرىغا ئوخشاش ئاغامچا تالاپ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ؛ قوي يۇڭىغا ئوخشاش كىگىز ئېتىپ، گىلەم توقۇپ سېتىپ خەجلىگىلىمۇ بولمايدۇ. پەقەت ھەر ھەپتىدە يېرىم سائەتلىك ۋاقتىڭ بىلەن ئۈچ موچەن پۇلۇڭنىڭ بېشىنى يەيدۇ.

بەزىلەر ئىگەكلىرىنى ھەپتىدە بىر قىردۇرۇپ، پاقىرىتىپ يۈرۈشكە ئامراق، تولىمۇ چاكىنىلىق! خۇدا ياراتقان نەرسە-دە! ئىگەكتە تۈك بولغانغا نېمە بوپتۇ؟ مەن ساقال دېگەن بۇ نەرسىگە ئەنە شۇنداق قارايمەن. ئون كۈن، ئون بەش كۈن، ھەتتا يىگىرمە كۈندىمۇ ئۇستۇرا يېقىن كەلتۈرمەيمەن، رايىغا قويىۋېتىۋېرىمەن، ئىگەكلىرىمگە قاپ-قارا تۈكلەر چاپلىشىپ تۇرۇۋېرىدۇ. پەرۋايىم پەلەك. سەن بوي تارتىپ قۇدۇق ئەتراپىدىكى چىم-قىياقتەك ئېغىزلىرىنى ياپ، ئۆسۈۋەر. نېمىگە دال بولالايتتىڭ؟ تاماق يېسەم يەنىلا ئاغزىمنى تاپالايمەنغۇ؟

قېرىشقاندەك ئادەملەر كىشىنىڭ ساقال-بۇرۇت، كىيىم-كېچەكلىرىگە كۆز سېلىپ ئۇنىڭ قويۇپ يۈرۈشىدۇ. ئۇنىمۇ ئاز دەپ ھە دېسە چېپىلىپ ئەيىپلىشىدۇ، نېمە كارىڭ؟ ساقال چىقسا مېنىڭكىگە چىقىپتۇ، كىر بولسا مېنىڭ ياقامدا تۇرۇپتۇ. ئېغىرلىقىنى ئۆزەم كۆتەرىدىمغۇ؟ ۋاي، سوكال قۇيرۇقلار...

بۈگۈن يەكشەنبە، بازارغا چىقىپلا ئاكام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

— ئىست سېنىڭ ياشلىقىڭغا! — دېدى ئاكام ئىڭىگىمگە بىر قاراپلا خۇددى مەندىن يىرگەنگەندەك قىلىپ، — بۇ نېمىلىرىڭنى ئالدۇرۇۋەتسەڭ بولمامدۇ؟ كىيىم-كېچەكلىرىڭگە قارا، ياغچىنىڭ ماي قاپىقىمۇ ئۇنچىلىك بولماس...

ئاكامغا ھەر نېمىلەرنى دېگۈم كەلدى، بىراق، بەرىبىر ئاكا-دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رەستە، قوسىقىمدا بىر ساندۇق پاكىت

AltunOq

بولغىنى بىلەن رەستىدە ئاكا - ئۇكا ھۆتۈت -
پۆتۈت دېيىشىپ قالساق سەت بولارمىكىن
دەپ ئويلاپ، تەييارلاپ قويغان گەپلىرىمە -
نىمۇ يۇتۇۋەتتىم - دە، بارلىق غەزىۋىمنى
قاپىقىمغا يىغىپ تازا بىر ھومۇيۇپ قويدۇم.
ئاكامنۇ قوسىقىمدىكىنى بىلىپ يەتكەن بولسا
كېرەك، ئاستا كەينىگە مېڭىپ، يولغا راۋان
بولدى. ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشىۋاتقان كىشىلەر
خۇددى يۈزۈمگە ئەن سېلىپ قويغاندەك
كۆزلىرىنى يوغان ئېچىشىپ ماڭا قارىغىنىچە
كېتىپ قالاتتى.

كۆردۈڭلارمۇ؟ ئاكامنۇ تازا بىر ئەخ -
مەق، ساقال دىگەن نىمىنى بۇگۈن قىردۇر -
ساڭ ئەتىسى چىقىدۇ، كىيىم دىگەننى بۇگۈن
يۇدۇرساڭ ئەتىسى كىرلىشىدۇ. قىردۇرغانسېرى
قىردۇرغۇڭ كېلىدۇ، يۇدۇرغانسېرى يۇدۇرغۇڭ
كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، باشقىلار ئۈچ قېتىم
قىردۇرغاندا، سەن بىر قېتىم قىردۇرساڭ،
باشقىلار ئۈچ قېتىم يۇدۇرغاندا بىر قېتىم
يۇدۇرساڭ بولمىدىمۇ؟ ھىساپلاپ كۆرۈپ باق،
ئىككى قېتىمدا بىر سائەت ۋاقىت بىلەن بىر
يۈەنگە يېقىن پۇلۇڭغا پايدا ئەمەسمۇ؟

ئاكا، سەنمۇ چاكىنا ئىكەنسەن، ئىككى -
مىز بىر قوساقتىن چىققان تۇرۇپ، تۇرمۇش
ئادىتىمىز ۋە قارىشىمىز نىمە ئۈچۈن ئوخشاش
بولمايدۇ؟ ھەي، سەنمۇ - زە...

مېنى بىر ھورۇن ئادەم ئوخشايدۇ،
دەپ چاغلاۋاتامسىلەر، يۈزدە - يۈز خاتالاش -
تىڭلاركى، ئۇنداق ئەمەس. بەلكى مەن
پىشقان دىخان، مول ھوسۇلچى، بۇنى ئاڭلاپ
قويۇڭلار!

دىمىدىممۇ؟ بۇ يىل كۈزدە مەھسۇ -
لاتنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، يەنە مول
ھوسۇلچى بولۇپ قالدىم. بۇگۈن كەچتە
ناھىيىدە ئېچىلىدىغان ھەر ساھە ئىلغارلار
ئۈچرىشىش يىغىنىغا قاتنىشىش توغرىسىدا
ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدىم. تەييارلىغىم تەل.
قاراپ تۇرۇڭلار، ئەتە ئەتىگەن مۇشۇ تۇرقۇم
بىلەن كېتىۋېرىمەن.

بىزنىڭ ئورۇندىن ۋەكىللەرنى ئېلىپ
ماڭغان ماشىنا ماي ياتقۇزۇلغان تۈپ - تۈز
يولدا يېنىك تەۋرىنىپ، غۇيۇلدىغىنىچە ئۈچ -
قاندەك ماڭماقتا. ماشىنىنىڭ سۈرئىتى مېنىڭ
خىيال قۇشلىرىمنىڭ سۈرئىتىگە قانداقمۇ
يېتەلىسۇن؟ هاي - هاي! ئۇ ئاللىقاچان ئاس -
ماندا پەرۋاز قىلاتتى: «مەن ئۇدا تۆت يىل
مەھسۇلاتنى ئاشۇرغۇچى، ناھىيىگە بارسام
ناھىيىنىڭ باشلىقلىرى ئالدىمغا ئالاھىدە
كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشىدۇ. يىغىن سەھ -
نىسىدە تۆت يىللىق مول ھوسۇلچى نامىم
ئېلان قىلىنغاندا، ھەممەيلەن ماڭا ھەۋەس
بىلەن قارىشىپ قالىدۇ. شان - شەرەپ،
بەختكە كۆمۈلۈپلا كېتىمەن. ھى...ھى...ھى...»
ئۆزەمچە كۈلۈۋەتتىم. «ھەي، ماۋۇ خەقلەر -
نىڭ قىلىغىنى، ماڭا قاراپمۇ قويۇشمايدۇيا؟
خۇددى بۆرىدىن قورققان قويدەك، كۆزۈپ -
نىڭ بىر بۇرجىكىگە تۈگۈلۈۋالغىنى نىمىسى؟
تېخى ئىڭەكلىرىنى پاقىرىتىشىپ، كىيىملىرىنى
ئاقارتىشىپ، خۇددى تويغا ماڭغان ئاياللاردەك
ياسىنىپ ماڭغىنىنى كۆرمەمدىغان! ئاكتىپمىش،
چاكىنىلار...

يىغىن باشلاندى. بەزى ئىشلار مەن
ئويلىغاندەك بولمىدى. ھەممەيلەن شۇنچە
شات - خورام، شۇنچە تېتىك، شۇنچە جانلىق.

بىراق، مەنلا... ئىسمىم ئېلان قىلىن -
غاندا ماڭا ھەممەيلەن ھەۋەس بىلەن تىكى -
لىشتى - يۇ، ھايال ئۆتمەي كىشىلەرنىڭ
چىرايلىرىدا ياتسىراش ئالامەتلىرىنىڭ پەيدا
بولۇشقا باشلىغانلىغىنى بايقاپ قالدىم. ھەي،
بۇ كىشىلەرنى!

يىغىنىنىڭ ئىككىنچى كۈنى چۈشلۈك دەم ئېلىشتا يىغىن مەسئۇلى يېنىمغا كېلىپ:

— بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سىزگە رۇخسەت بېرەيلى، ساقىلىڭىزنى ئالدۇرۇپ، كىيىملىرىڭىزنى يۇدۇرۇۋېلىڭ، — دېدى.

زەردەم تازا قايىنىدى. مەسئۇل كىشى تۇرۇپ... شۇنچە چوڭ سالاھىيەت بىلەنمۇ ساقالغا چېپىلىپ يۈرىدىكەن. تۇۋا، تۇۋا. مەن ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمىدىم.

يىغىننىڭ ئۈچىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن، بىر قىسىم ئىلغارلارنى تاللاپ سۈرەتكە تارتتى. گېزىتكە باسماقچى ئىكەن. مۇخبىر ئالدىمغا كېلىپ:

— ساقال-بۇرۇتىڭىز بەك ئۆسۈپ كېتىپتۇ، ئالدۇرۇۋەتكەن بولسىڭىز، — دېدى.

— مەيلى، تۇرۇۋەرسۇن، — دېدىم مەن.

يىغىن مەيدانىدا پاراقىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

«تارس» قىلىش بىلەن تەڭ، سۈرەت ئاپاراتىدىن ئاپپاق بىر نۇر چىقىپ يۈزۈمنى يالاپ ئۆتكەندەك بولدى. ئەمدى كۆرۈسلەركى رەسىمىم گېزىتكە چىقىدۇ، ھەممە يەرگە تونۇلىمەن!

تۆت كۈندىن كېيىن، گېزىتكە باشقىلارنىڭ سۈرەتلىرى بېسىلىپتۇ، مېنىڭ يوق. ئاچچىغىم تازا كەلدى. ھىلىقى مۇخبىرنى بىر مۇنچە قاغىدىم.

ئەتىسى پوچتىدىن بىر پارچە خەت كەلدى. كونۋېرتنى ئېچىپ قارىسام ئىچىدە بىر پارچە سۈرىتىمۇ بار ئىكەن. يائاللا، بۇ كىمنىڭ سۈرىتى بولغىيدى؟ خۇددى ئادەمسىمان مايمۇنلاردەك، يۈزلىرىنى پۈتۈنلەي تۈك باسقان، بۇنى ماڭا نېمە ئۈچۈن ئەۋەتكەندۇ؟

— ھەي، نىمكەن بۇ؟ — دېدى بىرسى دولامدىن بويىنىنى سوزۇپ قولۇمغا قاراپ.

— مۇشۇنداق بىر نىمكەنغۇ مانا؟

بىردەمدىلا بىر توپ كىشىلەر ئولۇشۇپ سۈرەتنى قولدىن-قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆرۈشكە باشلىدى.

— ماۋۇ ئادەمنى قارا، — دېدى بىرسى سۈرەتنى ماڭا تەڭلەپ كۈلۈۋېتىپ، — كۆزدىگىزگە ئاق تۈك ئۈنۈپ قالدىمۇ، ئۆزىڭىزنىمۇ تونىيالماس بولۇپ قاپسىز-دە!

— ئىگەكتىكى شۇنچە چۇپۇر كۆزىنى تونۇۋالامدۇ؟

يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالدى. «بۇ راستىنلا مېنىڭ سۈرىتىممىدۇ؟» مەن سۈرەتنى قولۇمغا ئالغىنىمچە ئۆيگە يۈگۈردۈم. كىشىلەر ئۆز كۈلكىلىرى بىلەن مەس بولۇپ قېلىشتى.

ئەينەك كىشىلەرنىڭ كۆزىدىنمۇ رەھىمسىز ئىكەن. ئۇ، ئىككىمىزنى ئوپ-ئوخشاشلا كۆرسەتتى. خۇدايا تۇۋا، بۇ مەن ئىكەنمەن!

مەن بىر خىل ئازاپ ئىچىدە خەتنى قولۇمغا ئالدىم: «يولداش، سىزنىڭ سۈرىتىڭىزنى گېزىتكە بېرىشكە تەھرىر قوشۇلمىدى... شۇڭا، ئۆزىڭىزگە ئەۋەتتىم، كۆرۈپ باقارسىز. چۈنكى ئىنساننىڭ بىر پەزىلىتى — گۈزەللىك ۋە تازىلىق...»

تەھرىر ھەر ھالدا تونۇشمىساقمۇ يۈزۈمنى قىپتۇ، مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم ۋە كىيىملىرىمنى ئايالىمغا تاشلاپ بېرىپ، بىر خىل يېڭىلىنىش ھالىتى ئىچىدە ساتىراچخانىغا چاپتىم...

(«يېڭى قاشتېشى» ژورنىلى 1984 - يىللىق 3- سانىدىن ئېلىندى)

# ۋەتەن مېھرى

تۇرسۇن غازى

كەچتى پەرھات جاندىن ۋاپا سىناقىغا بېقىپ،
كەچمىدى سۆيگۈسىدىن خىسراۋ سوراقىغا بېقىپ.

چىن پەزىلەت ئەھلى گەرچە كەزسىمۇ چۆل - دەشتلىنى
جەبرىنى راھەت بىلەر لەيلى پىراقىغا بېقىپ.

شام - سەھەر ئەيلەر ناۋا گۈل شاخىدا بۇلبۇل قۇشى،
ئۇيقۇدىن بىدار ھەممىشە، ئىشتىياقىغا بېقىپ.

خىلمۇ - خىل رەڭدار ئىپەككە پۈركىنىپ شوخ كېپىنەك
سەيلىتەر گۈللەر ئارا رەڭ ھەم پۇراقىغا بېقىپ.

كۆز ئېچىپ دۇنياغا كەلدىم، تۆكتى مېھرىنى ئانام،
كۈچ ئەقىل تۇرىنى ئالدىم كۆز قاراقىغا بېقىپ.

قىلدى سۇلتانلىق ئاتا، ئەھلى دىيارىم شەپقىتى،
چۆمدى لەززەتكە كۆكۈل غۇنچە ياڭاقىغا بېقىپ.

مىنسە ئات ھەم ئاتسا ئوقمەن، ئۆزگە دۆلەت نە كېرەك،
شۇ ئۆزى دۆلەت ماڭا: تۇرسام ئاياقىغا بېقىپ.

كەلدى رىزۋانلار ئەنە تاشلاپ بىھىش دەرۋازىسىن،
تۈندە ئاي كۈندۈز قۇياشتەك نۇر چىراقىغا بېقىپ.

لەختە - لەختە قان يۇتار كۆرسە رەقىپ بەختىم مېنىڭ،
ئەھلى مېھنەت ئەجرىدىن پۆتكەن راۋاقىغا بېقىپ.

ياشناق جاھاندات. غازىغا نىسپى غازىلىق،
پاسبان بوپ ئۇ ياتار، گۈل يار ئاياقىغا بېقىپ.

(«ئىلى دەرياسى» ژورنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 4 - سانىدىن).

## «دادىل قەدەم، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىزلىنىش»

# نامىلىق ماقالا ۋە فورمال لوگىكا

ھېزىم قاسىم

تارىم ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 11 - سانىدا يولداش مۇھەممەت پولاتنىڭ يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ «كۆرەشچان يىللار» تىرىلوگىيىسىنىڭ 1 - قىسمى «تاڭ ئالدىدا»غا باھا بېرىلگەن «دادىل قەدەم، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىزلىنىش» نامىلىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئاپتور بۇ ماقالىسىدا رومان ۋەقەلىكىنى قايتىدىن ھېكايە قىلىپ چۈشەندۈرۈپ چىققاندىن باشقا، روماننىڭ مۇشۇ بىر قىسمىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي تېما، ۋەقە، ئوبراز ۋە مۇھىتنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلغان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بەدىئىيلىك ئارقىلىق چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن - ئەتتۈرۈلمىگەنلىكى، پېرسوناژلارنىڭ تىپىك - تىپىك ئەمەسلىكى، چىنلىق دەرىجىسى... قاتارلىق جەھەتلەردە نىسبەتەن چوڭقۇرراق نەزەرىيى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇھاكىمە تېمىسىدىكى بەزى تەستىقىي ۋە ئىنكار ھۆكۈملەردە بىر - بىرىگە زىت پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسە، ئىسپات، رەددىيە ۋە تەبىرلەردە فورمال لوگىكىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەمەل قىلالمىغان. تۆۋەندە، ئوبزورچىلىق ئىشلىرىمىزنىڭ ئىلمىيلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ئوبزور ھەۋەسكارلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، بۇ ماقالا ئۈستىدە تەپسىلىي مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز. مۇھاكىمىمىز روماننىڭ ئارتۇقچىلىق، يېتەرسىزلىكلىرى توغرىسىدا ئەمەس، پەقەت ئوبزوردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇقتىئىنەزەرلەر توغرىسىدىلا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

### 1

ئوبزورچىنىڭ بىرەر بەدىئىي ئەسەرنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنى پۈتۈنلەي مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، ئىنكار قىلىشى ياكى قىسمەن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، قىسمەن ئىنكار قىلىشىدا بىرلا ئۆلچەم بار. ئۇ بولسىمۇ تارىخىي تەنقىت ۋە ئېستېتىكىلىق تەنقىت ئۆلچىمى. ئوبزورچى باھالىماقچى بولغان ئەسەر ئۈستىدە ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلغان ۋە بىرلىككە كەلگەن بۇ ئۆلچەمنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتمەي، بىر - بىرىگە يۇغۇرۇپ، كونكرېت تەنقىت ئېلىپ

بارالىغاندىلا، ئاندىن ئاپتورنىمۇ، كىتاپخانلارنىمۇ چىن كۆڭلىدىن قايىل قىلالايدۇ. لېكىن يولداش مۇھەممەت پولات «دادىل قەدەم، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىزلىنىش» ناملىق ماقالىسىدا بۇ نۇقتىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەن. يەنى، ماقالا ئاپتورى ئۇيغۇر دېخانلىرىنىڭ ئازاتلىق تېڭى ئېتىش ئالدىدىكى زوراۋانلىققا قارشى ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئىستىخىيىلىك قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئاڭلىق ئىنقىلاپ قىلىشقا بېرىپ يەتكەنلىكىگە بېغىشلانغان رومانىنىڭ مۇشۇ بىر قىسمىدا يازغۇچىنىڭ كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان قانداق مۇھىم ۋەقەلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، قانداق بەدىئىي ئوبرازلارنى ياراتقانلىقى، ئۇ ئارقىلىق نىمە دېمەكچى ۋە قانداق ھەقىقەتنى ئىسپاتلىماقچى بولغانلىقىنى رومان مەيدانىغا چىققان تارىخىي شارائىت، ئىجتىمائىي دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا توغرا باھالىيالمىغان.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر داۋامىدا، مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى كۆپ قېتىم قوزغىلاڭ كۆتەرگەن بولسىمۇ، ھەر خىل مۇرەككەپ تارىخىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، بۇ خەلق قوزغىلاڭلىرى غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن. ئەمما، بىز «تاڭ ئالدىدا» دا تەسۋىرلەنگەن دېخانلار ئىنقىلاۋىنىڭ تولۇق غەلىبە قازانغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ يەردە يازغۇچى توغرىدىن ـ توغرا ئوتتۇرىغا قويمىغان، ئەمما، ۋەقەلىك بىشارەت قىلىپ تۇرغان ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ، ئالماس باشچىلىقىدىكى دېخانلار ئىنقىلاۋىنى تارىختىكى دېخانلار قوزغىلاڭلىرىغا سېلىشتۇرما قىلغان ھالدا، دېخانلار ئىنقىلاۋىنىڭ پەقەت ماركسىزىملىق توغرا رەھبەرلىككە ئىگە بولغاندىلا غەلىبىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت. بۇ نۇقتا مۇشۇ رومانىنىڭ تۈپ ـ ئاساسىي روھىي. يولداش مۇھەممەت پولات ئۆز ماقالىسىدا رومانىنىڭ ئىچىنى مۇشۇنداق «چۇۋۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ روھىنى كۆرسىتىپ بېرىشى، ئەسەردىن شائىرنىڭ ھاياتىغا ۋە ھاياتىدىكى ئىدىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى يېتەكچى ئىدىيىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئىچكى ئوي ـ خىياللىرىنى ۋە ھەقىقىي ھىس ـ تۇيغۇلىرىنى نامايەن قىلىشى ھەمدە ئوچۇق ـ چۈشىنىشلىك قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىشى» لازىم بولسىمۇ، ئەمما، ئاپتور ھەممىگە ئايدىڭ بولغان كونكرېت ۋەقەلىكلەر ئۈستىدىلا سۆزلەپ، ئۇنىڭغا چېتىشىپ تۇرغان ئىچكى نەرسىلەرنى نەزىرىيە يۈكسەكلىكىگە كۆتىرىپ تەھلىل قىلىپ بېرەلمىگەن. مەسىلەن، ئاپتور مۇنداق دەيدۇ: «ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقى ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشاشلا تارىختىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈردى... ئۇلۇغ جۇڭگو كومپارتىيىسى جاھانگىرلىك، فېئودالىزىم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزىمنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خورلانغان خەلققە ئازاتلىق ئېلىپ كەلدى... لېكىن ئۇلار (ئاغدۇرۇلغان ئەكسىيەتچىلەرنى دېمەكچى ـ ھ. ق) ھە دېگەندىلا ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىدى... لېكىن ھايات تېگىدىكى روھلانغان قەھرىمان ئۇيغۇر خەلقى ئۇلارنىڭ بۇ خىل غالىجىرانە ئۇرۇنۇشلىرىدىن چۆچۈپ قالمىدى... ئۆزلىرىگە ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ئېلىپ كەلگەن ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى باتۇرلارچە كۆرەش قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك يېڭى ھاياتىنى قوغدىدى. ‹كۆرەشچان يىللار› رومانىنىڭ

AltunOq

بىرىنچى قىسمى ئەنە شۇ ۋەقەلەرنى.... ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغان.» گەرچە، بۇ روماننىڭ ئومۇمى قىسمى ئۈستىدىكى باھا بولسىمۇ، ئاپتور مۇشۇ ماقالىسىنىڭ باشقا قىسىملىرى، مەسىلەن، پېرسوناژلار ۋە قۇرۇلما تەھلىللىرىدە بولسۇن، يۇقۇرقى مەسىلە توغرىسىدا مۇشۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق گەپنى قىلمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان ئاشۇ ئىدىيە بىلەن «ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشىنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى، شەكىل گۈزەللىكى ئىدىيە چىنلىقىنى قانچىلىك گەۋدىلەندۈرگەنلىكى، ئىدىيە چىنلىقى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شەكىل گۈزەللىكىگە قانچىلىك ياردەم بەرگەنلىكى» نى كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن. ۋاھالەنكى، مۇشۇنداق قىلىشنىڭ يازغۇچىنىڭ روماننىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا تەجرىبە - ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىشىغا ناھايىتى زور ئەمەلىي پايدىسى بار ئىدى.

يولداش مۇھەممەت پولات روماننىڭ ئىدىيىۋىلىكىنى باھالىغاندا: «كۈرەشچان يىللار» روماننىڭ بىرىنچى تومى... زەرەپشان بويىدىكى باتۇر، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازاتلىق تېگىنى كۆتۈۋېلىش يولىدىكى قەھرىمانانە كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغان» دەپ ئاددىيتىنكىچىلا باھالاپ قويغان. مېنىڭچە، بىر روماننىڭ ئىدىيىۋىيلىكى توغرىسىدا مۇشۇنچىلىكلا گەپ قىلىپ قويۇش بەكمۇ كەملىك قىلىدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە، «بېغىشلاش» ئارقىلىق يازغۇچىنىڭ ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغىنى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى ۋە ئۇنىڭ تېماتىك ئەھمىيىتى بولۇپ، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان كۆز قارىشى، مەيدانى، پوزىتسىيىسىمۇ مانا شۇ نەرسىلەرگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن بولىدۇ. بۇ ھەر قانداق ئەسەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئاساسىي جان تومۇردۇر. شۇڭلاشقا بىز ھەر قانداق بىر بەدىئىي ئەسەرنى تەھلىل قىلماقچى بولىدىكەنمىز، بۇ جان تومۇردا ھاياتىي كۈچىنىڭ بار - يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز سوقۇۋاتقانلىقىنى تەھلىل قىلىشىمىز لازىم. شۇنداقمۇ ئەھۋاللار بولىدۇكى، يازغۇچى بىرەر تېمىنى بىرەر ئىشقا «بېغىشلىغان» ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ئەھمىيىتىنى بەزىدە تونۇپ يېتەلىسىمۇ، ئايرىم ھاللاردا، تونۇپ يەتمىگەن، ھەتتا ئۇنداق ئويلاپمۇ قويمىغان بولۇپ چىقىدۇ. تەنقىتچىنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئاپتور «ئويلاپمۇ قويمىغان» مانا شۇنداق يوشۇرۇن نەرسىلەرنى ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

تارىخىي تەنقىتتە ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان مۇنداق بىر مەسىلىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋەقە ۋە پېرسوناژلارنىڭ تىپىك ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تەبىئىي شارائىتقا ئۇيغۇن بولۇش - بولماسلىق مەسىلىسى، شۇنداقلا، جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن، كۆز كۆرگەن، قۇلاق ئاڭلىغان ئۇششاق - چۈشەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالا قويماي خاتىرىلەپ قويۇش ياكى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قانچە مۇھىم ۋەقەلەرنى تاللاپ، پۈتكۈل بىر دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش - بېرەلمەسلىك مەسىلىسى. يولداش مۇھەممەت پولات روماندا يېزىلغان ۋەقەلىكلەرنىڭ بۇ تەرەپلىرىگە دىگەندەك كۆڭۈل بۆلەلمىگەن.

ئىستېتىكىلىق تەنقىتنى تارىخىي تەنقىتتىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئىستېتىكىلىق تەنقىت ئەسەر ئىدىيىۋىلىكىنىڭ ئوبرازلار، كارتىنىلار ياردىمى بىلەن سەنئەتلەشتۈرۈلگەنلىكى ياكى سەنئەتلەشتۈرۈلمىگەنلىكى، ئۇنى باھالىغاندىمۇ، يازغۇچىنىڭ بۇ جەھەتتىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتى ۋە ۋاستىلىرىنىڭ بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن - كۆتۈرۈلمىگەنلىكى، مۇكەممەللىكى ياكى مۇكەممەل بولمىغانلىقىغا ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىشنىڭ زۆرۈرلە-

گىگە قارىتىلغان. يولداش مۇھەممەت پولات بۇ ھەقتە توختىلىپ: «رومانىنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى مۇكەممەل. بۇ مۇكەممەللىك ئالدى بىلەن رومان قۇرۇلمىسىنىڭ تېما ۋە مەزمۇنغا بولغان بايلىقى ئۈستىدە كۆرۈلىدۇ. رومان ۋەقەلىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئېقىمىنىڭ يۈكسىلىشى، زىددىيەت ۋە قارىمۇ - قارشىلىقلارنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى ۋە مۇرەككەپلىشىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. رومانىدىكى ھەرقايسى بەدىئىي بۆلەكلەرنىڭ بەدىئىي مەنتىقىلىق مۇناسىۋىتى، ئۇنىڭ رومان ۋەقەلىكىنىڭ تەبىئىي راۋاجى بىلەن بولغان بىردەكلىكى ئوقۇغۇچىنى قايىل قىلىدۇ» ۋاھاكازالار دىدى. بۇ قانداق گەپ؟ ماقالا ئاپتورى رومانىنىڭ ئىدىيىۋىيلىكى نىمە ئىكەنلىكى، يازغۇچىنىڭ ئۇ ئارقىلىق نىمە دىمەكچى بولغانلىقىنى چوڭقۇرراق چۈشەنمەي تۇرۇپ، رومان قۇرۇلمىسىنىڭ «تېمىغا ۋە مەزمۇنغا بولغان بايلىقى» نى نەدىن بىلىۋالالايدۇ؟ قانداق مەزمۇننى قانداق قۇرۇلما ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن؟ «رومان ۋەقەلىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئېقىمىنىڭ يۈكسىلىشى، زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى... گە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارغان» لىقىلا قۇرۇلمىنىڭ مۇكەممەل بولغانلىقىنى كۆرسىتەمدۇ؟

مېنىڭچە، قۇرۇلمىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىيات دولقۇنى ۋە رىتىمىگە ئاساسەن، پۈتۈن رومان ۋەقەلىكىنىڭ باش - ئايىغى، ئىچكىي - تەپسىلىلىكى، ئەگرى - توقايلىقىنى ناھايىتى مۇۋاپىق تەشكىللەش، جايى - جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئىپادىلىنىشى لازىم. بۇنداق تەشكىللەش قالايمىقان، بىھۇدە سوزۇپ تارتىلغان بولماستىن، بەلكى بىر تۈگۈنگە مەركەزلەشكەن، قىزىقارلىق ۋە مۇۋاپىق دىراماتىك فورمىغا ئىگە بولغان بولۇشى لازىم. «قۇرۇلمىسى مۇكەممەل» دەپ قويۇش بىلەنلا ئىش تۈگىگەن بولمايدۇ. رومان ئىجادىيىتى بىزدە ئەمدىلا قولغا ئېلىنىۋاتقان پەيتتە، ئوبزورچى مۇشۇنداق مەسىلىلەر ئىچىدىكى جارى قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك ئارتۇقچىلىق، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يېتەرسىزلىكلەرنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

رومانىنىڭ مەزمۇنى، ئىدىيىۋىي خاھىشى ۋە بەدىئىي قىممىتىنىڭ قانداقلىقى، ئەلۋەتتە، روماندا تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش چىنلىقىغا، روشەن خاسلىق ۋە ئومۇملۇققا ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلغان - يارىتىلمىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. رومانلاردا پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشقا بولغان تەلەپ باشقا بارلىق ئەدەبىي ژانىرلارغا قارىغاندا، تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ. بىر پوۋېست، بىر كىنو، بىر دىرامىدا بىردىن - بىر نەچچىگىچە خېلى مۇكەممەل يارىتىلغان پېرسوناژلار ئوبرازى بولۇش كېرەك بولسىمۇ، «كۈرەشچان يىللار» رومانىدەك مۇنداق چوڭ تېپتىكى تىرىلوگىيىلەردە بىرلەپ - ئىككىلەپ ئەمەس، بەشلەپ - ئونلاپ، يىگىرمە - ئوتتۇز ھەتتا قىرىق - ئەللىكلەپ تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئۇ تۇرمۇشنى تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر قازغان، دەۋر روھىنى تېخىمۇ روشەن كۆرسىتىپ بەرگەن بەدىئىي قامۇس بولالايدۇ. بىر رومانىنىڭ ياخشى - يامانلىقى، كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان - ئوقۇمايدىغانلىقى، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى كوتالىقى، گەرچە پېرسوناژلارنىڭ سانى تەرىپىدىن بەلگىلەنمىسىمۇ، ئەمما، پېرسوناژلار مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان - يارىتىلمىغانلىقى ناھايىتى مۇھىم. بىر روماندا

مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان پېرسوناژلار قانچىكى كۆپ بولسا، ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇشنىڭ كۆلىمى شۇنچە كەڭ، تولۇق بولغانلىقى سىرتىدا، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىستىداتىنىڭمۇ شۇنچە مۇكەممەللىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. يولداش مۇھەممەت پولات رومان پېرسوناژلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، چوقۇم نەزەر ئاغدۇرۇشقا تېگىشلىك مۇشۇنداق مۇھىم نۇقتىلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمەي: «ئاپتور ‹كۈرەشچان يىللار› رومانىدا ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان دەۋر شارائىتىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىنى خېلى ئوبدان ئىگەللەپ، ئەينى يىللار تۇرمۇشىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن بىر گۇرۇپپا پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ چىققان» دەپلا قويغان ۋە ئالماس (روماننىڭ باش قەھرىمانى)، ئاسىم، ئېلىقۇل، مەخسۇتبەگ، ھىسامىدىن داموللام ياسىن خوجا قاتارلىق پېرسوناژلار توغرىسىدا: «ئوقۇغۇچىنى تەسىرلەندۈرگۈدەك بەدىئىي كۈچكە ئىگە»، «مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز» دېيىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. بىراق ئاپتور بۇ ئوبرازلاردىكى «بەدىئىي كۈچ» نىڭ زادى نەدە ئىكەنلىكىنى، قانداق قىلىپ «مۇۋەپپەقىيەتلىك» يارىتىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان. مىسال ئۈچۈن، ئاپتورنىڭ ئىجابىي پېرسوناژلاردىن ئالماس، سەلبىي پېرسوناژلاردىن مەخسۇتبەگ ئوبرازلىرى توغرىسىدىكى تەھلىلىنىلا كۆرۈپ باقايلى: «ئالماس ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ مەخسۇتبەگكە يالىنىپ ئىشلەپ كەلگەن جاپاكەش دېھقاننىڭ ئوغلى... شۇڭا ئۇنىڭ قەلبى پومىشچىك، بايلارغا بولغان غەزەپ - نەپرەتكە تولغان... زەرەپشان بويىغا ئەۋەتىلگەن جىگەرلىك يېزا ئوقۇتقۇچىسى ئاسىمنىڭ ئىنقىلاپ ۋە ئۇنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدىكى پىكىر - قاراشلىرى ئالماسنىڭ ئاڭلىقلىق ۋە كۈرەشچانلىقىنىڭ ئۆسۈشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ... ئۇ يۈرەك تولۇش ۋەزىيىتى بىلەن قەشقەرگە بارغاندا، خەنزۇ ئىنقىلابچىسى دۇڭ داشى ۋە ئىشچى قۇربانلار بىلەن تونۇشىدۇ... شۇنداق قىلىپ، ئالماس تۇراقلىق غايە، سۇنماس ئىرادىگە ئىگە ئاڭلىق ئىنقىلابچى بولۇپ يېتىشىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن جەڭگىۋار كۈرەش قاينىمىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئۇ ھايات يولى ئۈزۈلگەن يۈزلىگەن دېھقانلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ... زەرەپشاننىڭ ئازاتلىق تېڭىنى كۈتۈۋالىدۇ. ئاپتور ئالماس ئوبرازىنى كەڭ ۋە مۇرەككەپ بەدىئىي پىلاندا تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتىنى جەمئىيەتنىڭ ھەممە ئىجتىمائىي قاتلاملىرى ۋە ئەھمىيەتلىك ۋەقە - ھادىسىلەر بىلەن باغلاپ، ئۇنىڭ ئىدىيەۋى خاراكتېرىنىڭ تەشكىل تېپىشىنى مۇناسىپ بەدىئىي زېمىن بىلەن تەمىنلەپ، روھىي دۇنياسىنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىشكە تىرىشقان. نەتىجىدە، ئالماس ئوبرازى ئوقۇغۇچىنى تەسىرلەندۈرگىدەك بەدىئىي كۈچكە ئىگە بولالىغان».

«مەخسۇتبەگ — يۈز يىللاردىن بۇيان زەرەپشانلىقلارنىڭ قان - تەرى ھېساۋىغا بېيىپ كەلگەن ئەكسىيەتچى بەگلىك جەمەتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلادى. ئۇ ھېساپسىز ئۈزگۈن مال - دۇنيا ئىگەللىگەن نەپسى بالا بىر فېئودال. ئازاتلىق تېڭىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ قانخورلۇقتا تېخىمۇ غالجىرلىشىپ... ئۆز سىنىپىنىڭ ئەكسىيەتچى مەنپەئەتىنى قوغداپ قالماقچى بولىدۇ... ئۆز ھالاكىتىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى سېزىپ يەتكەن مەخسۇتبەگ ئاخىرى بىر قىسىم غالچىلىرىنى باشلاپ، تاغ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ، ئەكسىلئىنقىلاۋىي قوراللىق توپىلاڭ كۆتىرىشكە تەييارلىنىدۇ. ئاپتور مەخسۇتبەگ ئوبرازىدا... زالىم مەنسەپدارلارنىڭ پەسكەشلىك، چىرىكلىك، ئاچكۆزلۈك ۋە قانخورلۇقتەك تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇ-

روپ... قارام ۋە غالجىر فېئودالنىڭ تىپ خاراكتېرىنى خېلى ئوبدان گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ...»

مېنىڭچە، يۇقۇرقىلار پېرسوناژلار ئوبرازى ھەققىدىكى تەھلىل ئەمەس، بەلكى پېرسوناژلار تەرجىمىھالى ۋە شۇ تەرجىمىھال توغرىسىدىكى ئوبزورچىنىڭ ئىزاھاتىلا بولۇپ قالغان. چۈنكى ماقالا ئاپتورى ئالماس ۋە مەخسۇتبەگ ئوبرازلىرىنىڭ بەدىئىي قىممىتى ئۇلارنىڭ رېئال تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن قانداق پىششىقلاپ ئىشلىنىپ، زادى قانچىلىك بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، شۇ دەۋردىكى نۇرغۇنلىغان «ئالماس» ۋە «مەخسۇتبەگ» لەرنى مۇشۇ ئالماس ۋە مەخسۇتبەگلەرگە قانداق يىغىپ، جانلىق بەدىئىي ۋاستىلار بىلەن يۇغۇرۇۋەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەينى يىللار تۇرمۇشىنى قانچىلىك ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ۋە دەۋر چىنلىقىنى قانداق ھەقىقىي تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە قانچىلىك چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەنلىكىنى ئۇلار قاتناشقان كونكرېت ۋەقەلىكلەر بىرلىكىدە كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن.

يەنە بىر تەرەپتىن، يولداش مۇھەممەت پولات يازغۇچىنىڭ ئالماس ۋە مەخسۇتبەگ ئوبرازلىرىنى رومانىنىڭ مۇشۇ بىر قىسمىدا شارائىت يار بەرگەن دەرىجىدە نىسبەتەن قويۇق يەرلىك خۇسۇسىيەت ۋە نىسبەتەن قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلالىغان - قىلالمىغانلىقى، ئۇلارنىڭ باشقا پېرسوناژلار بىلەن بولغان ئۆزگىچىلىكى ۋە ئورتاقلىقىنى روشەن كۆرسىتىپ بەرگەن - بەرمىگەنلىكىگىمۇ دىققەت قىلالمىغان. ئۇلار قاتناشقان شۇنچە كۆپ ۋەقەلىكلەر ئاپتور تەرىپىدىن تاللاپ ئىشلەش ئارقىلىق ئىشەنچلىك تۇرمۇشقا ئايلاندۇرۇلغانمۇ - يوق؟ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى، سۆز - ھەركىتى، تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدىن شۇ دەۋرنى ۋە شۇ دەۋردىكى ئادەملەرنى كۆرگەندەك ياكى ئۆزىمىزنى شۇلارنىڭ زامانداشلىرىدەك ھېس قىلالايمىزمۇ - يوق؟ ماقالا ئاپتورى پېرسوناژلار ئوبرازى تەھلىلىدە ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق كونكرېت بەدىئىي ئىپادىسىدىن ئۇلارنىڭ «ئەينى يىللار تۇرمۇشىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى» نى گەۋدىلەندۈرگەن - گەۋدىلەندۈرمىگەنلىكىگە جاۋاب ئىزلىمەي، يېتەرلىك پاكىتقا ئىگە بولمىغان ئومۇمىي گەپلەرنىلا قىلىپ قويغان. ئاسىم، ئېلىقۇل، ھېسامىدىن داموللا، ياسىن خوجا ئوبرازلىرى توغرىسىدىمۇ مۇشۇ تەرىقىدىلا ئىزاھات بەرگەندىن باشقا، ئۇلارنى «جىگەرلىك ئادەم»، «قەھرلىك يىگىت»، «نەپسى بالا فېئودال» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن سۈپەتلەپ قويۇشتىن نېرىغا ئۆتەلمىگەن.

2

بىز بىرەر ئوبيېكتنى (جۈملىدىن، بىرەر ئەدەبىي ئەسەر) ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە، دىيالېكتىك لوگىكىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ، شۇ ئوبيېكتنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرىدىكى قانۇنىيەتلىك زۆرۈرى نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىش بىلەنلا قالماي، بەلكى، ئۇ ھەقتىكى تەپەككۇر ۋە پىكىرلىرىمىزنىڭ فورمال لوگىكىنىڭ ئەينىيەت قانۇنىيىتى، زىددىيەتسىز قانۇنىيىتى، ئۈچىنچىسى يوق قانۇنىيىتى ھەمدە يېتەرلىك ئاساس قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇنۇشىنى تەلەپ قىلىمىز. فورمال لوگىكىنىڭ بۇ قانۇنىيەتلىرى بىزنىڭ ئەينى بىر ئوبيېكت توغرىسىدىكى ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە ئەقلىي خۇلاسىلىرىمىزنىڭ ئەينى بىر ۋاقىت، ئەينى بىر شەرت ئاستىدا باشتىن - ئاخىر ئەينەن، بىر خىل، ئىزچىل، زىددىيەتسىز ئاساسلارغا ئىگە بولۇشىنى تەلەپ

قىلىدۇ. بىراق يولداش مۇھەممەت پولاتنىڭ رومانىنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكلىرى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان بىر قىسىم پىكىرلىرى بىر - بىرىگە زىت، قارىمۇ - قارشى ۋە يېتەرلىك ئاساسى بولمىغان پىكىرلەر بولۇپ، فورمال لوگىكىنىڭ يۇقۇرىدىكى قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئالايلۇق، ئاپتور رومانىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەن چېغىدا، بىلىنسكىنىڭ «بەدىئىي ئەسەر سۇپىتىدە رومانىنىڭ ۋەزىپىسى كۈندىلىك ھاياتتىن ۋە تارىخىي ۋەقەلەردىن پارچە، تەسادىپى نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن يادروسىغا، جانلىق ئىدىيىسىگە كىرىش، تاشقى، تارماق ۋەقەلەرنى روھ ۋە ئەقىل ماكانى قىلىشتۇر. رومان بەدىئىلىگىنىڭ دەرىجىسى ئاساسى ئىدىيىنىڭ چوڭقۇرلىقىغا ۋە ئايرىم خۇسۇسىيەتلەردە ئۇ ئىدىيىنى تەشكىل قىلغان كۈچكە باغلىقتۇر» دىگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۇرىدۇ: ۋە «يازغۇچى قەييۇم تۇردى ‹كۈرەشچان يىللار› رومانىدا رومان ئىجادىيىتىنىڭ بۇ تۇپ تەلىپىگە ئەمەل قىلىپ، تارىخىي ۋەقەلىكلەر بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى ھالىتى دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالماي، ئەينى يىللار رىئاللىقىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئوبدان ئۆگىنىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى دادىل تىپىكلەشتۇرۇپ... خىلمۇ - خىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئىچىدىن ئومۇمى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تۇپ زىددىيەتنى... تىپىك قارىمۇ - قارشىلىقلارنى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ، زۇلمەتلىك ئۆتمۇشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى خېلى چوڭقۇر ئاچقان» دەپ مۇئەييەنلەشتۇرسە، رومانىنىڭ يېتەرسىزلىگى ئۇستىدە توختالغاندا، يەنە بىلىنسكىدىن نەقىل كەلتۇرۇپ، ئەسەرنى بىر مۇنچە ئەيىپلىگەندىن كېيىن: «ئاپتور... تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە، پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس ھايات بىرلىگىگە، ئۇلارنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىغا تازا ئىنچىكىلەپ كىرەلمىگەن. رىئال تۇرمۇشنىڭ كىتاپخاننى قىزىقتۇرىدىغان ئىنچىكە تەرەپلىرىنى، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىغا ئايان بولمىغان يوشۇرۇن سىرلىرىنى تولۇق ئاچالمىغان» ۋاھاكازالار دەپ ئۆزىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۆزى ئىنكار قىلىدۇ. ماقالا ئاپتورى باشتىلا بۇ رومانىنى بىلىنسكىنىڭ رومان ئىجادىيىتى توغرىسىدىكى شەرھىيىسىگە «ئەمەل قىلىپ» يېزىلغان، «ئومۇمى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تۇپ زىددىيەتنى»، «تىپىك قارىمۇ - قارشىلىقلارنى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۇرگەن»، «تۇرمۇشنى دادىل تىپىكلەشتۇرگەن» رومان دىگەن ئىدىغۇ؟ مۇشۇنداق بولغاندا، بۇ رومان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەمەس، بەلكى دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ قالتىس مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغان رومان بولۇدۇ. چۈنكى بىز دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا بىلىنسكىنىڭ رومانغا قويغان تەلىپىگە «ئەمەل قىلىپ» يېزىلغان رومانلارنى ناھايىتى ئاز ئۇچرىتىمىز. بىلىنسكىنىڭ رومانغا بولغان تەلىپىگە «ئەمەل قىلىپ» يېزىلغان بۇ رومانىنىڭ «تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ۋە يوشۇرۇن سىرلىرىنى، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى تازا ئىنچىكىلەپ ئېچىپ بېرەلمەسلىگى» مۇمكىنمۇ؟ مۇشۇنداق نەرسىلەرنى «ئىنچىكىلەپ ئېچىپ بېرەلمىگەن» بۇ رومان يەنە نىمە ئۈچۈن بىلىنسكىنىڭ تەلىپىگە «ئەمەل قىلىپ» يېزىلغان رومان بولۇپ قالىدۇ؟ ئىككىنچىدىن، ئاپتور بىر يەردە: «يازغۇچى... ئەينى يىللار رىئاللىقىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئوبدان ئۆگەنگەن» دىسە، ئارقىدىنلا «يازغۇچى... تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە چوڭقۇرلاپ كىرەلمىگەن» دەيدۇ. «ماھىيەتلىك تەرەپنى ئوبدان ئۆگىنىش» بىلەن «ماھىيەتنىڭ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىش» دىگەن بىر گەپ

ئەمەسمۇ؟ «ماھىيەتنى ئوبدان ئۆگەنگەن» ئادەمنى «ماھىيەتنىڭ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرمەگەن» دېگىلى بولامدۇ؟ دېمەك، ئاپتورنىڭ ئەينى بىر ئوبيېكت ئۈستىدە ئەينى بىر شارائىت، ئەينى بىر شەرت ئاستىدا قىلغان گەپلىرى پۈتۈنلەي بىر-بىرىگە زىت ۋە قارىمۇ-قارشى بولۇپ، قايسى گېپىنىڭ توغرىلىقىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ.

ئاپتورنىڭ رومانىنىڭ ئوبرازلىرى توغرىسىدىكى پىكىرلىرىدىمۇ بۇ خىل قارىمۇ-قارشىلىقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئاپتور بىر يەردە: «يازغۇچى... ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان دەۋر شارائىتىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىنى خېلى ئوبدان ئىگەللەپ، ئەينى يىللار تۇرمۇشىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن بىر گۇرۇپپا پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ چىققان» دېسە، ئارقىدىنلا: «روماندا ئىدىيە بىلەن ئوبراز توغرا بىر تەرەپ قىلىنمىغان... پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس ھايات بىرلىكىنى، باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى... ئېچىپ بېرەلمىگەن» دەيدۇ. ئوبرازلارنىڭ «ئەينى يىللار تۇرمۇشىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكى» روماندا ئىدىيە بىلەن ئوبرازنىڭ توغرا بىر تەرەپ قىلىنغانلىقى ئەمەسمىدى؟! ئاپتور بىردەم «گەۋدىلەندۈرگەن» دېسە، بىردەم «توغرا بىر تەرەپ قىلىنمىغان» دەيدۇ؛ «ئۆزىگە خاس ھايات بىرلىكى، باي، مۇرەككەپ روھىي دۇنياسى ئېچىپ بېرىلمىگەن» پېرسوناژلار قانداقمۇ «ئەينى يىللار تۇرمۇشىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن بىر گۇرۇپپا پېرسوناژلار ئوبرازى» بولالايدۇ؟ مۇشۇنداق بولغاندا، ئاپتور «كەڭ ۋە مۇرەككەپ بەدىئىي پىلاندا تەسۋىرلىگەن، پېرسوناژلارنىڭ «ھايات پائالىيىتىنى جەمئىيەتنىڭ ھەممە ئىجتىمائىي قاتلاملىرى ۋە ئەھمىيەتلىك ۋەقە، ھادىسىلەر بىلەن باغلاپ ... ئىدىيەۋى خاراكتېرنىڭ تەشكىل تېپىشىنى مۇناسىپ بەدىئىي زېمىن بىلەن تەمىنلەپ، روھىي دۇنياسىنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر ئاچقان ... ئوقۇغۇچىنى تەسىرلەندۈرگۈدەك بەدىئىي كۈچكە ئىگە» «مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئالماس، ئاسىم، ئېلىقۇل، مەخسۇتبەگ ... قاتارلىق «بىر گۇرۇپپا» پېرسوناژلار ئوبرازى «ئۆزىگە خاس ھايات بىرلىكى بولمىغان»، «باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسى ئېچىپ بېرىلمىگەن» ئوبرازلار بولۇپ قالغان بولامدۇ؟

مۇھەممەت پولات رومانىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ئۈستىدە توختالغاندا: «يازغۇچى قەييۇم تۇردى ‹كۈرەشچان يىللار› روماندا جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدىكى جەڭگىۋار ھايات مۇساپىسىنى مەلۇم دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ بەرگەن»، «ئۇ (يازغۇچىنى دېمەكچى) ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى شىنجاڭ جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن خىلمۇ-خىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئىچىدىن ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تۈپ زىددىيەتنى، يەنى دېھقانلار ئاممىسى بىلەن فېئوداللىق يەرگە ئىگىدارلىق تۈزۈمى ئوتتۇرىسىدىكى تېپىك قارىمۇ-قارشىلىقلارنى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، زۇلمەتلىك ئۆتمۈشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى خېلى چوڭقۇر ئاچقان» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرسە، رومانىنىڭ كەمچىلىكى ئۈستىدە توختالغاندا: «‹كۈرەشچان يىللار› رومانىنى ... تېخى جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدىكى تۇرمۇش ۋە كۈرىشى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەن مۇكەممەل بەدىئىي كارتىنا، يارىتىش ۋە ئىختىرا قىلىش روھىي بىلەن تولۇپ تاشقان ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ» دەپ ئۆزىنىڭ گېپىنى ئۆزى ئىنكار قىلىدۇ. بىر ئەسەردە «مۇكەممەل بەدىئىي كارتىنا» بولمىسا، «يارىتىش ۋە ئىختىرا قىلىش روھىي تولۇپ-تاشمىغان» بولسا،

ئۇ ئەسەر «جەنۇبىي شىنجاڭ دېخانلىرىنىڭ — جەڭگىۋار هايات مۇساپىسىنى مەلۇم دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ بەرگەن» ئەسەر بولالامدۇ؟ «ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى شىنجاڭ جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ... زۇلمەتلىك ئۆتمۈشنىڭ ھەقىقى ماهىيىتىنى خېلى چوڭقۇر ئاچقان» ئەسەر يەنە نىمە ئۈچۈن «جەنۇبىي شىنجاڭ دېخانلىرىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدىكى تۇرمۇش ۋە كۈرىشى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىگەن» ئەسەر بولۇپ قالىدۇ؟ ئاپتورنىڭ: «مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ بەرگەن» دېگىنى راستمۇ ياكى «تېخى ... شۇنداق دېگىلى بولمايدۇ» دېگىنى راستمۇ؟

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇنداق بىر مۇھىم مەسىلىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، يولداش مۇھەممەت پولات روماندىكى ئاساسىي ئىجابىي پېرسوناژ ئېلىقۇل ئۈستىدە توختالغاندا: «ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى مەخسۇتبەگنىڭ قانخورلىغى بىلەن توزۇپ تۈگىگەن. شۇڭا، ئېلىقۇل ئۆزىنى بەختسىز ئاتا - ئانىسىنىڭ قىساسكارى دەپ بىلىپ، مەخسۇتبەگنى ئۆلتۈرۈپ پۇخادىن چىقىش مەقسىدىدە ئىنقىلاپقا قاتنىشىدۇ ... ئاپتور ئېلىقۇل ئوبرازى ئارقىلىق ... قىساسكار دېخان ياشلىرىنىڭ شەخسى ئۆچ ئېلىش تاقەتسىزلىگىدە شەكىللەنگەن ئالاھىدە خاراكتىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ» دەيدۇ. ئارقىدىنلا ئېلىقۇلنىڭ مەخسۇتبەگ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئانىسى، دادىسى ۋە ئىنىسىنىڭ پاجىئەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ «ھەرقانچە كەڭ ئويلىغاندىمۇ، كىتاپخانىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ، چۈنكى مەخسۇتبەگ غالجىر ۋە قارام فېئودال بولسىمۇ، لېكىن بىرەر ئىشقا تۇتۇنغاندا، خەلقنىڭ رايى، ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە ئەخلاقىي قاراشلارنىڭ بېسىمى، سىياسەت، ھاكىمىيەتنىڭ كونكرېت ئەھۋالى قاتارلىقلار بىلەن ھېساپلاشماي تۇرالمايدۇ ....» شۇڭلاشقا بۇ ۋەقەلەر «تۇرمۇش رېئاللىغىدا، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتىر ئالاھىدىلىگىدە، ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ ماهىيىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ۋەقە» دەيدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئاپتورنىڭ ئېلىقۇل، مەخسۇتبەگ ئوبرازلىرى توغرىسىدا ئالدىدا قىلغان گېپى بىلەن كەيىندە قىلغان گېپى بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى. ئاپتور ئېلىقۇلنى بىردەم: «ئاتا - ئانىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىنقىلاپقا قاتنىشىدۇ» دېسە، بىردەم مەخسۇتبەگنىڭ ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئۇنچىۋالا ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتىۋېتىشى «رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس» دەيدۇ. ئەگەر بۇ ۋەقە «رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىسا» ئېلىقۇلنىڭ «ئاتا - ئانىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىنقىلاپقا قاتناشقانلىغى» يالغان بولۇپ قالغان بولمامدۇ؟ ئەگەر بۇ رېئاللىق بولۇدىغان بولسا، ئاپتور يەنە نىمە ئۈچۈن بۇ ۋەقەنى «ھەر قانچە كەڭ ئويلىغاندىمۇ ئەقىلغا سىغمايدۇ» دەيدۇ؟ ئاپتورنىڭ پىكرىدىكى بۇ قارىمۇ - قارشىلىق مۇنداق بىر مەسىلىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ: «مەخسۇتبەگ ... زورلۇق ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىنى ھەممىدىن مۇقەددەس بىلىدىغان، ئۇنى قوغداش يولىدا ھېچنىمىدىن قايتمايدىغان — پەسكەش، چىرىك، ئاچكۆز، قانخور، نەپسى بالا، قارام، فېئودال» ئىكەنۇ، يەنە نىمە ئۈچۈن ئېلىقۇلنىڭ ئائىلىسىنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتىدىغان چاغدا «پاراسەتلىك»، «ھېسسىيات ۋە بىردەملىك ئىرادە كۈچىگە بېرىلمەيدىغان»، «خەلقنىڭ رايىغا باقىدىغان»، «ئەنئەنىۋىي ئادەت ۋە ئەخلاقىي قاراشلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان»، ئىنسانپەرۋەر، تەقۋادار «ئۇلۇغ» زات بولۇپ قالىدۇ؟ شۇنداقلا، مەخسۇتبەگ شۇچاغدىكى «سىياسەت ۋە ھاكىمىيەتنىڭ كونكرېت ئەھۋالى بىلەن ھې-

ساپلىشىپ ئىش قىلىدىغان» ئادەم بولۇدىغان بولسا، شۇ چاغدىكى «سىياسەت ۋە ھاكىمىيەت» مەخسۇتبەگدەك فېئودالىلارنىڭ ھاكىمىيىتى بولماي، بەلكى خەلقنىڭ ھاكىمىيىتى بولۇپ قالغان، يەنى يەرلىك فېئودالىلارنىڭ خەلقنىڭ ئۈستىدىن زوراۋانلىق قىلىشىغا يول قويمايدىغان، خەلقنى قوغدايدىغان، ئادىل ھاكىمىيەت بولۇپ قالغان بولمامدۇ؟ ماقالا ئاپتورىنىڭ مەخسۇتبەگنى «نەپسى بالا فېئودال» دېگىنى راستمۇ ياكى خەيرى - ئېھسانچى «تەقۋادار» دېگىنى راستمۇ؟

تەنقىدىي ماقالىلاردا ئاپتورلار بىلەن كىتاپخانلار قوبۇل قىلالمايدىغان مۇنداق بىر مۇھىم مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ، قىلىغان گەپنىڭ دەلىل - ئىسپاتى بولماسلىق، كىچىك ئىشنى كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىش، پاكىتقا ھۆرمەت قىلماي، قارىسىغىلا سۆزلەشتىن ئىبارەت. يولداش مۇھەممەت پولات بۇ ماقالىسىدا: ئاپتور بەزى ۋەقەلەرنى تەشكىللەشتە «بىر قىسىم پېرسوناژلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى لايىھىلەشتە قاتمال بەدىئىي فورمىلاردىن خالىي بولالمىغان»، «بىر قىسىم پېرسوناژلار خاسلىق، ئۆزگىچىلىكتىن خالىي بولغان جانسىز پېرسوناژ بولۇپ قالغان»، «رومانىنىڭ بىر مۇنچە جايلىرى» دا، «بىر مۇنچە قوشاقلاردا ... ئوبراز ۋە ھېسسىيات يوق» دېگەندەك ئابستراكت، نەق پاكىتى بولمىغان مەۋھۇم گەپلەرنى كۆپرەك ئىشلەتكەن. مېنىڭچە، مۇنداق ئاساسسىز گەپ قىلىش توغرا ئەمەس. مەسىلە نەدە بولىدىكەن شۇ يەرنى، بىر بولسا بىرنى، ئىككى بولسا ئىككىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىشىمىز لازىم. چۈنكى، رومانىنىڭ بىر ئابزاستىكى ۋەقەلىكمۇ، بەش - ئون بابىدىكى ۋەقەلىكلەرمۇ «بەزى ۋەقەلەر» بولۇشى؛ بىر پېرسوناژمۇ، ئون - يىگىرمە پېرسوناژمۇ «بىر قىسىم پېرسوناژلار» بولۇشى مۇمكىن. فورمال لوگىكىنىڭ يېتەرلىك ئاساسىي قانۇنىيىتى بىزگە توغرا يەكۈنگە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش لوگىكىلىق ئىسپات ۋە رەددىيىلەرنىڭ يېتەرلىك، تولۇق ئاساسقا ئىگە بولۇشىنى، ئىسپاتسىز، ساختا بولماسلىقىنى، ئۇقۇملارنى قالايمىقان ئىشلەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، يولداش مۇھەممەت پولات بۇ ماقالىسىدا «روماندا ئۆلۈم ۋە قان - ياشنىڭ بەكمۇ كۆپ تەسۋىرلەنگەنلىكى»، لېكىن ئۇنىڭ «ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى، تۇرمۇشنىڭ تۈپ مەزمۇنىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئاساسلىق نەرسە ئەمەس» لىكىنى، چۈنكى «ئادەمنىڭ تۈپ ماھىيىتى ياشاش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مېنىڭچە، بۇ ئەستايىدىل دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە. چۈنكى ھەر قانداق بىر ئەدەبىي ئەسەردە تەسۋىرلىنىدىغان «ئۆلۈم ۋە قان - ياش» شۇ ئەسەردىكى تىپىك شارائىت ۋە تىپىك تۇرمۇش مۇھىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. تىپىك شارائىت ۋە تىپىك تۇرمۇش مۇھىتى «ئۆلۈم ۋە قان - ياش» نى كۆپرەك تەسۋىرلەشنى زۆرۈر تاپىدىكەن كۆپرەك، ئازراق تەسۋىرلەشنى زۆرۈر تاپىدىكەن ئازراق تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە ئۆلۈم ۋە قان - ياشنىڭ ئاز ياكى كۆپ تەسۋىرلەنگەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق «ئۆلۈم ۋە قان - ياش» نىڭ ئەھمىيىتىنى، ئىنسان قەدىر - قىممىتىنىڭ ھاياتلىقتا تۇتقان ئورنىنىڭ گۈزەل، ئالىجاناپ ياكى پەس، چۈشكۈنلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىش - بېرەلمەسلىكتە. ئەسەردىكى بىر پېرسوناژ ئۆلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىرەر زور ئىشقا ئالاقىدار بولغان ئەھمىيەتلىك ئۆلۈم بولۇشى،

كىتاپخانلار ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرگەندىن كېيىن «ھەجەپ بەلەن بولدى» دەپ دىلى يايرىشى ياكى «ئەجەپ ئۆلۈپ كەتتى ـ ھە؟» دەپ قايغۇرۇشى كېرەك. پېرسوناژلارنىڭ مۇشۇنداق تەسۋىرلەنگەن «قان ـ ياشلىق» ھاياتىي «تۇرمۇشنىڭ تۈپ مەزمۇنىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئاساسلىق نەرسە» بولمىسا، قانداق نەرسە «تۇرمۇشنىڭ تۈپ مەزمۇنىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئاساسلىق نەرسە» بولۇدۇ؟

بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئېلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ، ئاپتور ئادەمگە تەبىر بېرىپ: «ئادەمنىڭ تۈپ ماھىيىتى ــ ياشاش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت» دەيدۇ. بۇ، ئېيتىلىۋاتقان ئورنىدىن قارىغاندىمۇ ھاجەتسىز «تەبىر» بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ئىلمىي گەپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى كۈلكىلىك تۇيۇلۇدۇ. چۈنكى فورمال لوگىكا بىزگە تەبىرلەنگۈچى بىلەن تەبىرلىگۈچىنىڭ ھەجمىنىڭ ماس بولۇشىنى، تەبىرلەنگۈچى ئوبيېكتىنى ئۆزىگە ئوخشايدىغان باشقا ئوبيېكتلاردىن پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ بىرلەمچى ئورۇندا تۇرۇدىغان ئەڭ ماھىيەتلىك بەلگىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش لازىملىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاپتورنىڭ مۇشۇ تەبىرىچە بولغاندا، ئادەمنىڭ تۈپ ماھىيىتى ھايۋانىنىڭ ماھىيىتىدىن پەرقلەندۈرۈلمىگەن بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ھايۋانىنىڭ ماھىيىتىمۇ ئوخشاشلا «ياشاش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت» بولۇپ، ئۇنى تۇتۇمەن دىسىڭىز قاچىدۇ، چىشىغا تەگسىڭىز، مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزسىڭىز كۈچىنىڭ يېتىشىچە «قارشىلىق» كۆرسىتىدۇ، ھەتتا سىزنى يەپ تاشلايدۇ. بۇمۇ ھايۋانىنىڭ ئادەمگە ئوخشاشلا «ھەر قانداق چوڭ بېسىم ۋە خورلۇق شارائىت ئاستىدىمۇ ھامان ياشاش ۋە ئۆزىنى قوغداشقا» ئىنتىلىشىدۇر. بۇ يەردە ئاپتور باشقا بىر ھادىسىنى چۈشەندۈرۈمەن دەپ، ئادەم دىگەن ئۇقۇمنى كۆتىرىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا خاتا تەبىر بېرىپ قويغان. مېنىڭچە، ئادەمنىڭ تۈپ ماھىيىتى ئۇنىڭ سۆزلىيەلەيدىغان، ئىجتىمائىي ئاڭغا ئىگە، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياسىيالايدىغان ۋە ئۇنى ئىشلىتەلەيدىغانلىقىدا. بۇتە بىردە ئادەمنىڭ ئادەم بولمىغان باشقا ئوبيېكتلاردىن پەرقى ھەم ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان ئەمگەك قوراللىرىنى ياسىيالايدىغان ۋە ئىشلىتەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇدىغان ماھىيەتلىك بەلگىسى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئەمدى بۇ تەبىرنى يولداش مۇھەممەت پولات كۆرسەتكەن ئورۇنغا قويساق، ھېچقانداق بىر مەسىلىگە ئالاقىدار بولمىغان، ھېچنىمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان تەبىر بولۇپ قالىدۇ.

ئاپتور پېرسوناژلار ئوبرازى توغرىسىدىكى تەھلىلىدە ئۆزى باھا بېرىۋاتقان بۇ روماننىڭ ئۈچ توملۇق رومان (تىرىلوگىيە) نىڭ بىرىنچى قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، پېرسوناژلارنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىمۇ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئىنكار قىلغاندىمۇ تولۇق ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت ئېغىشتىن خالىي بولالمىغان. مۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى «كۆرەشچان يىللار» تىرىلوگىيىسىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا ئوتتۇرىغا چىققان پېرسوناژلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى (ئاسىم ئەپەندىدىن باشقا) دېھقانلاردىن ئىبارەت. لېنىن: «دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئىگىلىك شارائىتىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئورنى مۇنداق بولۇدۇ: ئۇ، ھەم يېرىم ئەمگەكچى، ھەم يېرىم ھايانكەش. بۇ ــ پاكىت. پۇل ئالماشتۇرۇش يوقالمىغىچە بۇ پاكىتنى قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى، ئۈچ توملۇق بىر روماننىڭ مۇتلەق كۆپ

قىسىم پېرسوناژلىرىنى دىخان قىلىپ تاللىۋالغان يازغۇچى ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ «ھەم پىرىم ئەمگەكچى، ھەم پىرىم ھايانكەش» لىك ئورنىنى، شۇنداقلا، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ مۇكەممەل بىر پرولېتارىيات ئىنقىلاپچىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىش جەريانىنى ئۆز رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمىدىلا كۆرسىتىپ قويۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق قىلىنىدىغان بولسا، بۇ رومانىنى ئۈچ تومluق رومان قىلىپ يېزىپ چىقىشنىڭمۇ ئەھمىيىتى بولمىغان بولۇدۇ. شۇڭلاشقا، يازغۇچىنىڭ ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرىنى مۇكەممەل بەدىئىي خاراكتېر قىلىپ يارىتىپ چىقىشقا ناھايىتى زور ئېھتىمال قالدۇرغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. شۇنداق ئىكەن پېرسوناژلار ئوبرازى تەھلىلدە تارىخىي تەقدىرلىرىدىن خۇلاسە چىقىرىلمىغان، داۋاملىق پائالىيەتتە بولۇۋاتقان ۋە بولۇدىغان ھايات ـــ پېرسوناژلار خاراكتېرى تېزىسىدا بىر تەرەپلىمىلىك «مۇكەممەللىك» نى تەرغىپ قىلىپ، ئۇنى پۈتۈنلەي مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىش توغرا ئەمەس. ھاياتلىق تەقدىرىدىن خۇلاسە چىقىرىلغان پېرسوناژلارغا نىسبەتەن، ئۇلار ياشىغان تىپىك شارائىت ۋە تىپىك مۇھىت ئاساسىدا مۇشۇنداق تەلەپ قويۇش، ئەلۋەتتە مۇۋاپىق. ھايات پېرسوناژلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ پېرسوناژ قاتناشقان شۇ بىر قىسىم ۋە قەلىكلەردە ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ قانداق تەرەپلىرى گەۋدىلەندۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى، يازغۇچى ئۇنى گەۋدىلەندۈرەلىگەنمۇ - يوق؟ نىملەرنى ئاشۇرۇۋەتكەن ۋە نىملەرنى تولۇق دىيەلمىگەن؟ ياكى ئارتۇق - كېمى يوق، دەل بولغانمۇ؟ بۇ تەرەپلەر ھەققىدە گەپ قىلىش، ئەلۋەتتە ئەمىلىيەتنى چىقىش قىلغانلىق بولۇپ، يازغۇچى ئۈچۈنمۇ كىتابخانلار ئۈچۈنمۇ پايدىلىق. بىراق يولداش مۇھەممەت پولات مەسىلىنى مۇشۇنداق تەمكىنلىك ۋە سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىيالمىغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يولداش مۇھەممەت پولات بۇ ماقالىسىدا رومانغا رومان مەيدانغا چىققان تىپىك شارائىت بويىچە، رومانىنىڭ ئالاھىدە بەدىئىي قانۇنىيەتلىرىنى تۇتقا قىلغان ھالدا ئەتراپلىق، توغرا باھا بېرەلمىگەنلىكى سىرتىدا، فورمال لوگىكىنىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپ ھالدا بىر - بىرىگە زىت، بىرىنى - بىرى ئىنكار قىلىدىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتور ۋە كىتابخانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىرەر پايدىلىق مەسلىھەت بېرەلمىگەن. بۇ، بىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئوبزورچىلىقىمىزدا ساقلىنىۋاتقان جىددىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئەدەبىيات - سەنئەت ئوبزورچىلىقى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ئادەملەرنىڭ ھىس - تۇيغۇ، قەلب دىئالېكتىكىسى چوڭقۇرلۇقلىرىغا يوشۇرۇنغان ماھىيەتلەرنى قېزىپ چىقىرىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان بىر پەيتتە، مۇشۇنداق مەسىلىلەر دەرھال تۈزۈتىۋېلىنمايدىغان بولسا، ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينايدىغان ئىلغار تەنقىتچىلىك ئىدىيىسى ۋە تەنقىتچىلىك نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ناھايىتى قىيىن.

Altunoq

# باھار غۇنچىلىرى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «تىيانشان پەرزەنتلىرى» ئەدەبىيات ئۇيۇشمىسى «9- دېكابىر» ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن 1984 - يىلى 12 ئاينىڭ 10 - كۈنى دېكلاماتسىيە — كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا 30 غا يېقىن ياش ھەۋەسكار ئۆز شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇدى. ژورنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا دېكلاماتسىيە يىغىنىدا ئوقۇلغان شېئىرلاردىن بىر قىسمىنى تاللاپ باستۇق.

تەھرىردىن.

## شېئىرلار

### ئەزىز ئېلى

### تاڭ ئوغلىمەن

چولپان يانار، چەكسىز سامادا،
چىراق كەبى يورۇتۇپ تۈننى.
چىللىشىدۇ خورازلار تىنماي،
بەس - بەس بىلەن ئويغىتىپ كۈننى.

سۇبھى چېغى
ئاقاردى ئۇپۇق،
تۈن پەردىسى يىرتىلدى ئەنە.
چوغ مىسالى شەرقتىن يەرگە
تال - تال نۇرلار چېچىلدى يەنە.

تاڭ قىزاردى، ئالەم لالىرەڭ،
نۇر ۋەسلىگە چۆمدى كائىنات.
باغدا بۇلبۇل ياڭراتتى ناخشا،
كۈلدى قايتا جەڭگىۋار ھايات.

تاڭ نۇرىدىن زەرباپ تون كىيدى،
يېشىل يايلاق، ئاق تاجلىق تاغلار.
چىچەك ئېچىپ رەڭدار غۇنچىلەر،
ئەجەپ كۆركەم ياساندى باغلار.

مېنىڭمۇ شۇ يېڭى تاڭ بىلەن،
گويا قايتا ئېچىلدى كۆزۈم.
تاڭ ئوغلىمەن تاڭدا تۇغۇلغان،
تاڭ ئەكسىنى چاقنىتار يۈزۈم.

خۇددى تاڭدەك غۇبارسىز قەلبىم
تاڭدەك يورۇق گۈزەلدۇر بەختىم.
ھايات ئۆزرە گويا سۇلتانمەن،
ساپ ھاۋالىق ۋەتىنىم — تەختىم.

خالاسىمەنكى، ئەمدى مەڭگۈگە
بەڭۋاش كۆڭۈل، بەڭۋاش سۆيگۈدىن.
تەنتەكلىگىم كەتتى تۈن بىلەن،
مەن تۇغۇلدۇم بۈگۈن ئۈزگىدىن.

نادان قىزلار بولماڭ ئاۋارە،
ئاخشاملىرى دەرىزە چېكىپ.
تۈنۈگۈنكى بەڭۋاش يىگىتنى
تاپالمايسىز
ھە بۈگۈن كېلىپ.

دىلدا پەقەت بىر بۈيۈك ئارزۇ:
يەن، قىزنىڭ ۋەسلىنى قۇچۇش.
ئەل ـ ۋەتەنگە شەرەپ كەلتۈرۈپ.
يۇلتۇزلاردىن ـ يۇلتۇزغا ئۇچۇش.

## گۈل دىسەم ...

گۈل خۇمارمەن، گۈلگە ئاشىق مەن،
بۇ ئەمەس ھېچ تەئەججۇپلىك ھال.
گۈل دىگەندە يۈرىگىم گۈلخان
بولۇپ يانار،
بۇ ئەجەپ ئەھۋال ...
كېزەر دىلدا تاتلىق بىر سېزىم،
گۈلگە بولغان مېھرىم ـ ئەقىدەم.
مەن ھاياتنىڭ گۈلشەن بېغىدا
سەيلى قىلىپ، گۈلنى ئارىلاپ،
ئۇچۇپ يۈردۈم ئىشچان ھەرىدەك،
ئىلھامىمغا يىغىش ئۈچۈن بال.

## «ماسلىشىش» ۋە «كەمتەرلىك»

شۇنداقلارمۇ بار
ھۆل چىۋىقتەك،
قايان ئەگسە شۇ يان ئېگىلەر.
ئۆزىچە
پەخىر بىلىپ بۇ خىسلىتىنى ـــ
«ھەممە ئىشقا ماسلاشقانلىق» دەر.
ئۇنىڭغىمۇ خوش!
بۇنىڭغىمۇ خوش!
بولغانلىقىمش بولغىنى «كەمتەر.»
مەن دەيمەنكى، بۇ «كەمتەرلىك»نى
يۇتۇپ كەتسۇن يەر!

## ئارزۇلايمەن يىلتىز بولۇشنى

قىلىن تۇپراق ئاستىدا،
قۇياشنىڭ نۇرىنى كۆرمەي.
شاب ھاۋانىڭ پەيزىنى سۈرمەي،
يەرنى قۇچاقلاپ ياتىدۇ يىلتىز.
شۇنداقتىمۇ،
بىخ سۈرۈپ چاتاقلاپ،
زورىيىپ بارىدۇ ئۇنىسىز، تىنىمسىز.
شۇ يىلتىزسىز
دەرەخ كۆكلىمەس
ۋە چېچەكلەپ مېۋىمۇ بەرمەس،
قۇرۇپ كېتەر چوقۇم ۋاقتىسىز.
مەن ئويلايمەن:
مەنمۇ بولسام
گويا بىر يىلتىز؛
ياشناتسام ئۈممەت دەرىخىنى،
كۆكلەپ تۇرسا كېچە ۋە كۈندۈز.
بۇ دەرەخ چېچەك ئېچىپ مېۋىلەر بەرسە،
شاتلىناتتىم شۇ چاغ قانچىلىك،
مېۋىسىنى نەۋرىلەر تەرسە.

# ئېمىزگە

ئابدۇقەييۇم ئىمىن

قاپىقىدىن مۆلدۈر ياغدۇرۇپ،
قويۇندەك يىقىراپ؛
كەتتىڭغۇ سەن شۇنچە چالۋاقاپ؟!
زېرىكتىڭ، تېرىكتىڭ نىمىگە،
نىمانچىلا كېتىسەن ۋاقىراپ؟
هە، بىلدىم:
ئوغلۇڭ ئېمىزگىنى قويۇپتۇ چايناپ!
قانچىلىك ئىشتى بۇ،
ۋايساپ كەتكۈدەك شۇنچە ئاچچىقلاپ؟
ئۆزەڭنىڭ شورى،
چىشى چىققان بالىنى
ئېمىزگىدە گۆللايمەن دىدىڭ،
بىراق، ئۇ ئېمىزگەڭنى
تاشلىدى چايناپ!
ئەگەر،
ئېمىزگەڭگە ئالدانسا بوۋاق
قانداقمۇ ئۆسەلىسۇن ئايناپ؟!
سەن ئۇنىڭغا بىكاردىن - بىكار
كەتمىگىن قايناپ!

# ئىككى شېئىر

ۋاھىتجان غوپۇر

## بۇلۇت بولۇپ ئۇزگۇم كەلدى ئاسمانىدا

تۇرماقتىمەن خىيال بىلەن قىيادا،
قاراپ كۆكتە ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتقا.
گويا ئۇلار كۆز ئۇزمەستىن باقىدۇ
مېھرى چۈشكەن سەييياھ كەبى بۇ يۇرتقا.

بىر توپ بۇلۇت ئاق تون كىيگەن پەرىدەك،
ئەنە ئۇچۇپ ئاق چوققىغا مىنگەشتى.
بەجايىكى، قۇچىغىنى كەڭ ئېچىپ،
چوقا بىلەن باغاشلاشتى، لەۋلەشتى.

ئاق ھەللە ياغلىغىدا بىر توپى،
سۈرتتى ئەنە ئالتۇن قۇياش يۈزىنى.
بەلكى رەڭدار شۇ قۇياشتىن نۇر ئېلىپ،
ئالتۇن رەڭدە زىننەتلىدى ئۆزىنى.

بىردىن ئېرىپ ئۇنىڭ ماموق ۋۇجۇدى،
بۇ دىيارغا سەپتى ئۇنچە قەترىلەر.
كەڭ بوشلۇقتىن چۈشتى يەرگە سىملداپ،
نە قەترىكى، بەلكى خۇشبۇي ئەترىلەر.

بىردىن ياشناپ كەتتى بۇندا گۈل - گىيا،
خىيال قۇشۇم ئۇچتى شۇ ئان ئاسمانغا.
مەنمۇ بۇلۇت بولۇپ تۆكسەم شىپالىق—
يامغۇرلارنى ئانا يۇرتقا - بوستانغا.

## ئانامنىڭ سۈرىتىگە قاراپ...

(قىز تىلىدىن)

قولۇمدا بىر سۈرەت، سۈرەتتە بىر قىز،
قارا كۆز، قوندۇز چاچ ھەممە قەلەم قاش.
كىرپىكى بۇك ئۆسكەن بەرگى قىياقتەك،
لەۋلىرى تاڭدىكى غۇنچىگە سىرداش.
جۇپ مەڭزى قىزارغان شەپەق رەڭگىدە،
يۈزلىرى نۇرلانغان ھىلالغا ئوخشاش.

بۇ كىمنىڭ سۈرىتى، ئوخشايدۇ كىمگە؟
ئانامنىڭ سۈرىتى — دىدىم ئۆزەمگە.
ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى غۇنچە چېغىدىن،
قەغەزدە ئەينىچە قالغان خاتىرە.
قارايمەن سۈرەتكە، قارىغانسىرى،
زېھنىمگە بىر خىيال سالىدۇ گىرە.

ئەسلىدىم ئانامنىڭ تۇرقىنى بۈگۈن،
يوق ئەسەر ياشلىقتىن، ئاھ، بۇ قانداق ھال؟
چاچلىرى ئاقارغان، كۆزلىرى نۇرسىز،
چېھرىنى قاپلىغان قورۇقلار تال - تال.
ئانامنى قېرىتىپ بۇ ھالغا سالغان،
ئوتتۇز يىل نەقەدەر رەھىمسىز، ئوسال؟!

خىياللار ئىلكىدە يىللاردىن رەنجىپ،
كۆزۈمدىن قەترىلەر ئاقتى تاراملاپ.
دىدىم مەن يىللارغا «ئانام ياشلىغىن،
ئېيتقىنا، كىملەرگە بەردىڭ ئوغۇرلاپ؟»
شۇ ئەسنا ئاڭلاندى مۇنداق بىر ندا،
«ئۆزەڭ بىر ئەينەككە باققىنە قاراپ.»

بۇ ندا بىر ئويغا مىڭ ئويىنى قوشۇپ،
ئېپ باردى تاش ئەينەك ئالدىغا مىنى.
ئۆزەمنى ئەينەكتە بىر كۆرۈش بىلەن،
چۈشەندىم بۇ ھالنىڭ پىنھان سىرىنى.
ئەسلىدە ھەدىيە قىلغانىكەن ماڭا،
مېھرىۋان شۇ ئانام ياشلىق چېغىنى.

# ئىككى شېئىر

تاھىرجان قاسىم

## بوۋاق

ئانا باغرى — ئىللىق قۇچاقتا،
ئەركىلەيدۇ سەبىي بىر بوۋاق.
كۈلەر تاتلىق، كۈلكىسى ئۇنىڭ —
بۇلدۇقلىغان سۈزۈك بىر بۇلاق.

بۇدرۇق قولى تاپمايدۇ تىنىم،
غولىچىنى كېرىپ ھەر قايان.
ئۇچۇش ئۈچۈن تەمشەلگەن قۇشتەك،
ئىنتىلىدۇ ئالغا ھەر قاچان.

نىمە ئارزۇ سەبىي قەلبىدە،
قىلىقلىرى شۇنچىلىك ئوماق.
تېپچەكلەيدۇ تېخى تىنماستىن،
بېسىش ئۈچۈن بالدۇرراق ئاياق.

ئويلاپ قالدىم بوۋاققا قاراپ،
ئۇ يورۇدۇ ھازىر ئۆمىلەپ.
سۆزلەلمىگەچ بىچارە، بەزەن
يېلىنىدۇ يىغلاپ، تەمترەپ...

كۆزلىرىدە چاقنار تەلپۈنۈش،
كۆلۈپ ئۇماق، قارايدۇ يىراق.

ئۈچۈش ئۈچۈن تەمشەلگەن قۇش ئۇ،
تەمتىرەشلەر ئەمەستۇر ئۇزاق...

## بۈركۈت ناخشىسى

كۆكنى يىرىپ ئۇچقان قىران بۈركۈتمەن،
مۇجەسسەمدۇر كۈچ - قۇدرىتىم قاناتتا.
ئۈمىت تۈرى يانار بىر جۈپ كۆزۈمدىن،
زوقۇم كىلىپ تۈرانە ھۆر ھاياتتا.

تۇغۇلدۇممەن خان تەڭرىنىڭ باغرىدا،
بۈيۈك تاغلار مىنىڭ ئانا ماكانىم.
بەرگەچكە ئۇ ماڭا پۈتمەس جاسارەت،
پەخىرلىكمەن، يوقتۇر ھەسرەت پىغانىم.

ئارمانلىرىم قۇياش كەبى پارلايدۇ،
چىللاپ تاڭنى ئويغىتىمەن ھەر سەھەر.
يوللىرىمنى توسالماس ھىچ مۇشكىلات،
مەن ئۆرلەيمەن ھامان كۆككە قىقىپ پەر.

ئاداشمايمەن نىشانەمدىن تۇنىدىمۇ،
يول كۆرستەر ماڭا غايەم - ئۈمىدىم.

مەردانىمەن مەغرۇر قانات قاقىمەن،
ئويغاق ھەر چاغ يالقۇنجىغان يۈرىكىم.

مۇقەددەستۇر مىنىڭ ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك،
ئانا ماكان — قارلىق تاغلار، قىيالار.
ئويغىتىدۇ قەلبىمدە چوڭ مۇھەببەت،
چەكسىز ئورمان، قۇملۇق دالا، دەريالار...

قانات قىقىپ خان تەڭرىنىڭ ئۈستىدە،
ئۇچسام ھىچبىر توختىمايدۇ پەرۋازىم.
دەھشەت سىلىپ ھۇقۇشلارنىڭ جىسمىغا،
جاراڭلايدۇ ھەر چاغ ياڭراق ئاۋازىم.

×

كۆكنى يىرىپ ئۇچقان قىران بۈركۈتمەن،
مۇجەسسەمدۇر كۈچ - قۇدرىتىم قاناتتا.
مەن ئامراقمەن قۇياش كەبى پارلىغان،
گۈللەپ - ياشناپ تۇرغان گۈزەل ھاياتتا.

# ئىككى شېئىر

### ھاجى مۇھەممەت

## تاك سۆيگۈسى

ھەر سەھەردە نۇر ئىچىمەن قانغىچە،
كۆمۈش تاغلار چوققىسىنى جام قىلىپ.
ئالتۇن قۇياش ساقى بولۇپ نۇر سۇنار،
پاك دىلىمنى جامالىغا رام قىلىپ.

دەيمەن شۇندا: «سۆيسەم تاڭنىڭ لىۋىگە،
باقسام ئۇنىڭ نۇر چەشمىلىك كۆزىگە.
قىلىپ داستان قەلبىمدىكى سۆيگۈمنى
ياۋسام دەيمەن تاڭنىڭ ئاپپاق يۈزىگە.

چۈنكى تاڭغا ئاشىق مىنىڭ يۈرىكىم،
تۇغۇلغاچقا تاك نۇرىغا چۆمۈلۈپ.
شۇ تاك بىلەن باشلىنىدۇ ھاياتىم،
ئۆتەر يەنە تاك نۇرىغا كۆمۈلۈپ.

بولغاچقا مەن ئاشۇ تاڭنىڭ ئاشىقى،
تاك بىلەن تەك يىڭى ھايات باشلايمەن.
ئارزۇلىرىم ئاچار تاڭدا گۈل - چىچەك،
شۇ ئارزۇدا ئالغا قەدەم تاشلايمەن.

Altun0q

## ئۈزۈم

ئانا يەرنى باغاشلىدى سۆيدى ھەم،
ئىللىق باھار ئېتەك يېيىپ جاھانغا.
شۇ چاغ يۇمران بىخ چىقارغان تاللارنى
ئالدۇق قاتار كەتكەن بىدىش - باراڭغا.

ئۈزۈم تېلى قۇچاقلىدى باراڭنى،
كۈنلەر ئۆتۈپ يېشىل لىچەك يېپىندى.
ئەگمەچكە قۇياش ۋە ئاي بەس - بەستە،
غۇژمەك - غۇژمەك مەرۋايىتلار يېتىلدى.

ئېسىلدى ئۇ تال بويىنغا غۇچچىدە،
تال ياپراقتا يۆگەپ ئۇنى ئېمىتتى.
ئانا يەر ۋە قۇياش ئاڭا كۈچ بېرىپ،
ۋۇجۇدىغا شىرىن ھەسەل تېمىتتى.

ئايغا باقماي، كۈنگە باقماي ئىمىشقا،
يەرگە باقار ھەرچاغ ئۈزۈم دانىسى؟
خىيال سۈردۈم ھەيران بولۇپ بۇ ئىشقا،
يا ئەمەسمۇ تال ئۇلارنىڭ ئانىسى؟

چۈشەندۈردى ماڭا تالنىڭ نوتىسى:
«تۇرساقمۇ كۆك باغرىدا بىز ئەرشتە،
يىلتىزىمىز سىرىق تۇپراق باغرىدا
تۇپراق شۇڭا بىزگە ئانا — پەرىشتە.»

مەنمۇ بىر تال، ئەمەسمەن ھىچ يۆگىمەچ،
يۈرىگىمدە ئانا ۋەتەن سۆيگۈسى.
سەييارىنى سەيلى قىلىپ يۈرسەممۇ،
نەپەسلىرىم ئانا يەرنىڭ كۈيچىسى.

## «قوچاقنىڭ ئانىسى» غا

غالىپ راخمان

ئەنە
باراڭ تېگىدە
قوچاقنى بالام، دەپ
يۈرۈدۇ ئويناپ
ئۆزىمۇ قوچاقچىلىك سەبىي قىز بالا.
ئانىلىق مېھرىدە سىلاپ ماڭلىيىنى
باغرىغا باسىدۇ
باغرىم، قوزام دەپ
بۇدرۇق مەڭزىگە
سۆيۈپ - سۆيۈپ قانماس زادىلا.

ئويلايمەن:
تېخى گۆدەك سەن بۈگۈن،
بەلكى بىر قوچاقسەن ئاناڭ باغرىدا.
بۈگۈنكى قوچاققا كۆيۈسەن شۇنچە
كىم بىلسۇن،
بولامسەن ماھىر بىر باغۋەن
ۋە ياكى تىز پۈكۈپ قالارسەنمۇ
ئاڭلا —
ئانىلىق قەرزىڭ ئالدىدا؟!

## ساڭا ھەمدەم بولاي شۇندا

رىسالەت شېرىپ

بىلىم ئوكيانىغا چۆككىن، بولۇپ ھەمدەم ئۆزەي شۇندا،
ئۈنىڭدىن ئۈنچە - مارجان سۈز، سېنى دىلدىن سۆيەي شۇندا.

ئىجات بىغىدا تەر تۆكسەڭ قىلىپ پەرۋىش چىمەنزارنى،
بۇنىڭدىن ئىپتىخار ئەيلەپ ئۇرۇپ خەندان كۆلەي شۇندا.

چاچار بولساڭ ئىلىم-پەندىن ۋەتەن قوينىغا نۇر-گۆھەر،
بولۇپ ھەمرا ساڭا مەنمۇ يېڭىمنى راست تۇرەي شۇندا.

ۋەتەنىنىڭ باغىرىدا گەر پەن-بىلىمدىن باغ بىنا قىلساڭ،
شۇ باغ ئىچرە گويا مەندۇ بولۇپ بىر گۈل ئۈنەي شۇندا.

ئىلىم-پەندە شەرەپتىن گۈل تاقاپ كەلسەڭ خوشال يايراپ،
بۇ شاتلىق پەيزىنى مەنمۇ سىنىڭ بىرلە سۈرەي شۇندا.

# ئەجدات ۋە ئەۋلات

غالىپجان مۇھەممەت

چىلان رەڭ تۇپراقتا مىلىنىپ ئۆستۇق،
ئالدۇق بىز ئۇنىڭدىن ئوزۇق ۋە قۇۋۋەت.
ئەجداتلار تەر تۆكۈپ ئۆتكەن بۇ تۇپراق.
قوزغىتار دىللاردا مەڭگۈ مۇھەببەت.

ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن بۇ ئانا تۇپراق
بولغاندۇر بىر گۈزەل جەننەت — گۈلىستان.
شۇڭلاشقا دىللاردا روھى ئۇلارنىڭ
پارلايدۇ قۇياشتەك زاماندىن-زامان.

ئەجداتلار ئەسىرلىك مېھنەت-ئەجرىدىن
قالدۇردى بىزلەرگە بىر يېڭى دۇنيا.
ئۇلارنىڭ تۆھپىسى بىز ئۈچۈن مىراس،
ئۇ پۈتمەس مەرىپەت كانىدۇر گويا.

ئۇلۇغدۇر ئەجداتلار تۆھپىسى بىزگە،
ۋە لېكىن قىلمايلى بىز ئۇنى دەستەك.
بۇلارمۇ كۈپايە قىلماي ئىختىرا
بىز ئۇلار نامىنى يادلاپلا ئۆتسەك ؟!

بۇ دۇنيا بىز بىلەن بولمايدۇ تامام،
قولىغا ئالىدۇ كەلگۈسى ئەۋلات.
قالمىسا بىزدىن ھېچ مىراس ۋە تۆھپە،
ئەمەسمۇ ئەۋلاتلار ئالدىدا ئۇيات!

ئەۋلاتلار ئەسلىگەن چېغىدا بىزنى،
ھاياجان ئىلكىدە بولسۇن دىلى شات.
قالدۇرۇپ ئۆتەيلى بىزمۇ ئۇلارغا،
ئۇنتۇلماس تۆھپە ۋە ئىجات-كەشپىيات.

تېيىرجان ئېلىيوپ

# ئادىل ھەم دادىل ۋەزىر

پادىشا جەمەتىدىن بولغان بىر بەگ بار ئىدى. ئۇ پارىخورلۇققا قاتتىق بېرىلىپ، ھەر يىلى ئۆزىگە تېگىشلىك مۇئاشتىن نەچچە ئون ھەسسە ئوشۇق پۇل-ۋەج يىغاتتى ۋە خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ، گۇناسىز پۇخراغا بەك ئازاپ سالاتتى. بەزىلەر پادىشاغا شىكايەتنامە يازغان بولسىمۇ، بەگ دائىم ئۆزىدىن قىممەتلىك سوغات ئېلىپ تۇرىدىغان باش ۋەزىرگە يۆلىنىپ، ئۆز ئەيىۋىنى ياپاتتى ۋە شىكايەتچىلەرنىڭ ئەدىۋىنى بېرەتتى.

پارىخورنىڭ نەپسى بىر ھاڭ، تەكتى يوق،
غەزنىمۇ چۈشسە ئۇنىڭغا، چۆكتى-يوق.
پارىخوردىن كۈتمىگىل ئادىل نەزەر،
نەپسى قويمايدۇ ئادالەتتىن ئەسەر.

پادىشانىڭ ئەخمەت ئاتلىق ئادەتتىكى بىر ۋەزىرى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ بۇ يۇرتقا كېلىپ، پۇخرالارنىڭ ئاھ زارىنى قېتىقىنىپ ئاڭلاپ، بەگنىڭ چېكىدىن ئاشقان قىلمىشلىرىنى ئېنىقلاپ، ئۇنى مەنسەپتىن قالدۇرۇپ، زىندانغا سالدى-دە، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھەققىدە پادىشاغا تەكلىپ سۇندى.

باش ۋەزىر بۇ ئىشتىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ تەشۋىشلەندى ۋە ئەخمەتنى ئۆزى ئۇچۇن كۈشەندە، ئاپەت دەپ بىلىپ، يالغان دەلىل ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى پادىشاغا چاقتى:

— ئۇلۇغ شاھىم، — دىدى ئۇ پادىشانىڭ ئۆزى كۆرسەتكەن دەلىللەرگە ئىشىنىۋاتقان قىياپىتىنى كۆرۈپ، — ۋەزىر ئەخمەتنىڭ شاھ جەمەتىگە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن خاتا ھالدا بۇنداق ئېغىر جازا بېرىش قارارىدا مۇدھىش بىر خىرىس بار. مېنىڭ سادىق يۈرىگىم ۋەزىر ئەخمەتتىن شاھقا يەتكۈسى خەتەردىن ئەنسىرىمەكتە. شۇڭا ئۇنىڭ قارارىنى رەت قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىگە قاتتىق جازا بېرىلمىسە، شاھىمىزنىڭ ئابرويى-سەلتەنىتى شىپاسىز زەخمەتكە ئۇچرايدۇ.

باش ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پادىشانىڭ غەزىۋى ئۆرلەپ، مىرشاپلارغا:

— دەرھال ۋەزىر ئەخمەتنى باغلاپ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

گەرچە ئادىل بولسىمۇ شاھ، ئەمما ھۇشيار بولمىسا،
ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىپ ئالمىغى مۇشكۈل-قىيىن.
پايلىماي كەلگەن غەزەپ قوغلايدۇ ئادەم ئەقلىنى،
شۇندا كىم قىلسا ھۆكۈم، بارماقنى چىشلەيدۇ كېيىن.

پەرمان بويىچە ۋەزىر ئەخمەت باغلاپ كېلىندى. پادىشا ئۇنىڭغا جازا ھۆكۈم قىلىش ئالدىدا:

— ھەي، ئەتىۋارنى بىلمەيدىغان يۈزسىز، بۇ ئىشتا مېنىڭ يۈزۈمنىمۇ قىلمىدىڭمۇ؟! — دەپ دوق قىلدى.

— ئۇلۇغ شاھىم، — دېدى ئەخمەت ۋەزىر ۋە بەگنىڭ قىلمىشىغا دائىر مۇھىم دەلىل-ئىسپاتنى قىسقىچە بايان قىلىپ، — مەن كىمنىڭ يۈزى چوڭ بولسا، شۇنىڭ رايىغا بېقىشقا مەجبۇرمەن، ئەلۋەتتە. بۇ ئىشتىمۇ ھەقىقەتنىڭ يۈزى چوڭ كەلدى. ۋەزىر ھەقىقەت ئالدىدا يەرگە قاراپ قالسا، پادىشانىڭ يۈزىگە قانداق قارىيالىسۇن؟!

ئۇنىڭ بۇ سۆزى پادىشاغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئېنىق دەلىل-ئىسپاتلار ئالدىدا ئەخمەت ۋەزىرنىڭ قارارىنىڭ توغرىلىقىغا قايىل بولدى-دە، ئۇنى باغلاقتىن يەشتۈرۈپ، بېشى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن باش ۋەزىرنى باغلاتقۇزدى ۋە مۇنداق دېدى:

— ھەي ۋەزىر ئەخمەت! ھەقىقەت سېنى ئاقلىغان يەردە، مېنىڭ ساڭا جازا بېرىشكە ھەققىم يوق. بەلكى مېنى ئادىل ھەم دادىللىقىڭ بىلەن تەسىرلەندۈرۈپ، ھەقىقەت ئالدىدا گۇناكار بولۇپ جازالىنىشتىن ساقلىغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا مۇكاپات بېرىشىم كېرەك. جازا ھەقىقەت ئالدىدا يەرگە قاراشتىن ھەزەر قىلمايدىغان، ساختا ئىناۋەت ۋە نەپسى مەستانىسى بولغان شۇم نىيەتلەرگە تېگىشلىك!

گەرچە تۇققان مېھرى ئۈستۈن بولسىمۇ،
تەڭلىشەلمەيدۇ ھەقىقەت بەستىگە.
چۈشۈدۇ موللاق ئېتىپ، تۇققاننى دەپ،
دەسسىسە كىمكى ھەقىقەت ئۈستىگە.

*

شان-شەرەپتىن تاج كىيگەي بەزىلەر
نەپسىدىن، شەخسى ئىناۋەتتىن كېچىپ؛
بەزىلەر قالغۇسى نەپرەت ئاستىدا
نەپسى-ئابروي دەپ ھەقىقەتتىن كېچىپ.

*

زەخمىلەنسەڭمۇ ھەقىقەت يولىدا،
تاتۇغى ھەر قانچە گۈلدىنمۇ ئىسىل.
شۇندا ئاققان تامچە قاننىڭ مېۋىسى،
تاغ بىلەن تەڭ مول ھوسۇلدىنمۇ ئىسىل.

## غەيۋەتخورلۇق — شەرمەندە كېسەل

بۇرۇن بىر تىككۈچى ئۇستام بار ئىدى. ماھارىتىنىڭ قالتىسلىقى ئۈچۈن «تىكەلمەيدىغان نەرسىسى يوق، تەڭداشسىز ھۈنەرۋەن» دەپ نام ئالغان ئىدى. بىراق ئۇنىڭ خوتۇنى بەكمۇ غەيۋەتچى ئىدى. ئۇ كىيىم تىكتۈرگىلى كەلگەن خېرىدارلار ھەققىدىمۇ ھەر خىل غەيۋەتلەرنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە، دوستلار ئارا مۇناسىۋىتىگە سوغاقچىلىق سالاتتى، يوغان ماجرالارغىمۇ سەۋەپ بولاتتى. ئۇنىڭ كاساپىتىدىن ئۇستامنىڭ خېرىدار-

چۆپقەتلىرى ئازىيىشقا باشلىدى. ئۆزىنىڭ گۆلدەك ھۈنىرىنىڭ كاسات بولۇۋاتقانلىغىدىن ئازاپـ
لانغان ئۇستام غەيۋەت قىلماسلىق ھەققىدە خوتۇنىغا قانچە نەسىھەت قىلسىمۇ، ئاقتۇرالمىدى،
ئاخىرى خۇداغىمۇ نالە قىلدى:

ئەي خۇدا، نىچۈن ياراتقان بولغىيدىڭ غەيۋەتچىنى،
ياكى دۇنيادا سىنىڭ ئۆچ ـ ئىنتىقامىڭ بارمىدى؟
بىر غىرىپنى جۇپ قىلىپ قويدۇڭ ئەجەپ غەيۋەتچىگە،
يا ئۇ ئالدىڭدا كەچۈرگۈسىز جىنايەتكارمىدى؟

بىراق، بۇنداق نالە ـ زار بىلەنمۇ ئەھۋال ئۆزگەرمىدى. ئۇنىڭ ھۈنەردە تاپقان ياخشى نامى خوتۇنىنىڭ غەيۋەتخورلىغى ۋە بۇ خوتۇنىنىڭ يامان خۇيىنى ئۆزگەرتەلمىگەن ئاجىزلىغى بىلەن بۇلغىنىپ تۇردى. بەزىلەر ئۇستامنى زاڭلىق قىلىپ: «ئۆزلىرى ھەر قانداق نەرسىنى تىكەلەيدىلا، بىراق خوتۇنلىرىنىڭ ئاغزى ھەمىشە يىرتىق پېتى تۇرۇۋىدىكىنا» دەپ، ئىچىشقان يېرىگە تۇز سېپەتتى. شۇڭا ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ ئاھ ئۇرۇۋىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى بايقىغان خوتۇنى:

ــ نىمانداق تولا ئاھ ئۇرۇۋىدىلا؟ گۆلدەك ھۈنەرلىرى بار، دۇنيادا سىلى تىكەلمەيدىغان نەرسە يوق، يەنە نىمە كەم سىلىگە؟ ــ دىۋىدى.

ــ كەم يېرىم خىلىلا بار ئىكەن، ــ دىدى ئۇستام، ــ بولۇپمۇ ئەڭ مۇھىم بىر نەرسىنى تىكەلمەيدىكەنمەن. شۇڭا بازىرىم كاسات، كۆڭلۈم غەش.

ــ ۋىيەي، سىلى تىكەلمەيدىغان نىمە ئۇ؟

ــ غەيۋەتچىنىڭ ئاغزى...

*

غەيۋەتچى ئارا بۇزۇدۇ،
ئۆزىگە ئورا قازىدۇ.

*

بەكمۇ رەسۋا نەس كىسەل غەيۋەت دىگەن،
ھەم ۋابا غەيۋەتچى تارقاتقان پاراڭ.
بۇ ۋابا تارقارمىدى تىل بولمىسا،
ياخشىدۇر غەيۋەتچىدىن تىلسىز ساراڭ.
تۇرسا غەيۋەتچى بىلەن بىر ئۆيدە كىم،
دەردىنى تارتماس ئىدى ئۇ بولسا پاك.

*

بىر مەدداھنىڭ مۇنداق بىر رۇبائىنى ئوقۇغانلىغى ئېسىمگە كەلدى:

خۇدا ئالدىدا تەڭ ئەمەس جىمى بەندە،
بىرى ئەلا، بىرى رەسۋايۇ ـ شەرمەندە.
خۇدا شەرمەندە قىلماقچى ئىكەن كىمنى،
قىلۇر شۇ بەندىگە غەيۋەتنى بەخشەندە.

## كۆڭلى ئالنىڭ قازىنى تۆشۈك

بىر ھۈنەرۋەننىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئوتتۇرانچى ۋە كەنجى ئوغلى خۇددى ئۆزىدەك ئۇستا ھۈنەرۋەن بولۇپ چىقتى. بىراق، تۇنجى ئوغلى ئەركە ئۆسكەچكە، ھۈنەرمۇ ئۆگەنمەي، ئاقنانچى، ئويۇنچى بولۇپ قالدى. ئاتىسى ۋە ئىككى ئىنىسىنىڭ مول تاپاۋىتىگە

يۈلىنىپ، بەگزادە، بايۋەچچىلەر بىلەن ئۇلپەتلىشىپ، ئەيشى - ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى. ئاتىسى ئۇنىڭ كېيىنكى كۈننى ئويلاپ تېخىمۇ چوڭقۇر تەشۋىشكە پاتتى ۋە بىر دانىشمەنىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئەسلەپ، ئۆزىنىمۇ قاتتىق ئەيىپلىدى.

ئەركە ئۆستۈرگەن بالاڭدىن كۈتمىگىن خەيرۇ - ۋاپا،
چۈن ۋاپانىڭ يولىنى ئۆزگەن ئەمەسمۇ تەربىيەڭ.
ياخشى خۇلقىن ئەتىۋارلا، ئىللىتىن سۆك ۋاقتىدا،
كەلتۈرەر قارغىشتىن ئارتۇق دەرت ئورۇنسىز مەدھىيەڭ.

ئاتا بولغۇچى ئاقىنانچى ئوغلىنىڭ خۇلقىنى تۈزىتەلمەي، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئالەمدىن ئۆتتى. شۇندىن كېيىن ئاقىنانچى بەتخۇيغا تېخىمۇ بوپ بەردى، نەپسى يەنىمۇ قۇتىراپ، ئائىلىنىڭ پۈتۈن تەئەللۇقاتىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىككى ئىنىسىنى مىراستىن مەھرۇم قىلىۋېتىش كويىغا چۈشتى - دە، ئۇلپەتلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قازىنىڭ ئالدىغا باردى.

پاكىز سۇسىز يۇيۇلماس بەدەن،
هالال تەرسىز يۇيۇلماس كۆڭۈل.
ئاقىنانچىنىڭ يۈرىگى قارا،
تەر تۆكۈشنى قىلمىغاچ قوبۇل.

قازى ئەشەددى پارىخور هەم بۇ ئەيىۋدىن سۆز ئاچقۇچىلارغا جازاسى تەييار ئاداۋەتخور ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خۇيىنى بىلگەن ئاقىنانچى داۋاگەر دەسلەپتە قازىغا نۇرغۇن پارا بەردى، ئاندىن: «مېنىڭ ئىككى قېرىندىشىم ئۆزلىرىنى پارىخور دەپ ئىغۋا تارقىتىپ، شەرىئەتنى قارىلاۋاتىدۇ» دەپ، قازىنىڭ قەهرۇ - غەزىۋىنى ئۆرلەتتى.

ئەيىۋى بار ئادەم گەپتىن قورقۇدۇ،
ئوغرى تاك - تاكتىن.
*
دەپتىكەن: «ئادەمنىڭ قەيەرى
ئاغرىسا، جېنىمۇ شۇ يەردە.»
نىمىشقا ئۇ «ۋايجان» دىمىسۇن،
كىم باسسا شۇ يەرنى ئەگەردە.

نەتىجىدە قولى گۈل ئىككى ئىنىسى قازىنىڭ هۆكمى بىلەن «شەرىئەتنى هاقارەتلىگەن مەردۇتلار» قاتارىدا زىندانغا تاشلاندى، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقىدىنمۇمەهرۇم قىلىندى.

ئاقىنانچى ئۇغۇل ئەيشى ئىشرەتتە مەست - مۇستەغرەق بولۇپ، بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئىلكىدىكى بار ۋەسلىنى قۇرۇتۇپ قويدى، ئۇلپەتلىرىمۇ ئۇنىڭدىن تويدى. ئاقىنانچى تەس كۈنگە قالدى. نامراتلىق ۋە خار - زارلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تاپالماي: «كاشكى ئىككى ئىنىم بولغان بولسا، هۈنەردە تاپقان تاپاۋىتىدىن مېنىمۇ نەسىۋىسىز قويماس ئىدى. هىلىمۇ بولسىمۇ ئۆزەمنى هامى قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنى زىنداندىن چىقىرىۋېلىشنىڭ ئامالىنى قىلاي دەپ، قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىككى ئىنىسىنىڭ گۇنايىنى تىلىدى. قازى ئۇنىڭغا بىر تاغارنى كۆرسىتىپ: «مۇشۇ تاغارنى قۇرۇق پېتى ئۆرە تۇرغۇزالىساڭ، ئىنىلىرىڭنى بوشىتاي» دەپ جاۋاپ بەردى. ئاقىنانچى هەر قانچە قىلىپمۇ قۇرۇق تاغارنى ئۆرە قىلالمىدى - دە، قازىنىڭ جاۋابىنىڭ مەنىسىگە چۈشىنىپ، بۇرۇن بەرگەن پارىلىرىغا ئىچى ئاغرىپ، ئۆزىنى تۇتالماي: «سىلىدە ئىنساپ يوق ئىكەن، ئادالەتلىرىنى ئايىدىلا» دىگەن ئىدى، قازى كۈلۈپ كەتتى ۋە «ئىنساپنى ئاۋال ئۆزەڭدىن سورا، ئەگەر ئادالەت سورىساڭ، ئىككى ئىنىڭنىڭ ئورنىدا

زىنداندا سەن يېتىشىڭ كېرەك» دىدى. بۇ گەپتىن داۋاگەر ئاقىنانچى چوچۇپ كەتتى، سوغاق تەر ئىچىدە ئىچ-ئىچىدىن قان يىغلىدى.

ئادالەت ئالدىدا لىللا ئاقىدۇ،
جاھالەت ئالدىدا تىللا ئاقىدۇ.

*

تاش ساناپ، ساناقچى مەن دىمە، •

باردۇر قۇم سانىغۇچ ساناقچى.
ھەي ئوغرى، سوقۇمەن مەن دىمە،
سېنىمۇ سوقۇدۇ قاراقچى.

## سوپى بولۇۋالغان ئادەم

مەلۇم يىمەك-ئىچمەك دۇكىنىدا ئىشلەيدىغان ساۋۇتنى كىشىلەر «ساۋۇت ساختا» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ مۇئاشىمۇ چاغلىق، ئائىلىسىدە ئالتە جان ئۇنىڭغا قاراشلىق. لېكىن بىر قانچە يىل ئىچىدە ئالايىتەنلا تۆۋلىنىپ: «ئىچى ھوزۇر، تېشى پۇزۇر»لار قاتارىغا كىرىپ قالدى. بۇنىڭغا ھەيران بولغان كىشىلەر: «ساۋۇتنىڭ ئالىدىغان پۇلى شۇنچە كۆپچىلىكمىدۇ، نىمە كارامىتى باردۇ ئۇنىڭ؟» دەپ پىچىرلاشقاندا، كىمدۇ بىرسى مۇنداق دىدى:

— مەن يېقىندا يېزىغا بېرىپ، سايىت دىگەن بىر شىئاۋدۇيجاڭ توغرىلىق توقۇلغان مۇنداق بىر قوشاقنى ئاڭلىدىم:

ئومىغا دائىم ۋاقچە كېلىدۇ،
سولنى ھەممىدىن كىچىك ئالىدۇ.
باشقىلىرىمىز ياداپ كېتىگلىك،
سايىت نىمىشقا قوساق سالىدۇ؟

بۇنى ئاڭلىغانلار كۈلۈپ كېتىشتى، بۇ كۈلكىدە «ساۋۇت ساختىسىغىمۇ بۇ قوشاق ماس كەلگۈدەك» دىگەن مەنىمۇ بار ئىدى.

بارا-بارا ساۋۇتنىڭ قاقتى-سوقتى قىلىدىغانلىقى توغرىلىق گەپ-سۆز ئەدىگىلى تۇرۇۋىدى، بىردىنلا شەھەرنى «جاڭ-جۇڭ» ساداسى باشقا كىيىپ، جەمىيەتتە قالايمىقانچىلىق باشلىنىپ كەتتى. «بازار چاقىقانىنىڭ» دىگەننى پۇختا ئوقۇغان ساۋۇت بىلىگىگە قىزىل بەلگە تاقاپ، پايپاسلاپ، بىر تەشكىلاتنىڭ خېلى ئەتىۋارلىق ئادىمىگە ئايلىنىۋالدى-دە، ئۆزىنىڭ ئۈستىدىن «غەيۋەت قىلغانلار» نىڭ ئۆپكىسىنى ئىچىدىن قاقىملى تۇردى. بۇلۇڭ-پۇشقاقتا ئۇنىڭغا «ئۇششۇق» دىگەن يېڭى لەقەم قويۇلۇپ، بۇنداق بىر قوشاقمۇ ئوقۇلۇپ يۈردى:

ساختىنىڭ قولىغا سىم قامچا چۈشتى،
كەينىگە تۆت يالاقچى-غالچا چۈشتى.
خالايىق، نىمە ئامال، تۇۋا دەيلى،
ئۇششۇقلارنىڭ ئۇشۇغى ئالچۇ چۈشتى.

خەيرىيەت، خەلقنى بىزار قىلغان قالايمىقانچىلىق بېسىقىپ، ۋەزىيەت ئوڭشىلىشقا باشلىۋىدى، ساۋۇتقا ئوخشاشلارغا تاپا-تەنە نەشتىرى سانچىلغىلى تۇردى، ئالدىغا بىر پېشكەللىكنىڭ ھومىيىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ساۋۇت بىردىنلا ئاجايىپ مۇلايىم قىياپەتكە كىرىۋالدى، يېڭى رەھبەرلىكنىڭ ئالدىدا يىغلاپ، ئۆزىنىڭ «قايمۇققان» لىقىنى

لەنەتلەپ، خىزمەتداشلىرىدىن ئەپۇ سورايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، ناماز ئوقۇيدىغان، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراقتىن قالمايدىغان، ئۆزىمۇ نەزىر بېرىش، مۆلۈت ئوقۇتۇش، مېچىت ياساش ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلىشقا ئوخشاش «ساۋاپلىق» ئىشلارنى قولدىن بەرمەيدىغان بولدى. بۇنى كۆرگەن بەزىلەر: «ساۋۇت ھىدايەت يولىنى تېپىپتۇ، خۇدا ئىنساپ بەرسىلا، ھەرقانداق ئازغۇن بەندىمۇ ئوڭشىلىدۇ» دېيىشتى. لېكىن بەزىلەر بولسا: «ئوغرى قېرىسا سوپى بولۇدۇ، دىگەن مۇشۇ. ئەمدى ساۋۇت دىيانەت پەردىسىنىڭ كەينىدە نىمە ئويۇن ئوينايدىكىن» دەپ مەنىلىك كۈلۈشتى.

ساۋۇت سوپى بولۇپ، بىرىنچى قېتىم كەلگەن رامزان ئېيىدا، 12 ياشلىق ئوغلى مەكتەپتىن قايتىشىدا گازىر چېقىپ ماڭغان ئىكەن، كۈتمىگەن يەردىن ساۋۇت پەيدا بولۇپ، ئېتىلىپ بارغان پېتى ئوغلىنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلىۋەتتى - دە، «ھاي - ھاي» دىگۈچىلەرگە جاۋابەن:

— قارىمامدىغان، بۇ ھاراملىقنىڭ روزا تۇتمىغىنىنى! — دەپ قايناپ كەتتى. شۇ يەردە جەم بولۇپ قالغانلاردىن بىرسى:

— بۇغۇ جايىدا جازا بوپتۇ، — دىدى، بىراق مۇئەللىم قاسىم كەسكىن تەلەپپۇزدا:

— بۇنداق جازانى قوللاشقا بولمايدۇ! — دىۋىدى، ھېچكىم رەددىيە بېرىشكە پېتىنالمىدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ساۋۇت ئوغلىنى يەنە ئۇرۇپتۇ. بالا يىغلىغانچە كوچىغا قېچىپ چىققان ئىكەن، بىرقانچىمىزغا يولۇقۇپ قالدى. ئارىمىزدىكى قاسىم ئەپەندى بالىنى توختىتىپ:

— نىمە بولدۇڭ، نىمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ باش - كۆزىنى سىلاپ، ئەھۋالنى سورىغان ئىدى، بالا ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ، ئاخىرى تەسلىكتە زۇۋانغا كەلدى:

— دادام جامائەتنى بۈگۈن كەچكە ئىپتاغا چىللىغان ئىدى ... بايا مېنى ماگازىنغا باشلاپ بېرىپ، مال ساتقۇچىدىن بىر قانچە بولاق شاكالاتنى پۇكەي ئۈستىگە ئالدۇرۇپ ... قالايمىقان چىلىقتا ... ئۈچ بولاقنى تىقىشتۇرۇپ ... ماڭا تەڭلەپ : «قوينۇڭغا تىقىپ، ئۇدۇل ئۆيگە ئاپارغىن» دىگەن ئىدى ... مەن ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالماي، ئۆزەمنى سۈر بېسىپ ... ئاخىرى قېچىپ چىقىپ كەتتىم. شۇ گۇنايىم ئۈچۈن دادام مېنى: «كارغا يارىماس ئۆلۈمتۈك» دەپ ئۇرۇپ كەتتى، — دەپ يەنە ئىسەدەپ يىغلىۋەتتى.

ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى ساۋۇتقا غەزەپ ئىزھار قىلىشتى. قاسىم ئەپەندى:

— ئەمدى ساۋۇتنىڭ چاۋىسى چىتقا يېيىلماي قالمايدۇ، — دىگەن ئىدى، ئۇنىڭ بۇ سۆزى شۇ كۈنىلا ئۆزىنىڭ ھەقىقەتىنى كۆرسەتتى، ئىپتاغا چاقىرىلغانلارنىڭ تەڭدىن تولىسى بارماپتۇ. ساۋۇتنىڭ شۇندىن كېيىن يەنە قانچىلىك رەسۋا بولغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

دىياكار پەرىشتە تۇسىگە كىرىپ،
يوشۇرماق بولۇدۇ شەيتانلىقىنى.
تۈلكىنىڭ قۇيرۇق شىپاڭلىتىشى،
كۆرسىتەر پەقەتلا تادانلىقىنى.

*

مەيلى بۆلاپ ئالسۇن ۋە ياكى ئالداپ،
ئىش قىلىپ يۇلۇشتۇر ئاچكۆزنىڭ كەسپى.

بەزىدە تىغ تۇتۇپ بولار قاراقچى،
بەزىدە دەرۋىشتەك سېرىيدۇ تەسۋى.

*

ئاخىرى ھاڭغا چۈشەر كۆڭلى ئەگرىلەر،
چۈنكى يولى مەنزىلگە توغرا باقمىغان.
«ئىلىندۇ تادان تۈلكە تۇەشۇقتىن»
دىگەن تەمسىل - ماقال بىكار چىقمىغان.

خەلق ئېغىز ئىجادى ـ خەلق ئاممىسى ياراتقان ئاغزاكى بەدىئىي ئەدەبىيات. ئۇ، فولكلور دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ماكسىم گوركى: «سۆز سەنئىتىنىڭ باشلىنىشى فولكلور» دېگەن ئىدى. خەلق ئېغىز ئىجادى يېزىق ۋە يازما ئەدەبىيات مەيدانغا كېلىشتىن كۆپ زامانلار ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن. ئۇ، كىشىلەرنىڭ ھايات تەجرىبىلىرىنى، كۆرەشلىرىنى پوئېتىك ئۇسۇلدا ئىپادىلەيدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ژانىرلىرى رەڭگا ـ رەڭدۇر. قوشاق، چۆچەك، داستان، لەتىپە ۋە باشقىلار خەلق ئېغىز ئىجادىنىڭ كەڭ تارقالغان ژانىرلىرى ھېساپلىنىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر دەسلەپ بىر كىشى تەرىپىدىن ئىجات قىلىنىدۇ، كېيىنچە ئۇنى باشقىلار بەلگىلىك ئەجرە سىڭدۇرۇپ، تولۇقلاپ، تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈدۇ. نەتىجىدە، بۇ خىل ئەسەرلەرنى ياراتقان كىشىنىڭ نامى ئۇنتۇلۇپ، ئەسەر خەلقنىڭ ئىجادى مىراسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. خەلق ئىجات قىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە ئەسلى ئاپتورنىڭ نامى بىلەن ساقلىنىپ قالغانلىرىمۇ بولىدۇ.

خەلقچىللىق ـ قەدىمقى ئەدەبىيات مىراسلىرىنى ۋە ئەدەبىي مىراسلاردىكى دېموكراتىك مېغىز بىلەن فېئوداللىق شاكالنى پەرقلەندۇرۇشتە قوللىنىلىدىغان مۇھىم بىر پىرىنسىپ.

خەلقچىللىق دېگەن بۇ ئۇقۇمنى 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن باشلاپ روسىيىنىڭ ئۇلۇغ دېموكراتلىرىدىن بولغان بېلىنسكى، دوبىرولىيوبوپلار ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقى ھۆكۈمران سىنىپلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن تەنقىت قىلىشتا، خەلقنىڭ ئىدىيە، ھېسسىيات، ئارزۇ ۋە مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە، رېئال تۇرمۇشنى ھەققى ۋە چوڭقۇر تەسۋىرلەشتە ئىپادىلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقىنى چار روسسىيىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى پاش قىلىش ۋە خەلقنىڭ ئازاتلىق كۆرەشلىرى بىلەن شۇنداقلا، ئەدەبىياتتىكى تەنقىدىي رېئالىزم بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ چار روسسىيە شارائىتىدا ئوتتۇرىغا قويغان خەلقچىللىق دېگەن ئۇقۇمى ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىلغار رول ئوينىغان ئىدى.

كېيىن لېنىن ئۆزىنىڭ ھەرقايسى مىللەت مەدەنىيىتىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى، پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ مىليونلىغان، ئون مىليونلىغان ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىملىقىنى كۆرسىتىپ كېلىپ، ئەدەبىياتتىكى خەلقچىللىق مەسىلىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان ۋە خەلقچىللىق نەزەرىيىسىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ماركسىزىملىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئىچىگە كىرگۈزگەن.

خەلقچىللىق ـ ئىلغار يازغۇچىلار ۋە ئەسەرلەردە بولىدىغان بىر خىل ئاساسلىق خۇسۇسىيەت. ئەدەبىيات تارىخىدا ياللانما ئەدىپلەر ھۆكۈمرانلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئىپادىلىگەن بولسا، ئىلغار يازغۇچىلار خەلقنىڭ ھېسسىيات ۋە تەلەپ ـ ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇلارنىڭ

ئەسەرلىرىدە خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسى نامايەن قىلىنغان. جۇڭگو ۋە چەتئەل ئەدەبىيات تارىخىدىن مەلۇمكى، ئېكسپىلاتاتور سىنىپلاردىن كېلىپ چىققان بىر قىسىم يازغۇچىلارمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە جەمىيەتتىكى قاراڭغۇلۇقنى ئېچىپ تاشلاپ، خەلقنىڭ دەرت - ئەلەمنى تەسۋىرلەپ، خەلقنىڭ ئارزۇ - غايىسىنى ئىپادىلىگەن. بۇ خىلدىكى يازغۇچى، شائىرلارنى خەلقچىللىق ئىدىيىسىگە ئىگە يازغۇچى، شائىرلار دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن: چۈي يۈەن، دۇفۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە لۇشۈن قاتارلىق مەشھۇر ئەدىپلەر مۇئەييەن خەلقچىللىق ئىدىيىسىگە ئىگە ئۇلۇغ ئەدىپلەر ھېساپلىنىدۇ.

**خەمسە:** (ئەرەپچە، خەمسە، بەش، بەشلىك سۆزىدىن) — بەش مۇستەقىل داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەر. خەمسە يېزىشتا ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى (1141 — 1203) ئاساس سالغان. ئۇنىڭ تۈرلۈك دەۋرلەردە يېزىلغان بەش داستانى («مەھزانۇل ئەسرار»، «خىسراۋ ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «ھەپت پەيكەر» ۋە «ئىسكەندەرنامە») بىر كىتاپ قىلىنىپ، «پەنج گەنج» («بەش غەزنە») نامىنى ئالغان ئىدى. بۇ بەش داستان «خەمسە» نامى بىلەن شۆھرەت قازاندى. شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا خەمسە يارىتىش ئەنئەنىگە ئايلانغان. نىزامىدىن كېيىن خەمسىچىلىكتە ھىندىستانلىق شائىر خىسراۋ دەھلىۋى (1252 — 1325)، تاجىك شائىرى ئابدۇراخمان جامى (1414 — 1492) ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى ناۋايى (1441 — 1501) ناھايىتى كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. ناۋايىنىڭ «خەمسە» سى «ھەيرەتۇل ئەبرار» (ياخشى كىشلەرنىڭ ھەيرەتلىنىشى)، «پەرھات ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييار» (يەتتە سەييارە) ۋە «سەددى ئىسكەندەر» داستانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خەمسە يېزىش ئېپىك سۆز سەنئىتى راۋاجىدا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر باسقۇچ ھېساپلىنىدۇ.

**خاراكتىر:** (گىرېكچە. chaakter خۇسۇسىيەت سۆزىدىن) — ئادەملەردە خىلمۇ - خىل ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تەربىيە تۇپەيلىدىن شەكىللەنگەن تۈرلۈكچە مىجەز - خۇلۇق ۋە پسىخولوگىك خۇسۇسىيەتلەر.

كىشىلەرنىڭ مىجەز خۇلقى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي مۇھىت، ئائىلە ھەم مەكتەپ تەربىيىسىدە شەكىللىنىدۇ، ئۆزگىرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. بەدىئىي ئەسەردە ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن، مۇكەممەل، ئېنىق تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژ ئوبرازى خاراكتىر دېيىلىدۇ.

**خاراكتېرىستىكا:** (گىرېكچە، charakter سۆزىدىن) — مەلۇم ھادىسە، كىشى ياكى نەرسىگە خاس خۇسۇسىيەت ۋە سۈپەتلەرنى بەلگىلەش، ئېنىقلاش. يازغۇچى ئەسەردىكى قاتناشقۇچىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، پائالىيىتى، خۇلق - مىجەزى، ئەقىل - ئىدرىكى، قابىلىيىتى، ئىنتىلىشى، تاشقى قىياپىتى ۋە باشقىلار ھەققىدە مەلۇمات بەرسە، يەنى قەھرىمانلارنىڭ خۇلق - مىجەزىنى ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتى ۋە ئىچكى ھېسسىيات تەسۋىرى ئارقىلىق ئېچىپ بەرسە، بۇنى ئاپتور خاراكتېرىستىكىسى دەيمىز. بەدىئىي ئەسەردە پېرسوناژلارغا تىل خاراكتېرىستىكىسىمۇ بېرىلىدۇ.

**دىۋان:** (ئەرەبچە. ديوان - توپلام سۆزىدىن) — بىرەر شائىر شېئىرلىرىنىڭ قاپىيە ياكى رادىپلىرىغا مۇۋاپىق ئېلىپبە تەرتىۋى بىلەن تىزۇلگەن توپلام. «دىۋان» غا كىرگەن شېئىرلار ژانىرلىرىغا قاراپ ئايرىلىدۇ. «دىۋان» غا كىرىش سۆز يېزىلغان بولۇدۇ. مەسىلەن: ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر ناۋائىينىڭ تۆت توپلامدىن ئىبارەت «خازائىنول مەئانى» (مەنىلەر غەزنىسى) دىگەن ئەسىرى مەشھۇر دىۋان ھىساپلىنىدۇ. دىۋاننىڭ ئېلىپبە تەرتىۋى بىلەن تىزۇلگەنلىكى كىتاپخانلارنىڭ ئىزلىگەن ژانىردىكى شېئىرنى چاپسان تېپىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ھازىرمۇ كىلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىنى (دىۋانلىرىنى) نەشرگە تەييارلىغاندا شۇ تەرتىپتە جايلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرگىلى بولۇدۇ.

دىۋان سۆزى ئىلگىرى باشقا مەنىلەردە: دۆلەتنىڭ كىرىم - چىقىملىرى يېزىلىدىغان دەپتەر، دۆلەت كىرىم - چىقىم ئىشلىرى — دەپتەرلىرىنىڭ باشلىغى (ۋەزىر) ۋە دۆلەت مەھكىمىسى مەنىلىرىدىمۇ قوللىنىلغان.

**دىراما:** (گىرىكچە. drama — ھەركەت سۆزىدىن) — بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي تۈرلىرىدىن بىرى. دىرامىدا پۈتۈن ھىكايە ياكى ۋەقەلىك تامامەن پېرسوناژلارنىڭ سۆز - ھەركەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. پۈتۈن ھەركەت، مەنزىرە ۋە پېرسوناژلارنى رومان، پوۋېست، ھىكايە ۋە ئوچېرىكلارغا ئوخشاش ئەركىن تەسۋىرلىگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ سەھنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. لىرىك ئەسەرلەردە قەھرىماننىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى، ھىس - تۇيغۇلىرىنى بايان قىلىشقا بولۇدۇ. دىرامىنىڭ ئەسەرلەردە بولسا. ئاپتور دىراما قەھرىمانىنىڭ لىرىك ھىس - تۇيغۇلىرىنى تاماشىبىنلارغا پەقەت ئاشۇ قەھرىماننىڭ كونكىرىت سۆز - ھەركىتى ئارقىلىقلا كۆرسىتىدۇ.

دىراما — تىراگىدىيە، دىراما، كومېدىيە ۋە كىچىك پيئىسسىيە قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ.

**دىراماتۇرگ:** دىراما ئاپتورى ياكى سەھنە ئەسىرى يازغۇچىسى.

**دىراماتۇرگىيە:** يازغۇچىلارنىڭ دىراما شەكلىدە يازغان ئەسەرلىرىنىڭ يىغىندىسى. خەلق ياكى تارىخىي دەۋرگە خاس دىرامالىق ئەسەرلەرمۇ دىراماتۇرگىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر دىراماتۇرگىيىسى. 40 - يىللار دىراماتورگىيىسى، قازاق دىراماتۇرگىيىسى دىگەندەك.

**دۇنياۋى ئەدەبىيات:** دىنىي - مىستىك ئەدەبىياتقا قارشى مەيداندا تۇرۇپ، ھاياتقا مۇھەببەت بىلەن قاراپ، دۇنيا نازۇ - نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا، ياشاشقا چاقىرغۇچى، ئىنسان ۋە ھايات ئىشقىنى كۈيلىگۈچى ئەدەبىيات. بۇ ئەدەبىيات ئېلىمىز ئەدەبىيات تارىخىدا ناھايىتى ئۇزۇن بىر جەريانىنى ئىگەللەيدۇ. چۈي يۈەن زامانىدىن باشلىغاندا، بىر نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي بار. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەڭ گۈللەنگەن دەۋر 10 -، 11 - ئەسىرلەر بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «تۈركى تىللار دىۋانى» ئەسەرلىرى دۇنياۋى ئەدەبىيات مۇنبىرىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا چىققان ئەھمەد يۈگنەكى، ئەلىشىر ناۋائىي، لۇتپى قاتارلىق ئىلغار ئەدەبىيات ئۇستازلىرى ئەدەبىي ھاياتقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بۇ سەنئەت ئۇستازلىرى ياشىغان دەۋر ئەدەبىياتى مۇھىم ھاياتىي مەسىلەرنى تېما قىلىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي - سىياسى، پەلسەپىۋى ۋە ئەخلاقىي - تەلىمى قاراشلىرىنى كۈيلىگەن ئىدى. دۇنياۋىي ئەدەبىياتنىڭ «گۈل ۋە نورۇز»، «خەزائىنول مەئانى»، «خەمسە» قاتارلىق نامايەندىلىرى ھەممىگە مەلۇم.

**رادىف:** شېئىر مىسرالىرىدا قاپىيىدىن كېيىن تەكرارلىنىپ كېلىدىغان بىر خىلدىكى سۆزلەر:

سۆز گۈلشەنىنىڭ بۇلبۇلى گوياسى ناۋايى،
مەنە سەدەپنىڭ دۇرى يەكتاسى ناۋايى.

رادىف خۇددى قاپىيىگە ئوخشاش مىسرالاردىكى سۆزلەرنىڭ ئاھاڭدارلىقى ۋە ئىستىتىك تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇ قاپىيەدىن كېيىن تەكرارلىنىپ كېلىدىغان بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت بولۇدۇ:

خىرامىڭ چاغى يولداش ئۆلسام ئەردى
سۆكۈنات ۋاقتى قولداش ئۆلسام ئەردى ①

(ناۋايى)

بۇ مىسرالاردا ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەر رادىفتۇر.

**رېئالىزم:** (لاتىنچە. Realis ۋاقىئى نەرسىلەر سۆزىدىن) — ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى ئاساسىي مېتوتلاردىن بىرى. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىككى ئاساسىي ئىجادىي مىتودى بار: بىرى، رېئالىزم؛ يەنە بىرى رومانتىزم. ۋ. گ. بېلىنسكى «رۇس پوۋېستلىرى ۋە گوگول پوۋېستلىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا رومانتىزم ۋە رېئالىزم ئىجادىي مىتودلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، شېئىرىيەتنى «غايىۋى ۋە رېئالىستىك شېئىرىيەت» كە ئاجراتقان ئىدى.

رېئالىزمنىڭ باش پرىنسىپى تۇرمۇشنى راستچىللىق بىلەن تەسۋىرلەش، ھايات ھەقىقىتىنى توغرا يارىتىشتۇر. «رېئالىزم، — دېگەن ئىدى ف. ئېنگېلس، — تەپسىلاتلارنىڭ توغرا بولۇشىدىن سىرت تىپىك خاراكتىرلارنى تىپىك شارائىتلاردا ھەققانىي تەسۋىرلەشنى كۆزدە تۇتىدۇ». دېمەك، تىپىكلىك رېئالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ نېگىزىدۇر. تىپىك خاراكتىرلارنى تىپىك شارائىتتا تەسۋىرلەش ھايات ھەقىقىتى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى توغرىراق ۋە يارقىنراق يارىتىش ۋە مۇجەسسەملەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئوبرازلار تىپىكلەشتۈرلمىسە، ئەسەر مۇكەممەل رېئالىستىك ئەسەر دەرىجىسىگە كۆتىرىلەلمەيدۇ. ف. ئېنگېلس م. گىراكنېسنىڭ «شەھەر قىزى» ھىكايىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتورغا يازغان خېتىدە ھىكايىنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭدا پۈرولېتار قىزنىڭ خاراكتىرى تىپىك شارائىتتا كۆرسىتىپ بېرىلمىگىنىنى، ئىشچى قىزنىڭ خاراكتىرى پۈرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي كۈرىشى يالقۇنلىرىدا تاۋلانمىغانلىقىنى، پۈرولېتارىيات پاسسىپ ئامما سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەنلىكىنى تەنقىتلەپ، شۇ سەۋەپتىن ئەسەر يېتەرلىك دەرىجىدە رېئالىستىك بولۇپ چىقمىغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

رېئالىست سەنئەتكار ھاياتنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە خاراكتىرلىك ۋەقە - ھادىسىلىرىنى تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىدۇ ۋە ھايات پاكىتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن توپلايدۇ، ئۇلارنى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان تىپىك ئوبرازلارنى يارىتىدۇ. رېئالىزم ھاياتنى نۇسخىكەشلەرچە تەسۋىرلەيدىغان ناتۇرالىزمدىن پەرق قىلىدۇلا ئەمەس، بەلكى ناتۇرالىزمغا تامامەن قارىمۇ - قارشىدۇر.

**رىسالە:** (ئەرەپچە، كىتاپچە، مەكتۇپ)، — بۇنداق كىتاپچە (بىراشيۇرا) لار تىماتېكا جە-

① «شىرىننىڭ پەرھاتقا خېتى» دىن.

ھەتتىن خىلمۇ-خىل بولۇشى مۇمكىن. قەدىمقى كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى رىسالە دىگەن سۆز بىلەن قوشۇلۇپ نەشر قىلىنغان. مەسىلەن: ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «رىسالەئى مۇفرىدات» دىگەن كىتاۋى. فارابىنىڭمۇ بىر قانچە ئەسەرلىرى رىسالە نامىدا ئاتالغان.

**رىتىم:** (گىرىكچە. rhythmos — ۋەزىنداش، ئاھاڭداش سۆزىدىن) — شېئىرىي نۇتۇقتىكى بىر خىل مىقداردىكى سۆز بۆلەكلىرىنىڭ ئىزچىل ۋە بىر ئۆلچەمدە تەكرارلىنىپ كېلىشى.

بارماق ۋەزىندىكى شېئىردا رىتىم مىسرالاردىكى بوغۇملارنىڭ بىر تەقلىتتە تەكرارلىنىشىدىن، تۇراق، قاپىيە ۋە رادىفلاردىن ھاسىل بولىدۇ.

ئارۇز ۋەزىندىكى شېئىردا رىتىم ئاھاڭدارلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ، ئۇزۇن ۋە قىسقا بوغۇملارنىڭ قانۇنىيەتلىك تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭدا ئوچۇق ۋە يېپىق بوغۇملارنىڭ ماسلىشىشى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

مۇنبەر ئەدەبىياتى دەپ ئاتىلىدىغان ئەركىن (چاچما) شېئىردا، ھەر بىر قۇردىكى سۆزلەرنىڭ مەزمۇنغا مۇۋاپىق ئىنتۇناتسىيە بىلەن ئېيتىلىشىدىن رىتىم — ئاھاڭ پەيدا بولىدۇ. شېئىرنىڭ غايىۋى يۆنىلىشىگە قاراپ، سۆزلىشىش ئاھاڭىدىن، لىرىك ۋە دىراماتىك ئاھاڭدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىدۇ. چېكىت، پەش قاتارلىق تىنىش بەلگىلىرىگە قاراپ ئاز-تولا توختاپ ئوقۇلىدۇ. يەنى، لىرىك تىنىش-پائۇزىلارغا ئېتىۋار بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر سۆز چوڭقۇر مەنا ۋە جەلىپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن «سولغا مارش» (ماياكوۋسكى)، «سالام، تارىمدىن» (م. سادىقوۋ) شېئىرلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈش كۇپايە.

**رىتورىكا:** (گىرىكچە. rhetor — نۇتۇق سۆزىدىن) ئۆتمۈشتە نۇتۇق سۆزلەش سەنئىتى توغرىسىدىكى مەخسۇس پەن «رىتورىكا» (ئىلمىي كالام) دەپ ئاتالغان. ئۆز زامانىسىنىڭ ناتىقلىرى ۋە خاتىپلىرى (خۇتبە ئوقۇغۇچىلىرى) شۇ ئىلىم ۋە تەجرىبە تۇپەيلىدىن چىرايلىق ۋە تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلەش سەنئىتىگە ئىگە بولغان.

بىزنىڭ زامانىمىزدا مۇنداق خۇتبە ناتىقلىرى ئەمەس، بەلكى خەلقنى تەربىيىلەيدىغان ناتىقلار قەدىرلىنىدۇ. بۇ ئۇقۇم كۆچمە مەنىدە رىتورىك نۇتۇق دەپ ئاتىلىدۇ. شېئىرى نۇتۇقلاردا «رىتورىك مۇراجىئەت» (خىتاپ) ۋە «رىتورىك سوئال» دەپ قوللىنىلىدۇ.

**رىتورىك مۇراجىئەت:** بىر سۆزلىگەندە ياكى ماقالا-ئەسەر يازغاندا چوقۇم بىر ئوبيېكتىمىز بولىدۇ. ئاڭلىغۇچى بىلەن كىتاپخان سۆز ياكى ئەسىرىمىزنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. شۇڭا، سۆزىمىز ئاڭلىغۇچىغا، ماقالا-ئەسىرىمىز كىتاپخانغا قارىتىلغان بولىدۇ. ئاپتور ياكى ناتىق ناھايىتى ھاياجانلانغانلىغى ئۈچۈن، ئاڭلىغۇچى ياكى كىتاپخاندىن ئىبارەت ئوبيېكتى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىۋاستە ھالدا ئۆز ئەسىرىدىكى پېرسوناژ ياكى نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدۇ ياكى ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ئىستىلىستىكىدا «رىتورىك مۇراجىئەت» دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

«يىللار، مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاھلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرۈمەن ئۆلۈمنى.
قېرىتمەن دەپ، ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى!»

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاپ» دېگەن بۇ شېئىرىدىكى مىسرالاردا شائىر كىتاپخانلارغا ئەمەس، يىللارغا خىتاپ قىلىۋاتىدۇ.

- رىتورىك مۇراجىئەت ئادەمگە خىتاپ ۋە نەرسىلەرگە خىتاپ دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ.


**رىتورىك سوئال:** ئىستىلىستىك ئۇسۇللاردىن بىرى بولۇپ، پوئېتىك نۇتۇقتا ئىپادىلەنگەن پىكىرنى سوراق شەكلىدە تەستىقلاشتىن ئىبارەت. رىتورىك سوئال ئىنتونات سىيىنى كۈچەيتكۈچى ۋاستە بولۇپمۇ خىزمەت قىلىدۇ:

«سېنىڭ جانىڭ، مېنىڭ جانىم
بىر جان ئەمەسمۇ؟
سېنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭ جانىم
قۇربان ئەمەسمۇ»

(«ئۇيغۇر خەلق قوشىقى»)

بۇنىڭدا ھەم سوئال، ھەم جاۋاپ بار بولۇپ، ئاڭلىغۇچىنى چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە قىلىدۇ. ئاپتورنىڭ ئوي - پىكرىنى كۈچەيتىدۇ، مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ۋە قەتئىيلەشتۈرىدۇ. ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر ئىچكى ماھىيەت ئېچىلىدۇ.


تۈزگۈچى: مەھمۇت زەيدى.



**تۆنجى قار**

سۈرەتنى غەيرەت ئۇسمان تارتقان.

AltunOq




# تارىم

塔里木（维吾尔文，文学月刊）

TARIM (in Uiqhur A monthly Literature jornal)

1985 - يىل 2 - سان (288 - سان)، 28 - يىل نەشرى

تۈزگۈچى: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى (تېلېفون نومۇرى: 24784)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارى-
لىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو نەشرىيات ئاشقى سودا باش شىركىتى
(بېيجىڭ 614 - خەت ساندۇقى).

o· p· Box 614, Beijing, China

باسما تاۋاق: 10، ژۇرنال نومۇرى: 66 — 58، باھاسى: 0.50 يۈەن.

فىرمىلىك ژۇرنال نومۇرى: 6 [illegible]

定价：0.50元